قەييۇم تۇردى

# بوغدائاتا

(پوۋېستلار)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



قەييۇم تۇردى

# بوغدائاتا

(پوۋېستلار)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

1987 - يىل

مەسئۇل مۇھەررىرى: سىيت زۇنۇن

## مۇندەرىجە


بوغدا ئاتا (بىئوگرافىك پوۋېست) ........................ 1

1. ناخشىچى يىگىت ........................ 1

2. زېرەك قىز ........................ 10

3. «ئامبالدىن چاكا» ........................ 17

4. يولدا ........................ 25

5. «ئاھ، ھۆسەينەم!» ........................ 32

6. جىمجىت جۇڭغارىيە ........................ 43

7. ھىجران ........................ 49

8. ئاق ئىس ........................ 63

9. كېيىك باشلىغان يول ........................ 72

10. «بۇ، مەن» ........................ 80

11. يىللار ۋە ئادەملەر ........................ 88

12. «ئەسسالام، سېلىم بوۋا!..» ........................ 98

13. كۈن تۇغدى ........................ 11

14. خاتىمە ........................ 120

ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى ........................ 123

1. «ئالۋاستى» غا چاقچاق ........................ 123


2. قىمارۋازلىقتىن مەزىنلىككە ........................ 127

3. تەقدىر ........................ 135

4. غەلىتە ھەمراھ ........................ 142

5. جەڭگاھنىڭ ئىگىسى ............ 149
6. غەشلىك ۋە ئۈمىد ............ 158
7. «روزى ئاكا، سەن...» ............ 167
8. غەلىبىدىن كېيىنكى پالاكەت ............ 174
9. ئادەم ئۆزگەرسە ............ 184
10. قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ............ 193
11. «ئالۋاستى ئويۇنى» ھەققىدە بايان ............ 208
12. ئاقارغان چاچنىڭ سىرى ............ 218
ئاسماندىكى ھېكايە ............ 228
1. ئۇلار يۇرتىغا كېتىۋاتىدۇ ............ 228
2. يېڭىلىشىش ............ 235
3. بىز ئۇچۇۋاتىمىز ............ 242
4. ھېكايە مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ ............ 249
5. ئادەم ............ 260
6. ئايدىڭ كېچىدىكى شېرىن پاراڭ ............ 266
7. سېرىق شامال ............ 277
8. «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم» ............ 291
9. جاراھەت ............ 301
10. ھېكايىنىڭ ئاخىرى ............ 313
11. تىك قامەت ............ 322
12. خاتىمە ............ 333

# بوغدا ئاتا



## 1. ئاخشىمچى يىگىت

كۆپتەك سىمىز، توم بىلەكلىك ئالقان ئوت چاچرىتىپ «چاك» قىلىپ تەستىكىگە ئۇرۇلغاندا، بىر تىرە، بىر سۆڭەك، كۆزلىرى ئاچچىقتىن پارقىراپ كەتكەن ئون بەش ياشلىق كۆدەك تال چىۋىقتەك تولغىنىپ ئوگدىسىغا ئۆچۈپ چۈشتى.

— غوجام، رەھىم قىلسىلا، يېتىم بالا ئەمەسمۇ...

چوڭ بىر نېمە» دېگەنتى، بېشىنى شۇنىڭغا ئۇزگەن...

— ھۆسەينەم بىستاپ بولۇپ قاپتىمۇ؟ ئۇ ھازىر نەدە؟...

— مال قوتۇندىن تونۇكۇن قايتىپ كەلگەن، ھازىر جۇۋازخانىدا ياتىدۇ.

ھۆسەينەمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، سەمەر-ئاخۇن ئالدىراپ جۇۋازخانا تەرەپكە ماڭدى...

1880 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، تۆمەن دەر-ياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قىرغىن ئاپىتىدەك يامراپ تار-قالغان، «قەشقەر تەزكىرىسى» دە ئېنىق خاتىرىلەنگەن، شۇ قېتىمقى ئاپەت تۈپەيلىدىن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قەۋم - قېرىنداش، ئەر - خوتۇن، ئانا - باللار بىر - بىرىدىن ۋاقىتسىز جۇدا بولدى. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئەجەل سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ قالغان سېلىم تىغىدەك جېنى بىلەن ئۇزاق بىر مەزگىل كىشىلەر ئىشىكىدە بويۇن قىسىپ سەرگەردان بولۇپ يۈردى. 14 — 15 ياشلارغا كىرگەندە تەقدىر ئۇنى ئاتۇش تېغىنىڭ شىمالىدىن تۆمەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى مۇچ يېزىسىغا ئەپكېلىپ يېزا ئاقساقىلى — خوجا يۈزبېشىنىڭ ھوجرىسىغا تاشلىدى.

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئۇنى سەمەر ئاخۇن، ھۆسەينەم-لەر بىرىنچى بولۇپ ئۆز قوينىغا ئالدى.

سېلىم رەڭگى - روھى تۇزۇك، ئىشچان، زېرەك بالا ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئۇنىڭ چاقچۇق، ساپايى، نەي، راۋاب چالالايدىغانلىقى، ناخشا ئېيتىشقا زوقمەن

— يېتىم بالا!... «يېتىمنىڭ قارنى يەتتە» دېگىنى
شۇكەن - دە! مەن ئۇنىڭ باغدىن بىر تال بېھى ئۈز-
گىنىنى كۆردۈم.
— شۇنداق، بالىلىق قىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا ئېيتاي،
باغقا كىرمىسۇن.
— باغقا يەنە پۇت تىقىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بوي-
نىنى ئۈزۈۋېتىمەن!
— ئۇ بەڭباش ئەمەس، گەپ ئاڭلايدۇ، نەسىھەت
قىلاي...
— ھە، ئېيتە، ئۇنىڭغا راۋابنى كىم ئېلىپ بەردى؟
— بىز يېتىمچىلار پۇل يىغىش قىلىپ ئېلىپ
بەرگەن...
— ھىم... راۋاب چالىمەن، دەپ ئىشنى ئوبدان
قىلمىسا، مەن ئۇنىڭغا كۆرسىتىمەن! سەمەر، سەنمۇ قۇ-
لىقىڭنىڭ تۈپىسىنى چىقىرىۋېتىپ ئاڭلا، مېنىڭ ئۆيۈم
يېتىم - يېتىمەكلەر ئۈچۈن خانىقانىڭ داش قازىنى
ئەمەس جۈمۇ!... ماڭ، كۆزۈمدىن يوقىلىش!
سەمەر ئاخۇن يېزا ئاقساقىلى — خوجا يۈز بېشىغا
بېشىنى ئېگىپ تازىم قىلدى. ئاندىن ئۇڭ مەڭزىدە بەش
بارماقنىڭ ئىزى بۇرتۇپ چىققان سېلىمنىڭ قولىدىن يې-
تىلەپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.
— بېھىنى ئۈزگەنمىدىڭ؟ — سورىدى سەمەر ئاخۇن.
— ئۈزگەن، — دېدى سېلىم بېشىنى تۆۋەن
سېلىپ، — ھەۋەسىنەم ئاكام ئىككى كۈن بولدى ھېچنېمە
يېمىدى. كۆڭلۈڭ نېمە تارتىدۇ دېسەم، «ئاچچىق - چۈ-

مالغا ئوت - چۆپ تاشلاۋاتقان، جادۇدا بىدە توغراۋاتقان چاكار يىگىتلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ياتىسىرىسىماي، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان گەپ - سۆز، چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلۈشەتتى. بالىلارنى ئەركىلىتىپ ئوينايتتى، بالىلارمۇ ئۇنىڭدىن قاچمايتتى.

ئىشلەمچىلەر بۇ قىزنى ياقتۇرۇپ ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنى «ئاي خېنىم»، «ئاي قىز» دەپ ئاتىشاتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى ئەسلىدە قويۇلغىنى بويىچە، «ئايكۆل» دەپ ئاتاشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئايكۆل كىچىك قورۇغا كىرىپ ئىشلەمچى يىگىتلەر بىلەن ئارىلاشقان چاغلاردا، بىر ئامال قىلىپ كۆپىنچە سېلىم ئىشلەۋاتقان يەرگە كېلەتتى. ئىشىغا زەڭ قوياتتى، لېكىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىمايتتى، گەپمۇ قىلمايتتى، سېلىم ئېغىز ئېچىپ قالسا، قىز ئاغزىنى پەنجىسىنىڭ كەينى بىلەن يېپىپ، پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ ئىتتىك كېتىپ قالاتتى.

ئەمما، سېلىم كەچقۇرۇنلىرى خاماندا، قوغۇنلۇقنىڭ ساتمىسىدا ياكى سۇ تۇتۇۋېتىپ، ئېرىق بېشىدا راۋاب چېلىپ، مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتسا، ئايكۆل ھەمىشە تال بىدىشلىك شىپاڭنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، ياكى پۈتىغا كېپەك قويۇپ باغنىڭ شورىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ قانمايتتى، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ ھەسرەت چېكەتتى.

قىزنىڭ بۇ ھالىتىنى پەقەت چوڭ قورۇدىكى خىز-

ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ ھال يۈز بېشى ئائىلىسىدىكى چاكار يىللىقچىلارنى بەكمۇ خۇش قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار سىلىمنىڭ خۇش ناۋا ناخشىسىغا خۇشتار بولۇپ، ئۆزئارا پۇل يىغىش قىلىپ ئۇنىڭغا بىر ئاددىي راۋاب ئېلىپ بەرگەن ئىدى. سىلىم كۈندۈزى چاكار ئاكىلىرى بىلەن ئىشلىسە، كەچقۇرۇنلىرى راۋابنى قولىغا ئېلىپ دىلكەش ناخشىسى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى.

بولۇپمۇ يىللىقچى ھۆسەيىنەم سىلىمغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. بەش - ئالتە ياش پەرقلەنسەكمۇ يېتىمچىلىك تەقدىرىمىز ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەن دەپ، سىلىمغا قېرىنداشتەك ئىچكۆيەرلىك قىلاتتى. سىلىممۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايتتى.

يېزا ئاقساقىلىنىڭ بىر تال بېھى ئۈچۈن قىلغان قوپال ھاقارىتى سىلىمنى سەگەكلەشتۈردى، بەش - ئالتە يىلغىچە ئاقساقالنىڭ مېۋىلىك بېغىغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى. بۇ چاغدا ئۇ، ماھىر راۋابچى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان شوخ راۋابى، دىلنى سۆيۈندۈرىدىغان يېقىملىق ناخشىسى پاتلا پۈتۈن يېزىدا شۆھرەت تاپتى.

بۇنىڭدىن پەقەت يېزا ئاقساقىلىلا نارازى ئىدى.


يېزا ئاقساقىلىنىڭ رېسىدە بولۇپ قالغان بىر يالغۇز قىزى بار ئىدى. قىز گۈزەل ۋە كەمتەر بولۇپ، دادىسى ئۆيدە بولمىغان چاغلاردا چوڭ قورۇدىن ئاستاغىنا چىقىپ، كىچىك قورۇدىكى يىللىقچى - چاكارلارنىڭ ھۇجرىلىرىغا، جۇۋازخانىغا كىرىپ ياكى قوتان، ئاتخانىدا

مەتكار ئاياللارلا سېزەتتى. لېكىن ھېچكىمگە تىنمايتتى.

سېلىم بىلەن ئايگۈل شۇ يوسۇندا يېقىنلىشىپ، ئەقىدە قىلىپ، بىر - بىرىگە مۇھەببەت قويۇشتى. كۆڭۈللىرى تونۇشماس بولۇۋېلىپ، كېچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆلخان بولۇپ يانغان ئىشق - مۇھەببىتىگە كۆپىنچە ئاسماندا ئاي، زېمىندا خۇش پۇراقلىق خىلۋەت جىگدىلىك گۇۋاھ بولاتتى...

باي قىز بىلەن چاكار يىگىتنىڭ «ئاشىق - مەشۇق» بولۇشقىنىغا سېلىمنىڭ يىللىقچى ئاكىلىرى، بىر تەرەپتىن زوقلىنىپ، ئاپىرىن - تەھسىن ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۈرەكلىرى تىترەپ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىشاتتى.

بولۇپمۇ سەمەر ئاخۇن بىلەن ھۆسەينەم تولا بىئارام بولۇپ، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، يېزا ئاقساقىلى ئەزەلدىن ئەركىن سۆيگۈ مۇھەببەتنى ياقتۇرمايدىغان، ئەكسىچە ئۇنى چەيلەپ خازان قىلىش بىلەن ئەھلى - شەرىئەتنىڭ ھىمايىتىگە ئېرىشكەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق قىزىنى يېتىمەك چاكار يىگىت سېلىمگە بېرىشكە ئۇلارنىڭ ئەسلا كۆزى يەتمەيتتى. شۇڭا بۇ «مۇھەببەت سەۋداسى» نىڭ ھامان قورقۇنچلۇق بىر پاجىئەگە ھامىلدار ئىكەنلىكىنى نېمە قىلغان بىلەنمۇ قىزدىن سېلىمنىڭ رايىنى قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ قانداق قىلىشلىرىنى بىلمەي ئازابلىناتتى.



ئاخۇن ئويچانلىق بىلەن كىچىككىنە كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ،— مەن بىر نەرسىنى سوراي، سەن بۇ باينىڭ خېنىم قىزىغا راستىنلا چىنپۇتەمسەن؟

— چىنپۇتەمسەن... ئۇ مېنى ئالدىمايدۇ...

سەمەر ئاخۇن بىلەن ھۆسەيىنەم ئازراق ئويلىنىپ تۇرۇشتى، كېيىن ھۆسەيىنەم ئېغىز ئاچتى:

— سەن ئەمدى قانداق قىلماقچى؟...

سىلىم خېلىغىچە گەپ قىلمىدى، كۆزىدە ياش ئەگىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى:

— بىلمەيمەن... بىز ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيالىق بو-لۇپ ئۆتۈشكە ۋەدىلەشكەن...

— ئۇنداق بولسا،— دېدى ھۆسەيىنەم،— سەن راست-تىنلا ئايگۈلگە ئىشەنسەڭ مەن سەمەر ئاكام بىلەن مەس-لىھەتىمىزنى پىشۇرۇپ قويدۇق. سىلەر قېچىڭلار...

—قېچىڭلار؟!...—سىلىمنىڭ كۆزىدە تەئەججۇپسىمان بىر خىل جۇرئەت ئىپادىسى جىلۋە قىلاتتى،— قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلەرمىزمۇ؟...

— ئوتنىڭ تېشىدا كۆيلىگەندىن ئىچىدە كۆيگەن تۈزۈك، — دېدى سەمەر ئاخۇن مەسلىھەت بېرىپ،— بۇ زاماندا كىم مۇرادىغا يەتكەن!... سىلەرنىڭ ئىچپدش تارتىشقىنىڭلار ھامان ئاشكارا بولماي قالمايدۇ، ئاشكارا بولسىلا سىلەرگە ئۇۋال بولىدۇ، بەگ بىلەن ئاقساقال سىلەرنى تىرىك يېۋېتىشتىن يانمايدۇ، بۇنى مېنىڭ يۇ-رىكىم سېزىپ تۇرىدۇ، ئىلاج يوق، قېچىڭلار. ئاللا ئۆزى ئاسانلىق بەرسۇن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئايگۈلنى يۇرت بېگىگە كىچىك خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى.

يېزا ئاقساقىلى بىر ناھىيىنىڭ يېرىمىغا دېگۈدەك ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان 50 ياشلىق بەگنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە كېلىدىغان ئابروي، ئىمتىيازدىن جاۋغايلىرى كېرىلىپ، ئەل - يۇرتنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغۇدەك چوڭ توي ئۆتكۈزۈش تەييارلىقىغا كىرىشتى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ، ئايگۈلنى تالاتۈزگە چىقىشتىن چەكلىدى.

سېلىم بىلەن ئايگۈل ھىجران قايغۇسىغا پېتىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قېلىشتى.

سېلىمنىڭ ئىشلەمچى ئاكىلىرى ئۇنىڭ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، ئەلەملىك جۇدالىق زارىنى چېكىۋاتقانلىقىنى ئاچچىق ھاياجاندا سېزىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارغا نىجاتلىق يولى ئىزدىشەتتى.

ئەتە توي بولىدۇ دېگەن كۈنى كەچتە، سەمەرئاخۇن بىلەن ھۆسەينەم سېلىمنىڭ جىمجىتلىققا چۆككەن غېرىب ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى:

— ئوكام سېلىم،— دېدى ھۆسەينەم ئېغىر تىنىپ،— راست گېپىڭنى دە، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلارنىڭ بېغىشى چىڭمۇ؟

— ماڭا بۇ ئالەم ئەمدى ھارام،— دېدى سېلىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

— ئالدىرىما، دەڭسەپ گەپ قىل،— دېدى سەمەر-

مەقسەتلىرىگە يېتىسىلەر» دەپ مەسلىھەت بەرگەن ئىدى.

سېلىم بىلەن ئايگۈل مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندە، دولان يېزىلىرىدا قىزىق ئورما باشلانغان ئىدى. مەكتەپنىڭ كوچا - رەستىلىرى شاۋقۇنسىز، جىمجىت بولسىمۇ، لېكىن بازارنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان مەدىكار بازىرى تازىمۇ چاپ - چاپ بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەممە يەردە ئورغاق كۆتۈرۈۋالغان ئورمىچى مەدىكارلار بىلەن بۇغدىيىنى يىغىۋېلىشقا ئالدىرىغان بايلار، يەر ئىگىلىرى قىزىق سودىلىشىپ توختام تۈزۈۋاتاتتى.

سېلىم ئاز - تولا ئىش تېپىش مەقسىتىدە مەدىكار بازىرىنى ئايلاندى. مەدىكار بازىرىنىڭ چەكىدىكى سېلىمنى نەغمەم ھاجى دېگەن بايغا سايە قىلدى. نەغمەم ھاجى بويىنى ئۇزۇن، ئېگىز قارا ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۆچى تولۇپ تۇرغان سېلىمغا ۋە ئۇنىڭ كەينىدە تارتىنىپ تۇرغان ئايگۈلگە نېرى - بېرى كۆز يۈگۈرتتى - دە، ئۇلارنى يەنە بەش مەدىكار بىلەن قوشۇپ، ئۆزىنىڭ سەھرادىكى قورۇ جايىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

سېلىم بۇ يەردە بىر ئاي كۆچەپ ئورما ئوروپ، ئاز - تولا پۇل غەملىۋېلىشنى، ئاندىن قائىدە بويىچە بىر ئىمامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، تۆت ئادەمنى گۇۋاھ قىلىپ، ئايگۈل بىلەن بولغان نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇتۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى.

بىراق، ئايگۈل بۇ يەرگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنىلا قارىغا ئېلىنغان كېيىكتەك بىردىنلا چۆچۈپ بىئارام بولۇشقا باشلىدى.

ئالەمنىڭ ئېتىكى كەڭرى، بىر بۇردا نان ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ، بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتسە بەلكىم بەگمۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئاقساقالنىڭ ئاچچىقىمۇ پەسكويىغا چۈشىدۇ، شۇ چاغدا، نېسىپ بولسا، ئاكا-ئۇكىلار يەنە جەم بولىمىز...

شۇنداق قىلىپ، سېلىم بىلەن ئايگۈل قاچىدىغان بولدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئەل-جاھان ئېغىر ئۇيقۇغا چۆككەندە، شەپە چىقارماي يۇرتتىن چىقىپ كەتتى.

ھۆسەينەم سەمەر ئاخۇننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، چاكار-يىللىقچىلار يوللۇق تۇتقان بىر يېرىم بىسلىق خەنجەر ۋە ئاز-تولا كۆمۈش-مىس پۇللارنى سېلىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئۇلارنى تۈمەن دەرياسى بويىغىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى...

## 2. زېرەك قىز

سېلىم بىلەن ئايگۈل تۈمەن دەرياسى قىرغىقىدا قەشقەرنىڭ تاڭ سەھەرىنى كۈتۈۋېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر شەھىرىگە كىرمىدى. چەت-ياقا يۇرت، خىل-ۋەت سەھرالىرىنى كېزىپ، يېڭىسار، يەكەن شەھەرلىرى-دىن يانداپ ئۆتۈپ، بىر ئاي بولاي دېگەندە قەدىمكى دولانغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار يولغا چىقىش ئالدىدا سەمەر ئاخۇن: «دولان بەلەن، باي يەر، خەلقىرى مېھمان-دوست، چىقىشقاق، ئاق كۆڭۈل، قولى ئىشلىق ئادەملەر ئاسانلا سىڭىشىپ كېتىدۇ، شۇ يەرگە بېرىڭلار، مۇراد-

ھەردەم يېراقتىكى ئورمىلىققا يالغۇز ئورما ئورۇشقا ئەۋەتىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى.

سېلىم بولسا، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ جىقراق ئىش-لەپ، كۆپرەك پۇل تەملىۋېلىشىنىڭ كويىغا چۈشكەچكە، ھېچنېمىنى سەزمەيتتى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە، نەغەم ھاجى ئورغاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئورمىلىققا ماڭغان سېلىم بىلەن ئايگۈلنى توختىتىۋالدى:

— ماۋۇ خان بالا ئېتىزغا بېرىپ ئورما ئورەم-سۇن، — دېدى ئۇ، سېلىمغا ئايگۈلنى كۆرسىتىپ، — ئۆي-دە ئاش - تاماققا قاراشسۇن، سەن بېرىۋەرگىن...

— ياق، — دېدى ئايگۈل كېسىپلا، — كۆتۈرە ئىش بولغاندىكىن، ئىككىمىز تەڭ ئورۇپ تۈگىتىمىز.

— سىلەرنى قانداق ئىشقا سېلىش مېنىڭ ئىشىم، — دېدى، نەغەم ھاجى ۋە سېلىمغا قاراپ قويدى، — پۇ-لۇڭلار ئۆلمەيدۇ، ئىككى كىشىلىك ھەق ئالىسەن. خان قىزنىمۇ ئوبدان رازى قىلىمەن. رەھىم كېلىۋاتىدۇ. ئايال كىشىنى قاتتىق ئورمىغا سېلىش ئوغۇل بالىغىمۇ، شەرىئەتكىمۇ مۇناسىپ ئەمەس.

سېلىم نەغەم ھاجىنىڭ ھىممىتىدىن مىننەتدار بولدى. كۆڭلىدە، «دېمىسىمۇ ئايقىزغا تەس بولدى. چې-شىنى چىشلەپ ئىشلىگىنىنى بىلەن قىزىق ئاپتاپتا تازىمۇ قىينىلىۋاتىدۇ، ئۇ ئۆيدە ھەر ھالدا ئىش يېنىك» دەپ ئويلىدى:

— شۇنداق بولسۇن، سەن ئىككى كىشىلىك ھەقنى

نەغەم ھاجى بازارلىق باي بولۇپ، قورۇ ئۆينىڭ يازلىق سەيلىگاھى ئىدى. خوتۇن - باللىرى ئادەتتە ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ ئۆيدە تۇراتتى، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز راسا تۈكمە بولغان مەزگىلدىلا بۇ يەردە بىر - ئىككى ئاي تۇرۇپ سەيلە قىلىپ قايتىشاتتى. ھازىر يازلىق مېۋە - چېۋە چىققان بولسىمۇ، تېخى قوغۇن - تاۋۇز مەزگىلى بولمىغاچقا، قورۇدا ئوتاقچى، يىلقىچى ۋە خىزمەتكار ئاياللاردىن باشقا كىشى يوق ئىدى.

سېلىم بۇ يەرگە كېلىپ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئايگۈل نەغەم ھاجىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە قادىلىپ قالغانلىقىنى سەزدى. باي ھەدىسىلا بىرەر بانا تېپىپ، ئايگۈلنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ نېرى كەتمەيتتى. قاپقارا كوسا بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئەتەي سېلىم بىلەن ئايگۈل ئورما ئورۇۋاتقان ئېتىزغا كېلىپ يۇمشاق - سىپايە گەپلەرنى دەيتتى، سېلىمنى ئۇچۇرۇپ، «يارايسەن، يىگىت. مۇشۇنداق ئورما ئورىدىغان بولساڭ، سېنىڭ ئىش ھەققىڭ جەزمەن ئىككى كىشىلىك بولىدۇ، قاتتىق ئىشلە، جىق پۇل تاپ» دەپ ماختايتتى. كېيىن بىردىنلا سېخى بولۇپ كەتتى. قوي ئۆلتۈرۈپ، شورپا سېلىپ، پولۇ دەملەپ، ئادەتتە مەدىكارلار بەھرىمەن بولالمايدىغان ياخشى تائاملار بىلەن ئورمىچىلارنى مېھمان قىلىشقا كىرىشتى. كېيىن، ئايگۈل ئۇنىڭ بىر ئامال قىلىپ سېلىمنى ئۆزىدىن چەتلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھەمدە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ بىردەم ھارۋىدا ئەنجە توشۇشقا،

— ئەسلىرىدە بولسۇن، جېنىم، خەقنىڭ قىزىنى ئېلىپ قاچقان ناكەندىنىڭ جايى قاراڭغۇ زىندان بولىدۇ، مەن ئەمدى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ مۇسۇلمانچىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، نەدىن بولسىمۇ قىز - دېرىكىنى ئېلىپ، سىلىنى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر مەن،— دەپ دوق قىلدى ۋە،— ئاخىرقى گەپ، كىيىمىلىرى ئالدىلىرىدا. كىيىمگەنلىرى كەينىلىرىدە تۇرۇپتۇ، باشلىرىغا قونۇۋالغان دۆلەت قۇشىنى ھەيدىۋېتىشتىن نەپايدا... ماڭا شۇ تاپتا نەق جاۋاب كېرەك!— دەپ گۆلەيدى.

ئايگۆل بىر پەس گەپ قىلمىدى، ئۆزىدىنمۇ كۆرە، سىلىمنىڭ بېشىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قورقۇنچلۇق خەۋپتىن يۈرىكى جىغىلدىدى، لېكىن، نەغمە ھاجىنىڭ قىلتاقلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن ئىدى. شۇڭا، ئايگۆل ئاخىر تەمكىنلىك بىلەن:

— بولىدۇ... مەن ئويلىنىپ جاۋاب بېرەي،— دېدى.

«بولىدۇ» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ، نەغمە ھاجىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، جاۋغايلىرى كېرىلىپ كەتتى. شايى يەكتەكنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ، ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ بىر ئىزىدا تۇرالماي قالدى. مېھمانخانىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى داغدام ئېچىۋەتتى - دە، بىر باغلام ئاچقۇچنى ئايگۆلنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— ئالسىلا، جېنىم. بۈگۈندىن باشلاپ ئايگۆل

ئىككى كىشىلىك ئورما ئوروپ ئالىمەن.

سېلىم ئورمىلىقتا كەتكەندىن كېيىن، نەغمە ھاجى ئايگۈلنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ، قىلىق چىقىرىپ ھېجايدى:

— مەن بالدۇرلا بىلىپ بولغان، جېنىم، — دېدى ئۇ، — سىلى جەزمەن بىر يالاڭتۆشنىڭ قىزى ئەمەس. ئورغاقتا زايا بولغان ماشۇق قوللىرى بىر چەتتە تۇرۇپ تۇرسۇن، ھەممە ئېسىلزادىلىك رەڭگى - روھلىرى ۋە نازاكەتلىرىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ، ئادەتلەنمىگەن گادايچە قوپاللىق، بىپەرۋالىق ئۆزلىرىنى ھەرگىز يوشۇرالماپتۇ. قانداق، كۆزۈم بارمىكەن؟ دېسەم - دېمىسەم، قارىغاندا، باشلىرىغا نالايىق سەۋدا چۈشۈپ، ھېلىقى مەدىكار بالىغا ئالدىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئوخشايلا. «دىت باشقا، ھەۋەس باشقا، بۇ يولدا خاتا قىلما» دېگەن غەزەل بار، ئۇ بىر نېمە قانداقمۇ سىلىنىڭ خىللىرى بولالىسۇن... بوپتۇ، تەقدىر دېگەن شۇنداق نېمە، بويسۇنماي ئىلاج يوق. ئەمماكى، پېقىر بىر ئېسىلزادىنىڭ، كېلىشكەن، چىرايلىق قىزنىڭ بىھۇدە تەپرىدىق تارتىشىنى باقتۇرمايمەن. ئاللا دىلىمغا سېلىپ، ئۆزلىرىنى مۇشۇ قورۇ - جايىمغا خان ئاغچا، ئەركە خوجايىن قىلىپ تىكلەشنى ئويلاۋاتىمەن. بۇمۇ تەقدىر... — دېگىلى تۇردى.

ئايگۈل نەغمە ھاجىنىڭ غەرىزىنى پەملىگەن بولسىمۇ بۇ گەپلەرگە كۆرۈنۈشتە پەرۋا قىلمىدى، جاۋابىمۇ بەرمىدى. بىر نەچچە قېتىم قىستاپ جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، كەچقۇرۇن نەغمە ھاجى بىردىنلا تەرىنى تۈرۈپ، تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتتى.

كېتىدىغىنى ئازراق پارە، كۆمۈش تەڭگە، ھۆكۈمەت ئادەملىرى مۇنداق ئىشقا ئۇستا، قولىنى تەگلەپلا تۇرىدۇ.

ئايگۈل ھەقلىق ئىدى. سېلىم ئايگۈلنىڭ رايى بويىچە، بىر ھەپتىلىك ئىش ھەققىدىن ۋاز كەچتى ۋە شۇ كېچىسى يېزىدىن چىقىپ كەتتى.

## 3. «ئامبالدىن جاكا»

سېلىم بىلەن ئايگۈلنىڭ مەنزىلى نائېنىق سەپىرى، سەرگەردانلىق تۇرمۇشى باشلاندى.

دولان يېزىلىرى ئارقىسىدا قەپقالدى، يېپايان توغراقلىق ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالدى، خوش پۇراقلىق ياۋا جىگدىلەر مۇڭداش - سىرداش بولدى. ئىش - ماكان ئىزلەپ يېرىم ئاي يول يۈرۈپ، ئاخىر مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ كونا ئاۋات بەگلىكىدىكى بىر كالتە بازارغا كېلىپ چۈشتى.

بۇ كۈنى ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدىغان بۇ كالتە بازاردا ئادەملەر مىغ - مىغ ئىدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن بازارنى كېسىپ ئۆتۈشمۇ تەس ئىدى. ئۇلار لۆمۈلدىگەن ئادەملەر توپى ئىچىدە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ياغ بازىرىغا بېرىپ قېلىشتى.

سېلىم بۇيەردە ھېلىم ياغچى دېگەن بىر كىشى بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدى.

ھېلىم ياغچى 40 ياشلاردىن ھالقىغان، كوسا ساقال، تەمبەل كىشى بولۇپ، ياغدىن بوشىغان چاۋا - قاپاق-

ئەمەس، ئاي جېنىم بولسۇن ئىسمىلىرى. ئۆزلىرىدىن بېسوراق ھېچكىم بۇ ئۆيلەرگە كىرمىسۇن. مەن شۇ تاپتىلا بازارغا كىرىپ چوڭ ئۆينى يوقلاپ چىقاي... خانقىزغا لايىق ئېسىل سوۋغىلارنى ئېلىپ چىقمىسام ھېساب ئەمەس!

ھېرىپ چارچىغان ئورمىچىلار ئېغىر ئۇيقۇغا چۆككەندە، ئايگۈل سېلىمنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ، ئاستا بىر چەتكە تارتتى:

— سېلىم، نېمىشقا سەزمەيسىز، بۆرىدىن قېچىپ، يولۋاسنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قاپتىمىز. ئەمدى تەخىر قىلىشقا ئورۇن قالمىدى، بولۇڭ، بۇ يەردىن پاتراق كېتىلى، — دېدى ھەممە نەغمە ھاجى بىلەن بولغان ۋەقەنى دەپ بەردى.

سېلىم غەزەپلىنىپ كەتتى:

— تېخى شۇنداقمۇ! مەن بۇ قىزىلكۆزگە دىيانەتلىك كىشى ئىكەن دەپ ئىخلاس قىپتىمەنا! بولدى، ئۇ قايتىپ چىقسا، بۇگۈنلا بىر ھەپتىلىك ئىش ھەققىنى ھېسابلىشىمەن، كېتىمىز بۇ يەردىن!

— بولمايدۇ، قويۇڭ ئۇ پۇلنى! — دېدى ئايگۈل ۋە قەتئىي قىلىپ:

— بىخەستە بولمايلى، سېلىم. ماڭا ئايان، نەغمە ھاجىنىڭ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ چوڭ ئۆينى يوقلايمەن دېگىنى كۆز بوياپچىلىق، يالغان. ئۇنىڭ غەرىزى سىزنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ زىندانغا تاشلىماقچى، ئاۋۋال سىزدىن قۇتۇلماقچى، بۇنىڭ ئۈچۈن نەغمە ھاجىدىن

قالساق، ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ ئۆتەرمىز.

سېلىم ئايكۆلگە قارىۋېلىپ، ماقۇل بولدى. ھېلىم ياغچى ئۇلارنى ھارۋىغا چىقىرىپ يۈز بېشىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

يۈزبېشى نۇرغۇن يەر ـ زېمىنى، كاتتا قورۇ ـ قوتانلىرى ۋە بەش جۈپ نىمكار كېچە ـ كۈندۈز ماڭدۇرىدىغان جۇۋازخانىسى بار باي ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئىلكىدە نەچچە ئەۋلادىدىن تارتىپ بۇ ئائىلىگە باغلىنىپ كېلىۋاتقان كونا چاكارلارمۇ، 25 — 30 ياشلىق يىللىقچىلارمۇ، خىزمەتكار دېدەك ئاياللارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

يۈزبېشى بەستىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت قۇيۇلۇپ تۇرغان سېلىمغا ۋە ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى «مەينەت» ئايالىغا (ئايكۆل بۇچاغدا يۈز ـ كۆزىگە ئانچە ـ مۇنچە قارا ـ قۇرا سۈركەپ، چۇۋۇق چاچلىرىنى كونا ياغلىق بىلەن تېڭىپ، ئۆزىنى كىشىنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان قىياپەتكە كىرگۈزىۋالغان ئىدى) قاراپ، ئېمدىنىدۇر يىرگەنگەندەك تەرىنى تۈرۈپ ئۇزاق پۇشۇلدىدى. سېلىمنىڭ ئېمىگە قولى كېلىدىغانلىقىنى، قانچىلىك ھەق تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى.

سېلىم ھېلىم ياغچىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە:

— ئارتۇق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، قورسىقىم تويىسا، ئۇچام ئۇچۇق قالمىسىلا بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ جاۋاب يۈزبېشىغا ياقتى ـ يۇ، لېكىن:

— مەن نان قېپى خوتۇنلاردىن بىزار، مېنىڭ

لارنى كالا هارۋىسىغا بېسىۋېتىپ، بىردىنلا ئۆزىگە روبىرو
كېلىپ قالغان سېلىمغا كۆزى چۈشتى. سېلىمنىڭ قولىدىـ
كى نەقىشلىك راۋابنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى:

— ئۇكام، بۇ راۋابنى سەن چالامسەن؟

— شۇنداق، ئانچە - مۇنچە... — دېدى سېلىم.

— بەلەن راۋاب ئىكەن، — دېدى ھېلىم ياغچى نەقىشلىك راۋابنى زوقمەنلىك بىلەن قولىغا ئېلىپ، — قانداق ئېسىل نېمە ھە - بۇ؟ مەنمۇ ياش چاغلىرىمدا راۋابنى قولۇمدىن چۈشۈرمەيدىغان، ئۇن يىلچە بولغاندۇ. قولۇمغا ئېلىپ باقمىدىم. شۇنداقتىمۇ، راۋابنى كۆرسەم يۈرىكىم ئوينىپ كېتىدۇ دېگىنە! خوش. يولۇڭلار نەگە؟

— ئىش - پىش ئىزلەپ...، — دېدى سېلىم ۋە راۋابنى قولىغا ئالدى.

ئىش ئىزلەپ دەمسىنا؟ — ھېلىم ياغچى سېلىمنىڭ كۆزىگە قاراپ ئويلىنىپ قالدى. — بۇ كەمدە بۇيەردە ئىش نېمىش قىلىسۇن؟ ئورما تۈگىدى، مەدىكار كاسات. قولۇڭدا يەنە بىرەر ھۈنەر - پۈنىرىڭ بارمىدى؟

— كىچىكىمدە پادا باققان، كېيىن قوش ھەيدىگەن، جۇۋازخانىدىمۇ ئىشلىگەن...

— مۇنداق دېگىن، — ھېلىم ياغچى يەنە سېلىمنىڭ قولىدىكى راۋابقا قاراپ قويدى، — مەنمۇ جۇۋازچى. بىزنىڭ باي مۇشۇ يېزىنىڭ يۈز بېشى بولىدۇ. بۈگۈن كالتە بازارغا كىرگەن ياغنىڭ ئاز كەم يېرىمى شۇنىڭكى، نىمكارنىڭ كېپىنى قىلىشۋاتقان. ماقۇل كۆرمەك، مەن سېنى ئۇنىڭغا سايى قىلاي، كۆڭلۈڭگە يېقىپ

لىقىنى، ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدا ئۇستا راۋابچى، داڭلىق چېلىشچى نامى بارلىقىنى، كېيىنرەك بىر قېتىملىق قىمار سورۇنىغا ئارىلىشىپ قېلىپ، يۈز بېشىغا ئۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان باش كۆتۈرمەي، جۇۋاز ھەيدەۋاتقانلىقىنى، تېخىچە ئۆي - ئوچاقلىق بولالمىغانلىقىنى ئاڭلىدى.

بىركۈنى سېلىم ئىشىنىپ ھېلىم ياغچىغا ئۆز قايغۇسىنى ئېيتتى.

— ماۋۇ گەپنى قايلاڭ! شۇكەمگىچە ئەر - خوتۇن ئەمەسمۇ سىلەر؟ ھېلىم ياغچى ھەيران بولۇپ، جۇۋازنىڭ باچكىسىدىن ئۈتتىك قولىنى تارتىپ، سېلىمغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى، — ئۇكام سەن... ئېيتقىنا، بۇ گېپىڭ راستمۇ - ھە؟...

سېلىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گەپ قىلمىدى.

— توۋا، مۇنداقمۇ ئىش بولىدىكىنا! — ھېلىم ياغچى تېخىچە تەئەججۇپتە ئىدى، — سىلەر راستتىنلا خۇدا دىلىڭلارغا ئىنساپ سالغان بىر جۇپ ئىكەنسىلەر جۇمۇ!.. مەن بۇ جاھاندا قائىدە - يوسۇنغا ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنى سىلەردەك، پاك تۇتقان يەنە بىر جۈپ ئەر - ئايال بار دېسە، ئۆزەمبىللا چىنپۇتمىگەن بولاتتىم! سىلەر قانداقچە؟...

— شۇنداق، بىزنىڭ بېشىمىزنى چېتىپ، نىكاھقا گۇۋاھچى بولىدىغان ئادەم چىقمىدى، بىزمۇ تەخىر قىلىپ ...

— ھىم ... ئەمدى نېمە قىلدۇق بۇ ئىشنى؟

قازىنىم خانىقانىڭ داش قازىنى ئەمەس، مەزۇر بولساڭ، ئۆزۈڭ قىلىپ جۇۋاز ھەيدە، ماۋۇ بىر نىمەڭ نەگە بارسا بارسۇن، خوتۇنۇڭنى كۆزۈمدىن يوقات، ئۆي يوق، — دەپ كاجلىق قىلدى.

ھېلىم ياغچى ئارىغا چۈشۈپ يالۋۇردى.

— ھېچقانچە ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئۆزلىرى ئاڭلىدىلا، — دېدى ئۇ، — مۇساپىر بالىلار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئوبدان راۋاب چالىدىكەن. رەھىم قىلىسىلا، ئاجىزنىڭ بېشىنى سىلاش ساۋاب. ئاغرىمىسىغان بېشىمغا ئالتە تاياق دېگەندەك، ئۈمىد بىلەن ئۆزۈم باشلاپ كەپتىمەن، بىكار ئۆي تېپىلمىسا، ئۆزۈم يېتىۋاتقان ھۇجرىنى ئۇلارغا بوشىتىپ بېرەيلى.

شۇنداق قىلىپ، سېلىم بىلەن ئايگۈل ھېلىم ياغچىنىڭ توخۇ كاتىكىدەك كىچىككىنە ھۇجرىسىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، ھېلىم ياغچى ئازغىنا نەرسىنى ئېلىپ، جۇۋازخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كۆچۈۋالدى.

سېلىمنىڭ جۇۋاز ھەيدەشتىكى پەم - ماھارىتى يۈز-بېشىغا ياقتى، بۇ ئائىلىدىكى چاكار - يىللىقچىلار، ئىمكار يىگىتلەر سېلىمنىڭ ناخشىسى، راۋابىغا خۇشتار بولۇپ قېلىشتى. ئايگۈلمۇ ئىشلەمچى ئاياللار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى.

بىر ئاي ئۆتتى.

سېلىم جۇۋازخانىدا ئىشلەپ يۈرۈپ، ھېلىم ياغچىنىڭ مەرد، تۈز، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن چاكار - يىللىقچىلار بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان-

— سىنىڭ مەكتەپتىن كەلگىنىڭگە كىم گۇۋاھ بولالايدۇ؟
— ئۆزىمىز.
يۈزبېشى سېلىمگە بىر قۇر سەپ سېلىۋالغاندىن كېيىن، «ھىم» دەپ دېمىنى قاقتى - دە، قولىنى شىلتىدى:
— ماڭ، چىقىپ ئىشىڭنى قىل.
سېلىم يۈزبېشىنىڭ يېنىدىن چىقىپ جوۋازخانىغا تەرەپكە ماڭغاندا، يۈزبېشى تامدەك چىلان تورۇق ئاتقا منىپ، قورۇدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.
سېلىم جوۋازخانىغا كىردى ۋە جوۋاز باچكىسىغا يېقىنلىشىۋېتىپ، بىردىن ھەممە جوۋازنىڭ ئىشتىن توختاپ قالغانلىقىنى كۆردى. غەلىتە ئىش، جوۋازچى نىمكارلار بولۇپ يىغىلىشىۋاپتىغۇ؟ ھېلىم ياغچى ئۇلارغا نېمە دەۋاتقاندۇ؟
سېلىم ئۇلارغا قاراپ، باچكىنىڭ ئالدىدا توختاپ قالدى.
— ئۇكام سېلىم، — دېدى ھېلىم ياغچى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئېيتقىنا، بىز ئەنسىرەۋاتىمىز، بايا يۈزبېشى بىلەن نېمە توغرىسىدا گەپ قىلىشتىڭلار؟...
سېلىم يۈز بېشى بىلەن بولغان گەپلەرنى ئەينەن دەپ بەردى.
— مانا دېمىدىمۇ، ئىش كاشال! — دېدى ھېلىم ياغچى تەمتىرەپ، — سەن تېخى ئاڭلىمىغۇدەك بولمىدىڭ. بۈگۈن ئەتىگەن كالىتە بازارنىڭ دوقمۇشىدىكى بوراقا-لاقتا «ئامبالدىن جاكا» دېگەن پەرمان چاپلىنىپتۇ، ئۇنىڭ-

سېلىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېلىم ياغچىغا ئىلتىجا قىلغاندەك تەلمۈرۈپ قارىدى:

— ئاتا بولۇپ بەرسىلە، نىكاھ ئوقۇتۇۋالايلىمىكىن دېگەنتۇق ...

— بۇ زۆرۈر ئىش، — ئىدى ھېلىم ياغچى ياغ تەپچىپ تۇرغان بارماقلىرىنى مايلىق پەشمىتىگە سۈركەپ تۇرۇپ، — راست ئەمەسمۇ، مۇسۇلمان ئادەم نىكاھ قىلدۇرمىسا، خوتۇنى ئۆزىگە قانداقمۇ ھالالجۈپ بولسۇن؟... ئاندىن بۇ ئىشنى شەرىئەت بىلىپ قالسا، تېخىمۇ كاشال. خەير، مەن ئۆزۈم ئىنساپىڭلارغا بارىكاللا دەيمەن، لېكىن نىكاھلانمىغانلىقىڭلارنى يۈزبېشى بىلىپ قالمىسۇن، بۇ ئىشنى ئەتىلا بىر نېمە قىلىمىز ... ئىككى كۈندىن كېيىن، چەت - ياقىدىكى كىچىك مەسچىتنىڭ مەزىنى ئۇلارنىڭ نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇدى، ھېلىم ياغچىنىڭ دىلكەش بۇرادەرلىرى يىغىلىپ، سېلىم بىلەن ئايگۈلنىڭ نىكاھلانغانلىقىنى تەبرىكلەشتى.

بۇ ئىشنى ھېچكىم يۈزبېشىغا خەۋەر قىلمىدى. سېلىم بىلەن ئايگۈلنىڭ كۆڭلى تىنىپ ئىككىنچى كۈنى قوزاچۈش مەھەل بىلەن يۈزبېشى تۇيۇقسىزلا سېلىمنى ئالدىغا چاقىرتىۋالدى:

— راست گەپنى دە! ئىسمىڭ نېمە؟

— سېلىم.

— باشقا ئىسمىڭ يوقمۇ؟

— يوق.

— بىللە ئېلىپ كەلگەن ئايال نېمەڭ؟

— خوتۇنۇم.

چوڭ قورۇنىڭ كەينىدىكى باغنىڭ شورىسىدىن چىقىپ، ئېگىز ئۆسكەن قوناقلار ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

## 4. يولدا!

— قارىغا، سېلىم... قوم بارخانلىرىنى، توغراقلىقىنى، يۇلغۇن چېچەكلىرىنى!... قانداق كەڭرى ئالەم، رەڭمۇ رەڭ ئازادە دۇنيا!... مەن مۇنداق گۈزەللىكنى، رەڭ - تۈسنى ھېچقاچان كۆرمىگەن. بۇ جىمجىت دەشت-باياۋاندىكى ھەممە نەرسە... قارىغا، ئاۋۇ توشقان، بېغىرتاقنى!... ئاپلا... قاچتى!... كۆرۈۋاتامسىز، يۇلغۇن چېچەكلىرىنىڭ ئېغائىلىشىنى!... خۇددى سالام بېرىۋاتقاندەك، بىزگە ئاق يول تىلەۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ ماڭا... بىز شۇ تاپتا قانداق ئەركىن، قانداق بەختلىكمىز - ھە، سېلىم؟

— شۇنداق، شېنىم... مانا بۇنى ئالسىلا، يۇمران يۇلغۇن چېچەكلىرى...

— رەھمەت، سېلىم. زەپمۇ چىرايلىق ھۆپپىدە قىزارغان يۇلغۇن چېچەكلىرى - ھە!... بۇ سىزنىڭ ماڭا يول بويى يۇلغۇن چېچەكلىرىدىن تۈزگەن 14- گۈلدەستىڭىز. ئالاي لېكىن سىز نېمىشقا ۋەدىڭىزدە تۇرمايسىز؟

— مانى كۆرۈڭ، مەن قايسى ۋەدەمدە تۇرماپتىمەن...

— ئىككىمىز «شېنىم» دېگەن سۆزنى يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋېتەيلى دەپ نەچچە قېتىم ۋەدى-

دا بەگنىڭ خوتۇنىنى بۇلاپ قاچقان سېلىم دېگەننى كىمكى تىرىك تۇتۇپ بەرسە، ئۇن سەر ئالتۇن، بار يېرىنى مەلۇم قىلسا، 100 سەر كۈمۈش تەڭگە ئىنئام قىلىنىدۇ، يوشۇرغۇچىلار ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىنىپ، سېلىمنىڭ ئورنىغا زىندانغا تاشلىنىدۇ، دېگەن گەپ بارمىش، بۇنى ھەقاچان سېنىڭ ئىشىڭمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمىز.

سېلىم، ئامبال دېگەن سېلىمنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلدى. ھېلىم ياغچى سورىدى:

— قانداق قىلاي دەيسەن؟

— بىلمەيمەن ...

— بۇ، گەپ ئەمەس، — دېدى ھېلىم ياغچى، — يۈزبېشىدىن شەپقەت تىلەش — ئەركەك شىردىن سۈت تاما قىلغاندەك ئىش. دېمىسەم بۇچاغقا يۈزبېشى سېنى ئاۋات بېگىگە مەلۇم قىلغىلى كەتكەندۇ تايىن. ئۇن سەر ئالتۇن، 100 سەر كۈمۈشنى دېمىگەندىمۇ، ئىككى ئاشىقنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ، ئۆزى زىنداندا يېتىشنى راۋا كۆرىدىغان ئادەم ئەمەس ئۇ!... دەرھال جېنىڭلارنى ياققا ئېلىڭلار، سىلەرنى داغدا قويۇش — بىزگە نومۇس ۋە ئازاب ...

سېلىم بىلەن ئايگۈل بىر پەستىلا تەييارلاندى. خىزمەتكار ئايالار كۆز يېشى قىلىشتى. يىللىقچى - نىمكارلار نەقدانە نەرسىلىرىنى يوللۇق تۇتۇشتى. ئىككى چاكار يىگىت دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، يۈزبېشى كېلىدىغان يولغا كۆز - قۇلاق بولدى، سېلىم بىلەن ئايگۈل

مەندىن يوشۇرىدىغان سىرىڭىزغۇ يوقتۇ؟

— يوق. جېنىممۇ، تېنىممۇ سىلىگە، خېنىم. لېكىن بىر ئىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. يولىمىز تېخى ئۇزۇن، مۇشكۇلىمىز تېخى كۆپ، سىلىنى غېرىب تارتىپ قالارمۇ، مېنى دەپ ئۆيدىن ئايرىلغانغا پۇشايمان يەپ قالارمۇ، دەپ جېنىم سىرقىرايدۇ. نېمىشقا تۇزۇت قىلىلا، مەن دېگەن قاتتىق - يېرىككە پىشقان ئادەممەن، كەلسىلە، ھاپاش قىلىۋالاي... ماڭا ھېچنېمە ئەمەس... تاپانلىرىغا كىرگەن تىكەن كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىغا كىرسە رازىمەن... ماقۇل دېسىلە... شۇتاپتا، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنىڭ قوقاستەك قومغا ھەر قېتىم دەسسىگىنىنى كۆرگىنىمدە... ئۇۋال قىلىپ قويدۇممىكىن دەپ يۈرىكىم پۇچۇلىنىۋاتىدۇ... مېنى خۇش قىلىسىلا، كەلسىلە...

— بولدى، سېلىم. ئۇنداق دېيىشمەيلى. ئۇشۇقچە گەپ... خۇدا، سىزنى ماڭا ئۇچراشتۇرۇپ، مېنى، ئۇ ئالەم، بۇئالەملىك بەختلىك قىلدى. بالاخور بەگنىڭ ئازابى، ئۆمۈرلۈك كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇردى... قېنى، سىز ئويلاپ بېقىڭ، بۇ جاھاندا قايسى بىر قۇش ئۆز ئەركىدىن ۋاز كېچىپ، ئالتۇن قەپەزنى راۋا كۆرگەن؟ ئۇنداق ئىش يوق!... ئىككى خوتۇنى بار 50 نەچچە ياشلىق بەتنىيەت بەگكە خوتۇن بولۇپ ھاقارەتلىنىپ ئۆتكىنىمدىن قارا دوزاخنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولغىنىم مىڭ مەرتىۋە ئەلا ئەمەسمۇ؟... بۇ كۆلپەتتىن سىز قۇتۇلدۇردىڭىز. شۇڭا ئۆزۈمنى تۆمۈر قەپەزدىن قۇتۇلۇپ، يورۇق دۇنياغا چىقىۋالغان ئازاد قۇشتەك ئەركىن ھېس قىلىۋاتىمەن.

لەشكەنتۇققۇ؟

— ئەستا ... ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. خەپ، بۇندىن كېيىن دېمەيمەن.

— يەنە دەپ سالسىڭىزچۇ؟

— ھېچقىسى يوق...

— سىزنى - زە!... بوپتۇ. مەن بىر ئىشقا ھەيرانمەن: بىزنىڭ دىلكەش كىشىلىرىمىز، يارۇ - بۇرادەرلىرىمىز نېمىدېگەن كۆپ - ھە؟ ... سەمەر ئاخۇن ئاكا، ھۆسەينەمنى ئەسلەيمىز، ھېلىقى باغرى تاش يۈزبېشىنىڭ يىللىقچىلىرىچۇ؟ قانداق شەپقەتلىك، ھالال كىشىلەر - ھە؟ ھېلىم ياغچىنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن، بېشىمىزغا پالاكەت بېسىپ كەلگەندە، قانداق پايپېتەك بولۇپ كەتتى، ئەقىل ئىشلەتتى - ھە؟ نېمىشقا بۇنداق ۋاپادارلىق، ئىنساپ ھېلىقى نەغەم ھاجىدا يوق، يۈزبېشىدا يوق - ھە؟...

— ئۇلار دېگەن ئاشۇنداق، خۇدا دىلىغا سالمىسا بىكار ...

— ئۇنداق ئەمەسكەن، سېلىم. ئىشلەمچىلەر ئاق كۆڭۈل، ئەرەزسىز كېلىدىكەن، پۇل - دۇنيانىمۇ ئۇنچىۋالا دوست تۇتۇپ كەتمەيدىكەن.

— توغرا ئېيتتىڭىز، خېنىم...

— سېلىم، سىز شۇتاپتا نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— مەن ... مەن ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم.

— ياق. راست گەپ قىلىڭ. تونۇگۈندىن بېرى ئازگەپ قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىسىزغۇ، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز،

مەھەللە، يېزا - كەنتلەرنى ئارىلىدى، شۇنداق قىلىپ، يېرىم ئاي بولدى دېگەندە، شاۋقۇنلۇق ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى، شەھەرنىڭ سىرتىدىراق بىر تۆگە، دۆڭگە كېلىپ چۈشتى.

سېلىم بىلەن ئايگۈل يۈزبېشىنىڭ ئۆيىدىن خۇپىيانە ئۇزاۋاتقاندا، ھېلىم ياغچى ئۇلارنى دەرقەمتە تۇرغۇزۇپ: «ئامبالنىڭ جاكاسىدىن قارىغاندا، تەگىرتىپىغىنىڭ بۇ تەرىپى، مۇزاتنىڭ ئاستى سىلەرگە تارلىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ. نائېنىق مەنزىلگە قاراپ، مەقسەتسىز مېڭىۋەرگەنمۇ ياخشى ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى مۇز داۋاندىن ھالقىپ ئىلىخوغا چىقىپ كېتىڭلار. ئىلىخونى مەن بىلىمەن، ئۇ باشقا بىر ئىقلىم، قۇچىقى كەڭ، خەلقىرى خۇشچاقچاق، ئىش - پىش تېپىشمۇ ئاسان. بېرىسىپىلا سىڭىپ كېتىسىلەر، مۇز داۋاندىن ئۆتۈپلا كەتسەڭلار، ئامبال بىلەن بەگ سايەڭلەرنىمۇ تاپالمايدۇ...» دەپ مەسلىھەت بەرگەن ئىدى.

سېلىم بىلەن ئايگۈل تۆگە دۆڭىدە ئازراق ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئىلىخوغا بارىدىغان ھەمراھ چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئەتراپنى تىڭشىدى ۋە ئويلىمىغان يەردىن 40 تۆگىلىك بىر كارۋان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تۆگىچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كارۋان خوجايىنىغا يالىنىپ تۆگە يېتىلەپ كېلىۋاتقان، بېشىدىن ئۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بىر كۆرۈشتىلا سېلىمنىڭ نەقىشلىك راۋابىغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىسسىق چاي بېرىشتى.

توختىماي پەرۋاز قىلغىنىڭلا كېلىدۇ، ھېرىپ - چارچاش دېگەننى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ چىقمايدۇ، سىز بىلەن بىللە، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە پىيادە بارساممۇ ھارمايمەن... قېنى، راۋابىڭىزنى بىر چېلىۋېتىڭە...

— كۆزۈمگە ياش كېلىۋاتىدۇ، خېنىم...

— ئۇنداق دېمەڭ، سېلىم، كۈلەيلى، غەزەل ئوقۇيلى، ئۇسسۇل ئوينايلى. مېنىڭ شۇنداق ئۇسسۇل ئوينىغىم كېلىۋاتىدۇكى ...

— ماقۇل، راۋاب چالاي، غەزىلىمۇ مەندىن بولسۇن. سىلى ئۇسسۇل ئوينىسىلا!

ئاينى ئاسماندا دېسەم،
يەردىمۇ ئاي بار ئىكەن.
كۆڭلۈم نېمىشقا توق دېسەم،
يېنىمدا يارىم بار ئىكەن...

ئاشىق بىلەن مەشۇقتۇر،
مەجنۇن تال بىلەن ئۆستەڭ.
ئارمىنىڭ ھاسىل ئەمەسمۇ،
ئۆز يارىڭ بىلەن ئۆتسەڭ...

........

ئۇلار شۇ تەرىقىدە يۈرەك سىرلىرىنى سۆزلىشىپ، ناخشا - غەزەل ئوقۇشۇپ، توشقان قوغلاپ، يولغۇن چېچەكلىرىدىن گۈل دەستىلىرى تىزىشىپ، نۇرغۇن دەشت - باياۋان توغراقلىق جاڭگاللارنى كەزدى. كۆچۈم

مۇن تارتىپ، غەزەل ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئويناشقا بەك ماھىر. ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. ئىشمۇ جىق، پۇل تېپىشمۇ ئاسان. كۆرۈپ بېقىڭلار، كۆڭلۈڭلەر چۈشمىسە، بىز بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قايتساڭلار يەنە ياخشى،— دەپ يول كۆرسەتتى.

ئايگۇل بۇ يىگىتلەرگە بەكمۇ ھەۋەس قىلدى: «توۋا، بۇ جاھاندا قازى - قۇززات بولمىغان، قىز - چوكانلىرى ئۆز ئەركى بىلەن ياشايدىغان مۇشۇنداق يەرلەرمۇ بولىدىكەنا!...»— دەپ چۆچەككە بېرىشقا قىزىقىپ قالدى.

سېلىممۇ چۆچەككە بېرىشقا ماقۇل بولدى.

كارۋان خوجايىنى سېلىمنى ياللاپ تۆگە يېتىلەشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئايال كىشىنى ھەمراھ قىلىپ سەپەر قىلسا كاشىلا چىقىدۇ، دەپ قاراپ، ئايگۇلنى ئۆز كارۋىنى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىشقا ئۇنىمىدى. تۆگىچىلەرنىڭ بولسا سېلىمدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا، تۆگىچىلەر مەسلىھەتلىشىپ، ئايگۇلنىڭ بېشىغا تۇماق، ئۇستىگە مەللە رەڭ ئۇزۇن چەكمەن چاپان كىيدۈرۈپ، بېلىگە پىچاق قىستۇرۇپ، ئۇنى ئەرچە ياساپ قويدى:

— مانا ئەمدى كېلىشكەن يىگىت بولدى. يول بويى راۋاب چېلىپ بەرسەڭلەرمۇ، غەزەل ئوقۇپ بەرسەڭلەرمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدا ئايال كىشى يوق،— دېيىشتى ئۇلار.

كارۋان خوجايىنى خالىسىمۇ، ئۆز تۆگىچىلىرىنىڭ تەلىپىنى ھېسابقا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. سېلىم

— كارۋان خوجايىنى بولسا، ياشىنىپ قالغان مويسىپىت ئادەم ئىدى، قەشقەر بىلەن چۆچەك ئوتتۇرىسىدا قاتناپ تىجارەت قىلىدىغان باي سودىگەر بولۇپ، ھازىر چۆچەككە كېتىۋاتاتتى، چۆچەككە خوتەن، يەكەنلەرنىڭ جىلۋىدار، رەڭلىك زىلچا - گىلەملىرىنى ئاپىرىپ، ئۇيەرلەردە قازان، شەمەيلىك سودىگەرلەر بىلەن روسىيىنىڭ ھەر خىل گەزلىمە، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ساماۋەرگە ئوخشاش سانائەت ماللىرى بىلەن تېگىشىپ قايتاتتى. بۇ قېتىم ئاقسۇدا بىر تۆگىچى ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقتىن، سودىگەرلەر ئىشەنچلىك بىر تۆگىچى ئىزلەپ قىسقا ۋاقىت تۇرۇپ قالغان ئىدى.

تۆگىچىلەر سېلىم بىلەن ھال - مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭ ئەلچىخوغا ئىش ئىزلەپ يولغا چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن:

— ئەلچىخومۇ بەلەن، لېكىن ھازىر مۇز داۋانغا تەۋەككۇل قىلغىلى بولمايدۇ، كۈز پەسلى يېقىنلىشىپ قالدى، ئىس ئېلىپ كېتىپ، نۇرغۇن يېتىمچىلارنىڭ ئۆلۈكىنىڭ مۇز يېرىقلىرىدا قالغانلىقىنى تېخى تونۇگۈنلا ئاڭلىدۇق. خالىساڭلار بىز بىلەن سەپەر قىلىپ چۆچەككە بېرىڭلار، چۆچەك ئالتە شەھەرگە زادى ئوخشىمايدۇ، ئۇيەردە ھەدېسىلا قامچا - دەررە كۆتۈرۈپ باش - كۆزىنى يارىدىغان قازى - قوززاتلارنى كۆرمىدۇق، بەگ - بوجاڭلارمۇ ئانچە يوق. خوتۇن خەقلىرى يۈزىگە چۈمبەل تارتمايدۇ، ئاق پەرىجىمۇ ئارتمايدۇ. قىزلىرى يىگىتلەر بىلەن كوچىلاردا قولتۇقلىشىپ يۈرۈۋېرىدۇ، گار-

تېرە، ئەستىن چىقمايدىغان مەنزىرە بولۇپ تۇيۇلدى. مويسىپىت تۆگىچىلەر بۇ قەبرىنى «تاھىر - زوھرا»نىڭ قەبرىسى دەپ ئاتاشتى ۋە ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئۆتكەن ئەقىدىلىك ئىككى ئاشىق - مەشۇق — تاھىر بىلەن زوھرانىڭ ئىزگۈ - مۇڭلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ئايگۈل بۇ تا رلىك مۇھەببەت رىۋايىتىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالغان ئىدى.

ھازىر ئايگۈل يېشىل مەخمەلدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوت - چۆپلۈك ياي لاقتا تۆگىلەرنى ئوتلىتىپ ئولتۇرۇپ، سېلىم بىلەن مۇشۇ ھەقتە سۆزلەشتى:

— تاھىر بىلەن زوھرا، — دېدى ئايگۈل، — بۇ ئالەمدە ھىجران قايغۇسى، جۇدالىق زارىنى چەككەن بولسىمۇ، جەزمەن ئۇ ئالەمدە مۇرادى ھاسىل بولدۇ، بىر-بىرىنىڭ ۋەسلىگە يېتىدۇ...

— ئۇ، شۇنداق، — دېدى سېلىم.

— لېكىن، — دېدى قىز، — بىز بەختلىك...

— بۇ، راست ...

كېيىن ئايگۈل بىلەن سېلىم ئۆزلىرىنىڭ نامەلۇم كەلگۈسىنى پەرەز قىلىپ كۆرۈشتى، بەس - مۇنازىرە قىلىشتى. لېكىن ئۈمىد بەخش ئېيتىدىغان ئىشەنچلىكرەك ھېچنېمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشەلمىدى. جاھان يەنە كۆز ئالدىدا قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولدى.

ئەمما ئۇلار بارغانچە تېنى، نەپسى، روھى ئالەمى بىر - بىرىگە سىڭىشىپ، بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ئىدى: يېشىل ياي لاقتا مۈرە يېقىشىپ، دەپ - ئاڭ-

بىلەن ئايگۈل 40 تۆگىلىك كارۋان بىلەن چۆل - جە-
زىرىلەرنى كېزىپ، چۆچەككە قاراپ يول ئالدى...

## 5. «ئاھ، ھۆسەينەم!»

بىر ئاي ئۆتتى...

زىلچا - گىلەم ئارتىلغان 40 تۆگىلىك كارۋان قوڭغۇراق - كولدۇرمىلىرىنى رېتىملىق جاراڭلىتىپ كۆ-
چار بوستانلىقىنى، كورلا نەشپۈتزارلىقىنى ئارقىدا قال-
دۇرۇپ، باش ئەگىم دەرياسىنى ئايلىنىپ، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاخىر ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىل — شىخوغا كېلىپ چۈشتى.

شىخودىن چۆچەككە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، يەنە چۆل - جاڭگاللارنى كېزىپ، ئون كۈنچە يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. كارۋان خوجايىنى بۇ يەردە تۆگىلەرنى يايلىتىپ ئۈچ كۈن ئارام ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تۆگىلەردىن گىلەملەر چۈشۈرۈلۈپ، سارايىنىڭ لەمپە ئاستىلىرىغا بېسىلدى، تۆگىچىلەرگە ئوزۇقلۇق، تاتلىق سۇ غەملەش، سېلىم بىلەن ئايگۈلگە تۆگىلەرگە كۆز قۇلاق بولۇپ يايلىتىش ئوتلىتىش تاپشۇرۇلدى.

ئايگۈل ئاقسۇدىن چىقىپ شىخوغا كەلگۈچە، يول بويى ھەممە نەرسىگە ھەيرانلىق بىلەن سەپسېلىپ كەل-
دى. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا باش ئەگىم دەرياسى ئۈستىدە ئاسمانغا ئېتىلىپ تۇرغان تىك قاغ ۋە تاغ تۆپىسىدە كۆزگە چۈشۈپ تۇرغان بىر جۈپ قەبرە ئالاھىدە خا-

دىكى تۆگە قوتىنىنىڭ يېنىدا بېشىدا نېمكەش بادام دوپ-
پا، ئۇچىسىدا يەڭسىز كالتە جۇۋا بار، پۇتى يالاڭئا-
ياغ، چاچلىرى ئۆسۈپ قۇلاق - گەدەنلىرىنى ياپقان
دەرۋىش سۈپەت بىر ئادەمنىڭ بىر قولىنى كالتە تامغا
ئارتىپ ھەپىلىسى قاچقان ھالدا تامغا يۆلىنىپ، ئۆ-
چۈشكە تەمشەلگەن شام چىراغدەك پىلدىرلاپ قالغان
نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى
كۆردى.

سېلىم بىلەن ئايگۈل بىر قاراپلا بۇ ئادەمنى
تونۇدى:

— ھۆسەينەم!... جېنىم دوستۇم...

— ئاھ، ھۆسەينەم ئاكا!... بۇ سەنمىدىڭ!...

— ئۇلار ئالمان - تالمان ھۆسەينەمنىڭ قېشىغا
يېتىپ كەلگەندە، ھۆسەينەم تامدىن ئاستاغىنا سىيرىلىپ
يەرگە يىقىلدى، كالپۇكلىرى تارتىشىپ مىدىرلىسىمۇ،
كۆزلىرى يۇمۇلۇپ قالدى.

— ھۆسەينەم!...

— ھۆسەينەم ئاكا!...

ھۆسەينەم ھېچنېمىنى سەزمىدى ۋە ئاڭلىمىدى. سې-
لىم بىلەن ئايگۈل ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، سارايىنىڭ
ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزدى، بېشىنى يۆلەپ سۇ
ئىچۈردى. ھۆسەينەم خېلى بىركەمدىن كېيىن كۆزىنى
تەستە ئېچىپ بىر خىل خاۋاتىرلىنىش بىلەن دەسلەپ
سېلىمغا، كېيىن ئايگۈلگە سەپسالدى:

— ئۇكىلىرىم، خۇداغا شۈكۈر، نېمىكەم بولسا،

لاپ تۇگمەيدىغان شېرىن سۆزلىرىدىن ئەتىراپقا ئۇنى-
چە - مەرۋايىت چېچىپ ئولتۇرغانلىرىدا كۆزلىرى ھەمى-
شە بىر خىل ئىجىللىق — سۆيۈنۈش نۇرلىرى جىلۋە
بىلەن چاقناپتتى:
— قارىغا سېلىم يېشىل ياپلاق دولقۇنلىنىۋاتىدۇ...
— شامالنىڭ ئويۇنى، خېنىم...
— بىز شۇ تاپتا قانداق ئەركىن!... شۇنچە كەڭ-
رى ئالەمدە گويا ئىككىمىزلا بارده‌ك!
— راست، بىزگە ئەمدى ھېچكىم قول سوزالمايدۇ.
— شۇنداق بولىدى.
— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ...
كەچقۇرۇن تۆگىچى ھەمراھلىرىدىن ئىككىيلەن ياي-
لاققا كېلىپ:
— سېلىم ئۇكام، ئەمدى سىلەر سارايغا قايتىڭلار،
كىچىچە تۆگىلەرگە بىز قارايمىز، — دېيىشتى ھەمدە:
— چاپسانراق سارايغا بېرىڭلار، سارايىنىڭ ئالدى-
دا بىر ئاغرىقچان كىشى سىلەرنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، —
دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.
سېلىم بىلەن ئايگۈل: «بۇ ياقا يۇرتتا بىزنى ساق-
لاپ تۇرغان كىم بولغىيدى؟ نېمە ئادەمدۇ، ئۇ؟... بىر،
ياخشىلىقمىدۇ ياكى پېشكەللىكمىدۇ؟...» دېيىشىپ، ھەم
خۇشال، ھەم ئەنسىز بىر ھالەتتە، كىمخاب كۆرپىدەك
يۇمشاق يايلاقنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل ساراي تەرەپ-
كە مېڭىشتى.
ئۇلار سارايىنىڭ قېشىغا كېلىپ، سارايىنىڭ رويىرى-

لان تەرەپكە كەتكەنلىكىڭلارنى بىلەلەپ قاپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەمەر ئاخۇن ئاكام كېسەل سۇپىسىدا يېتىپ تولا بىئارام بولدى:

— يامان بولدى، ئىككى ياشنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش — ساۋابلىق ئىش. ئۇلارنى تۇتتۇۋالسا، بۇ ئالەم سىلەم بىلەن ئايىقىز ئۇچۇن دوزاخقا ئايلىنىدۇ، مېنىڭ پۈت - قولۇمنىڭ چېقىلغىنى نېمىگە ھېساب؟ — دەپ يىغلاپ نالە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن...

ھۆسەيىنەم بىر پەس دېمىنى ئېلىپ ياتتى، پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ تۇراتتى، ئېغىر نەپەس ئالاتتى ۋە تىلى قاتقاندەك بولۇپ، ھەدەپ كالپۇكىنى چىشلەيتتى. ئۇ، قىينىلىپ داۋام قىلدى:

— مەن دەسلەپ مەكتتكە، كېيىن ئىزدەپ - سوراپ مارالبېشى كونا ئاۋاتقا باردىم. سىلەرنىڭ ئىلىخوغا چىقىپ كەتكىنىڭلارنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغان بولسامۇ، ئەمدى كەينىمگە قايتالمايتتىم، ئاقسا قالنىڭ ئۆيىدىن قاچقان ئىدىم. شۇڭا، تەۋەككۇل قىلىپ، يېتىمچىلارنىڭ پېشىنى تۇتۇپ مۇزداۋان بىلەن ئىلىغا چىقتىم... سىلەرنى ئىزدەپ ھەممە يەردە پىرقىراپ يۈردۈم. كېيىن ئالتە شەھەرلىك بىر يېتىمچى بىلەن تونۇشۇپ كۆمۈرخانىغا چىقاي دەپ تۇرسام، ئىلىدا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك، بەگنىڭ ئىككى يايىسى پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ كەينىدە قارا چاپانلىق، ئەگرى قىلىچ ئاسقان بىر چېرىكمۇ بار ئىدى. كۆڭلۈمدە: «ھەي ... ئىش چاتاق... بەگنىڭ تۆمۈر تىرنىقى بۇ يەرگىمۇ سوزۇلۇپتۇ...» دەپ

ھايات ئىكەنسىلەر.

— ھۆسەينەم شۇنىڭدىن كېيىن، چۆرىسىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ناتونۇش تۆگىچىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى ۋە سەل قىسىنغاندەك قىلىپ:

— سىلەر خاپا بولماڭلار، مېنىڭ سىڭلىم بىلەن ئايقىزغا دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى.

تۆگىچىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ھۆسەينەم ئېغىر ھالسىراپ بىر پەس كۆزىنى يۇمۇپ ياتقاندىن كېيىن:

— ئۇكام سىڭلىم، سىلەر بۇ يەردە تۇرماڭلار، دەر-ھال جېنىڭلارنى ياقىغا ئېلىڭلار، — دېدى.

— ھۆسەينەم ئاكا!...

— ھۆسەينەم... سەن...

— شۇنداق، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭلار، — دېدى ئۇ، — ئىش مۇنداق، سىلەر يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۇرت بېگى بىلەن يېزا ئاقساقلى قىيا - چىيا كۆتۈرۈپ ئالەمنى بېشىغا كىيدى، سىلەرنى ئىزدىتىپ، دوغا - يايىلىرىنى ھەممە يەرگە چاپتۇردى. سەمەر ئا-خۇن ئاكامنى دەرەخكە ئېسىپ، «سىڭلىم بىلەن ئايقىزنى نەگە قاچۇردۇڭ، نەگە يوشۇردۇڭ» دەپ ئۇرۇپ - كال-تەكلەپ باش - كۆزىنى قانغا بوياپ، پۇتىنى سۇندۇ-رۇپ نىمجان قىلىپ قويدى، كېيىن داقىرىتىپ سۆرەپ ئەخلەت ئورنىغا تىرىك كۆمۈۋەتمەكچىمۇ بولدى... بۇ ئەلەمگە تاشالماي يۇرسەك، بەگ بىلەن يېزا ئاقساقلى قەشقەرنىڭ يامۇل ئامبىلىغا دەۋا قىلىپ، سىلەرنىڭ دو-

ھۆسەيىنەمنىڭ كېپى تۆگە - تۆگمەي، ھۇجرىنىڭ ئىشىكى «غاچ» قىلىپ ئېچىلىپ، ئۆيگە بىر تۆگىچى كىرىپ كەلدى:

— ئۇكام سىلىم، كېپىڭلار تۆگىدىمۇ؟ بولۇڭلار يولغا چىقىدىغان بولدۇق.

— نېمە، يولغا چىقىدىغان بولدۇق؟— سىلىم بوسۇغىدا تۇرغان تۆگىچىگە قاراپ سورىدى.— كارۋان خوجايىنى بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرىمىز، دېگەن ئەمەسمىدى؟

— ئەپلەشمىدى، كاشال.— تۆگىچى چۈشەندۈردى.— خوجايىن شىخو بازىرىنى چۆگىلەپ ھازىر قايتىپ كەلدى. بۇ شەھەر ئەنسىزچىلىكتە تۇرۇپتۇ. قورقۇنچلۇق گەپ. ياڭ دارىنىڭ① چىرىكلىرىگە ئاۋام خەلقتىن ئايمۇ ئاي يىغىپ بېرىدىغان تەمىناتنى بۇ يەردىكى يامۇل لوزۇڭلىرى چۆنتىكىگە سېلىۋېلىپ، چېرىكلەرنى تەمىنات، پۇل - پۇچەكتىن قىسىپ قويغانلىقتىن، چىرىكلەر ھەدېسىلا قوراللىق غەلىيان قىلىپ، دۇكان - سارايلارنى بۇلاپ، خەلقنى تالايدىغان بولۇۋاپتۇ. تۆنۈگۈن كېچە يېنىمىزدىكى سارايدا بىر سودىگەرنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، گاڭسا - جىسا قىلىپ قويۇپتۇ، بىر تىجارەتچىنى چېپىۋېتىپ، دۇكىنىغا ئوت قويۇۋەتكەن گەپمۇ بار، تېخى!... خوجايىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پىتىرلاپ قالدى، قېنى ئۇكام پالاكەت بېش-

① ياڭ دارىن— ياڭ زېڭشىڭ.

ئويلىدىم - دە، قولىقىمغا بەگىنىڭ سەمەرئاخۇن ئاكامنى دۇمبالاپ تۇرۇپ، «سېلىم بىلەن ئايىقىزنى ئاسمانىنىڭ قەھرىگە، يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، تۇتسام، يۇرىكىنى سوغۇرۇۋېلىپ، پېژىلدىتىپ كاۋاپ قىلسام، خەپ، بەگ بولماي كېتەي!...» دەپ قەسەم ئىچىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ياپىلارنىڭ كەينىگە سايىدەك ئەگىشىۋالدىم. ئۇلار ھەممە يەرنى پۇراپ - تىمىسقىلاپ يۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ قولىدا قەشقەر ئامبىلى يېزىپ بەرگەن «سېلىمنى تۇتقان يەردە بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئايىقىزنىڭ پۈت قولىنى باغلاپ، قايتۇرۇپ ئەپكېلىشكە ھوقۇقلۇق» دېگەن تامغىلىق خەت بارلىقىنى بىلىۋالدىم... بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياپىلارنىڭ سىلەرنىڭ مۇز داۋان بىلەن ئەمەس، قانداقتۇر نامەلۇم بىر تۆگە كارۋىنىغا ئەگىشىپ باش ئەگىن تەرەپ بىلەن كېلىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىپ قالدى. بۇنى ئاقسۇدىن مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلىغا چىققان بىر ئادەم مۇنداقلا دەپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىلەرنى ئىلىدا ساقلىماي، يولدا تۇتماقچى بولۇشتى... بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلار ئاتلىق يولغا چىققىچە، مەن پۈتۈمنى قانات قىلىپ، بۇ تەرەپكە ماڭدىم، يول بويى ئۆتكەن - كەچكەن تۆگىلىك، ئاتلىق، ئېشەكلىكلەردىن، ھارۋىكەشلەردىن سورۇشتۇردۇم، ھېچكىممۇ سىلەرنى كۆردۈم، دېمىدى... مانا بۈگۈن ئىلىخودىن يولغا چىققىنىمغا توققۇزىنچى كۈنى... ئاخىر سىلەرنى تېپىۋالدىم.

— مەن سىلەرنى ئىزدىمىگەن، ئۇچراتمىغان بول-
سام بوپتىكەن، — دېدى ھۆسەينەم خاپا بولۇپ، خۇر-
سىنىپ،— مېنى بۆرە يېمەيدۇ، ساقىيمەن. ساقايساملا
سىلەرنى ئىزدەپ تاپىمەن، بىر نەچچە يىل ئۆتسە، تې-
خى يۇرتقىمۇ بىللە كېتەرمىز. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭلار،
ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭلار، سىلەرنى يايلار قولغا چۈشۈ-
رۈۋالسا، مەن چەككەن جاپا بىر تىيىن بولىدۇ، بىچارە
سەمەر ئاخۇن ئاكام قىيامەت قايۇم بولغۇچە، گۆرىدە
ئۆرە ئولتۇرىدۇ... يا مېنى تىرىك ئۆلسۇن دەمسىلەر؟

ئۇلار ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلىشتى، ھۆ-
سەينەم قەتئىي ئىدى، ئاخىر سېلىملار ئۇنىڭ تەلىپىگە
كۆنۈشتى، گېپىنى ئاڭلايدىغان بولۇشتى.

— ئاھ، ھۆسەينەم ئاكا!... سېنىڭ ۋاپادارلىقىڭ
مېنىڭ يۈرىكىمنى ئەزدى، بىز نېمىدېگەن بەختسىز!...
بۇ جاھان نېمىشقا مۇنداق ۋاپاسىز!

سېلىم يېنىنى ئاختۇرۇپ، ھۆسەينەمگە تاشلاپ
كەتكۈدەك ھېچنېمە تاپالمىدى. ئايگۈل پەشمىتىنىڭ ئەس-
تىرىنى سۆكۈپ، ئانىسىنىڭ يالدامىسى قىلىپ ساقلاپ
كېلىۋاتقان بىر جۈپ ئالتۇن ھالقىنى ئېلىپ، ھۆسەي-
نەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى:

— مە، ئال، ھۆسەينەم ئاكا. سەن ئاغرىق...
بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە، سېتىپ خىراجەت قىلغىن...

ئەمما، ھۆسەينەم:

— سىڭلىم، ھالقا سىزگە ھەمراھ بولسۇن، ئۇنى
مېنى كۆرگەن كۆزدە كۆرۈپ ساقلاڭ، ئانىڭىزنىڭ تەۋەر

مىز ئۈستىدە ئەگىپ يۈرۈپتۇ، چاپسان بولۇڭلار، بۇ
يەردىن كېتىمىز.

— ياق!... — دېدى ئايگۈل ھۆسەيىنەمنىڭ پېشانىسى-
نى ياغلىقتا سۈرتۈپ تۇرۇپ، — نېمە بولسىمۇ مەيلى،
بىز ھۆسەيىنەم ئاكىنى تاشلاپ ھېچنەگە كەتمەيمىز!

تۆگىچى كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا قالدى:

— مەن بىلمىدىم، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار...

تۆگىچى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىشى بىلەن، سا-
راينىڭ ئىچى بىردىن پاتا - پاراق بولۇپ كەتتى. كار-
ۋان خوجايىنىنىڭ:

— تۆگىلەرنى چاپسان ئەكەل، مالنى ھۇجرىدىن
چىقار، بولەي، ئۇزۇق - تۈلۈكنى كېيىن غەملەيمىز.
ھەي... خەق، بۇ نېمە ئەزمىلىك، ئەستا جۇمۇ، بۇ قان-
داق بوشاڭلىق! دېگەن تىترەك ئاۋازى ياڭرىدى.

— ئايقىز، سىڭلىم، — دېدى ھۆسەيىنەم ئايگۈلگە
بىر خىل ئەنسىزلىك بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ، — سىز
ئەقىللىق بالا، گەپ ئاڭلاڭ، بۇ يەردىن دەرھال كېتىڭلار،
تۇرماڭلار.

— ھۆسەيىنەم ئاكا!... — ئايگۈل تاراملاپ ياش
تۆكۈپ دېدى، — مەن ئاغرىق... بۇ ھالدا قانداقمۇ
تاشلاپ كېتەلەيمىز.

— ھۆسەيىنەم، سەن خاتىرجەم بول، — دېدى
سېلىم غەزەپلىنىپ، — بولدى، بېشىمىزغا كەلگەننى تەڭ
كۆرىمىز، سېنى بۇ ھالدا تاشلاپ قويۇش بىزگە ئازاب!
مەن ئۇ يايلار بىلەن ئېلىشىمەن.

— ھۆسەيىنەم، ئامان بولغىن، بىز سېنى چۆچەكتە ساقلايمىز، — دېدى.

— خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي سىلەرنى... ساقايساملا ئىزدەپ تاپىمەن، خوش، تېزىرەك مېڭىپ كېتىڭلار.

ئايگۈل ھۆسەيىنەمنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ئۇزاق يىغلىدى...


تۈن - قاراڭغۇسى يېيىلىپ كېلىۋاتقاندا، قوڭغۇراقسىز تۆگە كارۋىنى شىخو بازىرىدىن جىمجىتلا چىقىپ كەتتى...

## 6. جىمجىت جۇڭغارىيە

ناۋادا سىز، تەڭرىتېغىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، شىمالدا كۆلرەك ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتقان چىڭگىز تېغىنىڭ ئاغزىغا نەزەر تاشلىسىڭىز، غەربتە زاھىر تېغىدىن شەرقتە قارا مايغىچە 1000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بىپايان جۇڭغارىيە گويا كى تىنىمسىز دولقۇنلىنىپ تۇرغان دېڭىزدەك، ئۈزلۈكسىز مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ.

بىراق، بۇ دېڭىزنىڭ بۇژغۇنلىنىپ تۇرغان سۈيىمۇ، دېڭىزغا خاس يېشىل كۆرۈنۈشلىرىمۇ يوق. پەقەت ئېگىز-پەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دولقۇنلىرىلا بار. گەرچە بۇ دولقۇنلار شۇ تاپتا ئېغىر سۈكۈناتتا قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بۇ ھال ئۇ يەردە ھاياتلىق يوقلۇقتىن دې-

رۇكى ئىكەن. ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەك،— دەپ قەتئىي رەت قىلدى.
سېلىم نېمىنىدۇر يادىغا ئېلىپ، ئالدىراپ كارۋان خوجايىنىنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى ئالدىن بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
— ئۇنداق ئىش يوق!— دېدى ئالدىراپ تۇرغان خوجايىن سېلىمغا، — سەۋر قىل، چۆچەككە بارغاندا ئالىسەن.
شۇ پەيتتە، ئايگۈل سودىگەرگە:
— خوجايىن، ھۆسەينەم ئاكام، تۆگىلەرنىڭ قوڭ-غۇراق- كولدۇرمىلىرىنى ئېلىۋېتىڭلار، دەۋاتىدۇ، — دېدى.
— ئەخمەق!— دېدى سودىگەر چېچىلىپ،— بۇ گەپنىڭ ماڭا نېمە ئالاقىسى بار؟!... ھەيدە تۆگىلەرنى، كەتتۇق!...
— خوجايىن،— دېدى ئايگۈل،— ھۆسەينەم ئاكام ئەخمەق ئەمەس، تۆگىلەر قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ ماڭسا، كەينىڭلەرگە ئىت كىرىۋالىدۇ، دەۋاتىدۇ...
— نېمە، ئىت كىرىۋالىدۇ؟... ھىم...،— خوجايىن داڭقېتىپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن تۆگىچىلەرگە بۇي-رىدى، — دۇرۇس، دۇرۇس... ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. جېنى بار گەپ. خوپ، قوڭغۇراقلارنى ئېلىۋېتىڭلار!
سودىگەر شۇ گەپنىڭ تەسىرىدە بولسا كېرەك، سې-لىمنىڭ قولىغا ئاز - تولا كۈمۈش تەڭگىلەرنى تاشلاپ بەردى. سېلىم بۇ پۇللارنى ھۆسەينەمنىڭ قولىغا زورلاپ تۇتقۇزغاندىن كېيىن:



رەك بەرمەيدۇ. چەت - چېكى كۆرۈنمەس رەڭگا رەڭ پارقىراق تاش - شېغىللار، شور - قۇملۇقلار، غەلىتە چوقچىيىپ چىققان كالتە تاغ، دۆمبەلچىلەر ۋە قارامتۇل تۆپىلىكلەر بىلەن بىرلىكتە چەكسىز كەتكەن قەدىمكى توغ-راقلىقلار، يۇلغۇن - سۆكسۆكلىكلەر، يېشىل مەخمەلدەك يالتىرىغان يايلاق، قومۇشلۇق، كۆل - گىياھلىقلار بۇ ئادەمسىز دۇنياغا ئۆزگىچە زىننەت بېرىپ تۇرىدۇ: كېيىك، جەرەن، تۈلكە - توشقانلار ھەر دەم ئىگىسىز قال-غان مال- پادىسىدەك يامراپ، توپ - توپ بولۇشۇپ، چېپىپ يۈرىدۇ... بۆرە، ياۋا توڭگۇز، قاپلان - ئېيىق-لارچۇ... ناخشىچى بۇلبۇل، چۆل قۇشقىچى، كۆكيۈيۈن، پاشا... ھەممىسى بار. بىراق ئادەم كەم، بەلكى يوق.

شۇنداق قىلىپ، 40 تۆگىلىك كارۋان ئىككى يانغا سوزۇلغان ئۇزۇن سەپىرىدە تۇنجى قېتىم ئۆز يولىنى قوڭغۇراقسىز داۋام قىلدى. تۆگىلەرنى كەينىگە سېلىپ يېتىلەپ، مىسكىن قەدەم بېسىپ، كېتىۋاتقان ئۇزۇن پۇت-لۇق سۇر ئېشەك بىر خىل رىتىمدا جاراڭلاپ تۇرىدى-غان قوڭغۇراقسىز گويا ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلىپ يېتىمسىرىغاندەك، پات - پات قۇلاقلىرىنى قېقىپ پۇش-قۇرۇپ كەينىگە قاراپ - قاراپ قويىدۇ: تۆگىلەر ئۇزۇن بويۇنلىرىنى شىڭشايتىپ، يۇملاق ئەينەكتەك پارقىراق كۆزلىرى بىلەن قاراڭغۇ چۆل ئىچىگە ئەندىكىپ - ئەن-دىكىپ سەپسالىدۇ، ئەتراپقا تۆگىلەرنىڭ «شىپ - شىپ» قىلغان ئاياق ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايدۇ.

كەچ كىردى، كەچكى قوياش زاھىر تېغىغا باش قويدى. چەپەيزى بىلەن قىزىلتاغ ئوتتۇرىسىدىكى چەكسىز ئورمانلىق دەسلەپ جىگەررەڭ قىزىللىق بىلەن قاپلىنىپ، كېيىن ئاستا - ئاستا قارىيىشقا باشلىدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، كارۋاننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاسمانغا قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇنى ھەممىدىن بۇرۇن سودىگەرنىڭ ئۆزى كۆردى. چاڭ ئاسمانغا ئېگىزلىگەنسېرى ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا گويا ئۇيۇپ قالغان قان دېغىدەك بىر خىل قارا - قوڭۇر رەڭدە پارقىرىماقتا ئىدى.

سودىگەر ئارقىسىغا قاراپ، بىردىن ھەپىلىسى قېچىپ، دەسلەپ بوزۇرۇپ، كېيىن ئاپئاق تاتىرىپ كەتتى، كۆزىدە ۋەھىمە ئوتلىرى ئۇچقۇندىدى ۋە تۈنۈگۈندىن بېرى ئىچىگە كىرىۋالغان ۋەسۋەسىنىڭ بېشارىتى تۇيۇقسىز ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك، ئۆزلۈكسىز يېقىنلىشىپ پۇرقۇپ كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭغا قاراپ، تۆگە ئۈستىدە قېتىپلا قالدى.

باش تۆگىچى سودىگەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى:

— خوجايىن، بۇ نېمە ئىشتۇ؟... بوران بېسىپ كېلىۋاتامدىكىن دېسەم، يولدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭغا ئوخشايدىغۇ...

— نەدىكى بوران بولسۇن؟ بۇ، ئاتلار...ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن توزان، — سودىگەر تىلى ئاران گەپكە كەلدى ۋە ئىچىدە نېمىنىدۇر ئوقۇپ ئەتراپقا ھۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

كېچە ئۆتۈپ تاڭ سۈزۈلدى.

سېلىم بىلەن ئايگۈل باش تۆگىنىڭ ئالدىدا سۈر ئېشەككە ياندىشىپ بىللە كېتىۋاتىدۇ. تەجرىبىلىك تۆگىـچى ئۇلارغا يول باشلىماقتا. باشقا تۆگىچىلەر بولسا، بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ، تۆگىچىلەرگە، ياندىشىپ مېـڭىپ، يۇلغۇن، سۆكسۆك يوپۇرماقلىرىغا بويۇن سوزۇپ تىرەجىگەن تۆگىلەرگە ۋارقىراپ - جارقىرايتتى ۋە كېچە قاراقچىنىڭ ھۇجۇمىدىن ھېزى بولۇپ، تۆگە ئۈستىـدىكى ماللارغا كۆز - قۇلاق بولۇشاتتى.

كارۋان خوجايىنى بولسا، ئەڭ ئاخىرقى تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇ ئالدىغا قويۇۋالغان جۇپ ياستۇقـتىن پېشانىسىنى كۆتۈرۈپ، سەھەر قۇياش نۇر تۆكۈـۋاتقان جىمجىت جاڭگاللارغا ئېرىنچەكلىك بىلەن قاراپ قويدى -دە، يەنە بېشىنى سېلىپ مۈگدەشكە باشلىدى.

قوزا چۈش مەھەلدە سودىگەر باش تۆگىچىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— يولدا توختىمايمىز، ماڭا خاتىرجەملىك كېرەك. جېدەللەڭلار، مۇشۇ جاڭگاللاردىن چىقىۋالايلى. ئۇسسىغانلار سۇ ئىچسۇن، قورسىقى ئاچقانلار نان يېسۇن، — دەپ بۇيرىدى.

باش تۆگىچى:

— بىز ئانچە - مۇنچە ناشتا قىلىۋالدۇق، جانابـلىرى...، — دېۋىدى، سودىگەر:

— بولدى، جېدەللەڭلار، مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، — دېدى.

دۇرماقچى؟... چاپسان بول ئايالىڭنى قوغدا، قاچ!
سىلىم باش تۆگىچىنىڭ يۈرىكىنى قوچقۇۋاتقان بايىقى چىرىكىنىڭ بىقىنىغا قەھرى بىلەن بىرنى تېپىپ كەينىگە ئۈچۈرۈۋەتتى - دە، ئايگۈلنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۆزىنى قويۇق چاتقاللىق ئىچىگە ئۇردى. ۋىژىلداپ ئۇچقان ئوقلار قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى، دۈپۈلدىگەن ئاياغ تىۋىشلىرى، چۈشىنىكسىز تىلدىكى قوپال ۋارقىراش سادالىرى خىلىغىچە كەينىدە ئەگىشىپ يۈردى. لېكىن سىلىم بىلەن ئايگۈلنى پاتلا چۈشكەن گۈگۈم قاراڭغۇسى ۋە بىپايان توغراقلىق ئۆز قوينىغا جىمجىتلا سىڭىرىپ كەتتى...

## 7. ھىجران

بۇ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا دەسلەپكى سوغۇق چۈشكەن، يۈلغۈن پايىسى چىلاندەك قىزىرىپ، توغراق يوپۇرماقلىرى ساپسېرىق ئالتۇندەك سارغايغان مەزگىل ئىدى.
سىلىم بىلەن ئايگۈل يۆگىمەچتەك چىرمىشىپ كەرەلىشىپ كەتكەن سۆكسۆكلىك ۋە چېكى يوق خىلۋەت توغراقلىق ئىچىدە شاختىن - شاخقا پۈتلىشىپ ئۇزاق يۈگۈردى، ئۆزىنى ئالغا ئۇرۇپ ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى. ئۇلار ھېچنېمىنى ئويلىمىدى، ھېچنېمىنى ھېس قىلمىدى؛ ئويلاشقا، ھېس قىلىشقا چامىسى يەتمەيتتى، قېچىش، قېچىشلا كېرەك ئىدى، قانچە يىراققا قاچسا شۇنچە ياخ-

— ھەممىڭلار ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللا كېرىمگە سىپ-
غىنىڭلار، بىزگە ئاسايىشلىق بەرگەي، بالا - قازاغا تو‌غ-
را تۇرغۇچى بىر ئاللانىڭ ئۆزىدۇر...

سودىگەر دۇئانى تاماملاپ، ئىككى ئالقىنىنى يۈزى-
گە سۈركەپ بولغۇچە، ياەراپ كېلىۋاتقان چاڭ - تو-
زان ئىچىدىن ئون نەچچە ئاتلىق قوراللىق چېرىك بو-
راندەك ئېتىلىپ چىقتى - دە، پاراسلاپ ئوق ياغدۇرۇپ،
تۆگە كارۋىنىنىڭ كەينىدىن باستۇرۇپ يېتىپ كەلدى.
ھەش - پەش دېگۈچە سودىگەرلەرنى تۆگە ئۈستىدىن
موللاق ئاتقۇزۇپ، باش تۆگىچىنى ئوقىدا چۈشۈرۈپ،
ئۇدۇل كەلگەن تۆگىچىنى ئېتىپ - چېپىشقا باشلىدى.

تۆگىچىلەر قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئوق تەگكەن،
قىلىچ يەپ جان ئۈزۈۋاتقان تۆگىچىلەرنىڭ قىيا - چې-
ياسى ئەتراپنى قاپلىدى...

ئايگۈل كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان غەلىتە ئالامەتتىن
ھاڭ-تىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى.

غەزەپلەنگەن سېلىم راۋابنى ئايگۈلگە تاشلاپ بې-
رىپ، بىر يېرىم بىسلىق خەنجىرىنى غىلاپتىن «شارت»
قىلىپ سۇغۇرۇۋالدى - دە، ئوق تېگىپ يىقىلغان باش
تۆگىچىنىڭ يۈرىكىگە قىلىچ تىقىپ قوچۇۋاتقان چېرىككە
قاراپ ئېتىلدى.

— سېلىم، سەن!... — دەپ ۋارقىرىدى يەردە قان-
غا مىلىنىپ ياتقان بىر تۆگىچى سېلىمنىڭ پۇتىغا مەھ-
كەم ئېسىلىۋېلىپ، — ئەخمەق، ئېسىڭ جايىدىمۇ؟!... قاچ،
يېنىڭدا ئايالىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ!... كىمنى قۇتۇل-

رىده بىر - بىرىگە چاپلىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى...
بۇلبۇل بەلەن ئاۋازدا سايراپ، ئۇلارنى ئويغىتىۋەتتى. تاڭ سۈزۈلۈپ ئەتراپقا يورۇق چۈشكەن، كېچىدىن ياغقان يامغۇر يېشىل دۇنيانى يۇيۇندۇرۇپ ياشنىتىۋەتكەن ئىدى. لېكىن، تەبىئەتتىكى گۈزەللىك ئۇلارنىڭ مەيلىنى تارتمىدى.

— سېلىم، — دېدى ئايگۈل ئالدىدىن شىپىر قىلىپ ئۆتكەن بېغىرتاقتىن چۆچۈپ، — بۇ ئورمانغا رەھمەت. ئورمان ئۆز قوينىغا ئېلىپ چىرىكلەرنىڭ يولىنى توسىغان بولسا، بىز قانداقمۇ قىلاتتۇق؟...

— قارا باسقان چۈشتەكلا بىر ئىش... بەئەينى كۆندۈزدە ئاسماندىن سالجا ياغقاندەكلا!

— سېلىم، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

— ئاخشام تالاڭ قىلىنغان يەرگە بېرىپ باقايلى، — دېدى سېلىم ۋە راۋابىنى قولىغا ئالدى، — قاراقچىلار مال - تۆگىلەرنى بۇلاپ كەتكەن بولسا، بەلكىم تۆگىچىلەرنىڭ ئۆلۈكى قالغاندۇ... بىز ئۇلارنى كۆمۈپ قويايلى، تەلىيىمىزگە تىرىك قالغانلىرى بولسا ئەجەب ئەمەس.

بۇ پىكىر ئايگۈلگە ياقتى، ھەتتا ئازراق ئۈمىدلىنىپمۇ قالدى.

لېكىن ئۇلار تۈنۈگۈن كېچە ئۆزلىرىنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى زادىلا پەرەز قىلالمىدى. كۈن چۈش بولغۇچە تەخمىنەن مۆلچەر بىلەن توغراق، سۆكسۆكلىكنى كېزىپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۆزگە بەلگە بو-

شى بولاتتى، شۇ تاپتا ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقىسى كېرەك ئەمەس ئىدى. بىراق، يول يامان، بەلكى يولنىڭ ئۆزى يوق ئىدى. ئالدىنى چىرماشقان چاتقاللار، ئۈستى - ئۈستىلەپ بېسىلىپ چىرىپ ياتقان توغراق شاخلىرى توساتتى، مېڭىشقا يول تاپالماي قالاتتى. بەزەن كىچىككىنە تۈز ئوت - چۆپلۈككە چىقىپ قالاتتى ۋە يەنە قېلىن سۆكسۆكلىككە دۇچ كېلەتتى...

ئۇلار شۇ يوسۇندا يۈگۈرۈشۈپ قارام كاداك توغراقلىققا كىرىپ قېلىشتى، ئايگۈل ھالسىزلىنىپ ماغدۇرىدىن كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن شارقىراپ يامغۇر قۇيۇلۇپ، توغراقلىق ئىچى پاتقاقلىشىپ كەتتى.

سېلىم ئايگۈلنى يۆلەپ، ئۆي ئورنىدەك بىر پارچە يەرنى چۆمكەپ تۇرغان قېرى توغراقنىڭ ئاستىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزدى، ئەتراپىدىن سۆكسۆك ۋە چىرىگەن توغراق يوپۇرماقلىرىنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقى ۋە زەي نەم تۇپراقنىڭ ھىدى كېلەتتى، يامغۇر سوغۇقى دولىسىنى قورۇپ، تىنىقلىرى ئۆزىگە ئىسسىق بىلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئاچچىق ھاياجان ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغاچقا، بىر - بىرىگە دەپ تۈگىتەلمەيدىغان تەسىراتلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەھەتتە نېمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلمەيتتى. كۆز ئالدىدا گويا قورقۇنچلۇق چۈشتەك ئېغىر سايە تاشلاپ تۇرغان پاجىئە — قۇلاق ئاڭلىمىغان غەلىتە بۇلاڭ - تالاڭ ۋەقەسى تەۋرىنەتتى. سەسكىنىپ بەدىنى تىكەنلەشتى، يۈرىكى ئېزىلىپ مۇڭغا پېتىشتى ۋە ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئولتۇرغان يې-

ئەتراپتا قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ توپ - توپ بولۇپ چېپىشىپ يۈرىدىغان كىيىك، جەرەن، توشقانلار كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ چاتقاللىقتىكى ئۆتۈش يولىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بىرەر جەرەن، ياكى توشقاننى پاچىقىدىن «كاپ» تۇتۇۋېلىش سىلىمغا ھېچگەپ ئەمەس. سىمىز جەرەن ئوغلاقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋالسا بۇ يەردە ھېيت، سىلىسىم بىلەن ئايگول شادلىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ، مەززىلىك جەرەن گۆشىنى يۇلغۇن چوۋىقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ، پىژىلدىتىپ كاۋاپ سالاتتى ۋە كېيىكلەرنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ، نەمۇ - نە ئىچىدىغانغا سۇ ئىزدەيتتى...

بەزىدە:

غەم كۆپ، قايغۇ كۆپ
ئويلاۋەرسەڭ.
غەم يوق، قايغۇ يوق
ئويناۋەرسەڭ...

دېگەنگە ئوخشاش ناخشا - قوشاقلارنى ئېيتىپ، راۋاب چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بۇ ئالەمگە كېلىپ تارتقان ھەممە رىيازەت - خورلۇق ۋە دەرت - ئەلەملىرىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىۋېتەتتى.

بەزىدە بولسا:

دەرد - ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئاشىقلارنىڭ باشىغا.
سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا...

دېگەنگە ئوخشاش ناخشا - قوشاقلارنى ئېيتىپ، چېكى

لىدىغان ھېچنېمىنى ئۇچرىتالمىدى. ئاخىرى كۆن چىقىش تەرەپكە قاراپ يولىنى داۋام قىلدى. چۈنكى، ئايگۈل نىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، 40 تۆگىلىك كارۋان تۈنۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭغان بولۇپ، ئۇلار ئارزۇ قىلغان ئەركىن ئالەم — چۆچەك ئاشۇ تەرەپتە بولۇشى كېرەك ئىدى.

كۈنلەر، ھەپتىلەپ ئۆتتى. جاڭگالنىڭ چەت - چېكىدىن ئەسەر يوق. كۈندۈزى ياۋا جىگدىلەرنى تېرىپ يەپ، كېچىلىرى توغراق، سۆكسۆك غازاڭلىرىنى كۆرپە قىلىپ يېتىپ، كۈن چىقىش تەرەپنى بەلگە قىلىپ كېتىۋەردى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جىگدىلىكلەر، سۆكسۆك يۇلغۇنلۇقلار، ئالتۇن چاچقۇدەك باش - كۆزىنىڭ ئۇستىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان توغراق يوپۇرماقلىرى، خوش پۇراق چۆل گۈل - گىياھلىرى ئايگۈلگە يېقىپ قالدى. ئۇ، بۇ گۈل - گىياھلاردىن، سۆكسۆك پوستەكلىرى، يۇلغۇن چېچەكلىرىدىن چىرايلىق، خىلمۇ خىل گۈلدەستىلەرنى تۈزەتتى ۋە ئۇنى خۇشال بولۇپ سىلىمغا تۇتاتتى. سىلىم بىرەر توشقان ياكى ياۋا ئۆچكىنىڭ ئوغلىقىنى تۇتۇۋېلىپ بەرسە، ئايگۈل خۇشال بولۇپ، ئوغلاقنى باغرىغا بېسىپ - ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا ئامراق دوستلاردىن بولۇپ كېتەتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىلىم چېۋەر ئوۋچى بولۇپ قالدى، چاقماق تېشىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ - ئۇرۇپ ئوت چىقىرىشقا ماھىرلىشىپ كەتتى.

داقلا بولمىسۇن، پاتراق بىر پاناھ جاي تېپىۋالىلى،
ياشانغان بىر ئانا بولغان بولسىمۇ - ھە؟ - دەپ ئانار-
دەك قىزىرىپ كەتتى.
سىلىم چۈشەندىكى، ئايگۈل ئىككى قات ئىدى
ۋە ئۆزى ئانا بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.
بۇ يېڭىلىق سىلىمنى، بىر تەرەپتىن، تۇنجى
پەرزەنت كۆرۈش ۋە بەختىيار ئاتىلىق غۇرۇر بىلەن
ھاياجانلاندۇرسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنى ھودۇقتۇ-
رۇپ تەمتىرىتىۋەتتى.
سىلىم ئىككى پۇتىنى تۆت قىلىپ، جەرەن-كېيىك-
لەرنىڭ ماڭغان-تۇرغان يول ئىزلىرىغا، ئاسمانىدا
ئۇچقان ئۆردەك، ئاققۇلارنىڭ سەپەر مەنزىللىرىگە سەپ-
سېلىپ، ئامال قىلىپ بۇ چېكى يوق توقاي-جاڭگال-
لىقتىن چىقىپ كېتىشكە، يول تېپىشقا، ئادىمىزات دىدا-
رىغا ئۇلۇشۇۋېلىشقا ئالدىرىدى.
بىراق، ئارزۇ قىلغان قىرغاق زادىلا ئۆزىنى
كۆرسەتمىدى.
بىر كۈنى ئۇلار، چىرماشقان قاراڭغۇ سۆكسۆكلىك-
تىن ئايرىلىپ، بىنەپشە-قىزغۇچ رەڭدە تاۋلىنىپ تۇر-
غان كەڭرى يولغۇنلۇققا چىقىپ قالدى. يۇلغۇنلۇقنىڭ
ئاخىرى تۈپتۈز، تەكشى تاشلىق سايغا تۇتىشىپ كېتەت-
تى ۋە سايىنىڭ نېرىقى بۇرجىكىدە ئۇپۇق بىلەن تۇتاش-
قان پاسىلدا ئۇچلۇق تاغقا ئوخشاش سۇررەڭ پاكار
دۆمبەلچە گىرىمسەن بولۇپ كۆزگە چۈشتى.
سىلىم بىلەن ئايگۈل گويا ئۇ يەردىن نىجاتلىق

يوق مۇڭزار، ھەسرەت ئىچىگە پېتىپ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكەتتى.

بىر كۈنى ئايگۈل سېلىمنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ئولتۇرۇپ، نېمىدىندۇر تارتىنىۋاتقاندەك، ئىككى مەڭزى رەڭلىنىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— سېلىم، جېنىم سېلىم، مېنىڭ ئادەملەرنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ...

— شۇنداق، — دېدى سېلىم ئايگۈلگە ھېسداشلىق قىلىپ ۋە ئېغىر نەپەس ئېلىپ پۇشۇلدىدى، — مەنمۇ شۇنى ئويلايمەن، جېنىم. بىز ئادىمىزات بار يەرگە بېرىۋېلىشىمىز كېرەك، خۇددى تىلسىمات ئىچىگە بەنت قىلىنغاندەك بۇ جاڭگالنىڭ ئىچىدىن چىقالمايۋاتقىنىمىزغا ھەيرانمەن. ئەمدى بەگنىڭ ئىتلىرىمۇ كۆزدىن يوقالغاندۇ. بىزنى «ئۆلدى» گىمۇ چىقىرىۋەتكەندۇ... بىز قانداقلا بولمىسۇن ئادەملەر بىلەن...

ئايگۈل سېلىمنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلى ھېسابلىدى ۋە قولىقىنى سېلىمنىڭ يۈرىكىگە يېقىپ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالدى.

شۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئايگۈل ھېچنەرسە يېمەيدىغان، ئاندا - مۇندا زورلاپ يېگەن نەرسىلەرنىمۇ قەي قىلىپ ياندۇرۇۋېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئايگۈلنىڭ بۇ ھالى سېلىمنى تەمتىرىتىپ، چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەتكە پاتۇردى.

بىر كۈنى ئايگۈل يەنە:

— سېلىم، بىز ئادىمىزات بار يەرگە كېتەيلى، قان-

تىلا ئۇلارنى گاڭگىرىتىۋەتتى. بوران ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلاپ، يەرگە يىقىتىپ، خۇددى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىلگەن توغراقتەك يەر بېغىرلىتىپ ئۇچۇرۇپ، دومىلىتىشقا باشلىدى. سېلىم يەرنى تېرەپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى، بورانغا دۈمبىسىنى قىلىپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ، مۇۋازىنىتىنى يوقاتقان هالدا ئالدىغا قارىدى. ئايگۈل تاشلىق سايدا گويا قۇرۇق يوپۇرماقتەك پىلدىرلاپ ئۇچۇپ، نەگىدۇر سۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. سېلىمنىڭ كۆزىدە ئوت يالتىرىدى، قانات كېرىپ ئۇچقان بوران قۇشتەك ئېتىلدى ۋە تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاخىر ئايگۈلنى تۇتۇۋالدى، ئايگۈل بىلەن مەھكەم گىرەلىشىۋېلىپ، مۇزدەك تاشلىق سايغا چاپلىشىپ يېتىۋالدى. لېكىن، دەممۇ دەم كۈچىيىۋاتقان بوران ئۇلارنى خۇددى يۆگەلگەن بۆرىدەك شېغىل - تاش ئۈستىدە دومىلىتىپ بېرىپ، ئاخىر يامغۇر كولىۋەتكەن بىر ئازگالغا تىقىپ قويدى...

كېچە ئۆتۈپ، تاڭ ئاتتى. بوران ئاستا - ئاستا پەس كويغا چۈشتى.

سېلىم ئۈستىدىن باسقان تاش - شېغىللارنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن ئايگۈلگە قاراپ يۈرىكى جىغىلدىدى:

— ئايگۈل! ... ئايگۈل!...

ئايگۈل ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى ھىملەشتۈرۈپ، كۆزلىرى ئىلەشكەن هالدا جاقىلداپ تىترىمەكتە ئىدى، ئېغىر تىنىۋاتتى، نەپىسى يېتىشمەيتتى. پېشانىسىدا تەر پارقىرايتتى

ئىزدىگەندەك، گىرىمسەن ھاۋا بىلەن رەڭداش بولۇپ
چىمىرلاپ تۇرغان دۈمبەلچىگە ئۇزاق قاراشتى. قول
بىلەن يۇلغۇن پۈپۈچەكلىرىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ
يول ئېچىپ، دۈمبەلچىگە قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار ئەمدى
يۇلغۇنلۇقتىن تاشلىق سايغا چىقىۋېدى، ھېچ ئويلى-
مىغان يەردىن خۇددى ئاياغ ئاستىدىن پارتلاپ چىققان-
دەك، دەھشەتلىك چىرقىراپ بېسىپ كېلىۋاتقان بورانغا
ئۇششاق تاشلارنى ئاپتوماتنىڭ ئوقىدەك ئۇچۇرتۇپ كېلى-
ۋاتقان قارا قۇيۇنغا دۇچ كەلدى، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ
كەتتى.

جۇڭغار بورىنى توغرىسىدا قانغا مىلەنگەن رەھ-
مەتلىك تۆگىچىلەر تەسۋىرلەپ: «كويىقاپنىڭ ئاغزى نەدە
دىسەڭلار، دەل مۇشۇ چۆللۈكتە. كويىقاپنىڭ تىزگىنى
بىر چېشى ئالۋاستىنىڭ قولىدىمىش، ئالۋاستى ئەينەككە
قاراپ چېچىنى تارىسا كۈن چىقىپ ھاۋا ئېچىلىپ كېتەر-
مىش؛ ئەينەكتىن سەت بەشىرىسىنى كۆرۈپ ئاچچىقى
كېلىپ، ئەينەكنى تاشقا ئۇرسا بوران چىقىپ ئالەمنى
قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېتەرمىش. ئالۋاستىنىڭ ئاچچىقلى-
نىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن. ئۇ چىقارغان بورانغا روبىرو
كېلىپ قالغان ئادەم ئامان قالمايدۇ» دېيىشكەن ئىدى.

شۇ تاپتا سېلىم بىلەن ئايگۈل دۇچ كەلگەن بو-
ران ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغان بوراندىن نەچچە ھەسسە
دەھشەتلىك ئىدى، ۋېژىلداپ ئۇچۇۋاتقان تاش - شې-
غىل، گۈركىرەپ چىقىدىغان ۋەھىمىلىك سادا، گويا لە-
پەڭشىپ تەتۈر پىرقىراۋاتقاندەك بىلىنگەن زېمىن ھەممىسى-

دىڭدا يۈز كېلەلمەيدىغان نېمە سەۋەنلىكىمىز بار؟!... سەن راستىنلا قۇدرەت ئىگىسى، رەھىم - شەپقەت ئىگىسى بولساڭ، مىڭ مەرتىۋە تىلەي، مېنى بۇ جورامدىن ئايرىما! ئۇنىڭغا شىپالىق بەر!... سىلى رەھىم قىل... ئەگەر ئۇنى مەندىن ئايرىماقچى بولساڭ، رەھىم قىلىپ مېنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر گۆردە ياتقۇز!... ئۇنىڭسىز بۇ دۇنيا ماڭا ھارام ئەمەسمۇ!؟...

سېلىم ياش تۆكۈپ، ئاللاغا نالە - پەرياد قىلىۋاتقاندا، نېمىدىندۇر قاتتىق چۆچۈپ، ھۈركىگەن بىر توپ جەرەن چاتقاللىق ئىچىدىن ئۇپۇر - توپۇر ئېتىلىپ چىقتى - دە، ئۆزىنى ئۇرغان پېتى بىھوش ياتقان ئايگۈلنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىشتى، جەرەنلەرنىڭ تۇياقلىرىدىن توزىغان غازاڭ ھەممە يەرگە چېچىلىپ كەتتى.

توزىغان غازاڭلار بېسىلماي تۇرۇپلا، جەرەنلەرنى قوغلاپ كەلگەن قاپقارا ئىككى ئانا بۆرە چاتقاللىق ئارىسىدىن ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۈكلىرىنى ھۈرپەيتكەن پېتى ئېتىلىپ چىقتى - دە، قان تولغان كۆزلىرى بىلەن خىرىس قىلىپ، دەم شاختىن - شاخقا ئۆزىنى ئۇرۇپ قېچىپ كېتىۋاتقان جەرەنلەرگە، دەم سۆكسۆك دەرەخنىڭ ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، ئۆزلىرىگە تىكىلىپ قالغان سېلىمغا قاراپ، ئىختىيارسىز توختاپ قېلىشتى، تىللىرىنى يالاپ ئازراق تىكىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا قورقۇنچلۇق ھۇۋلاپ - خىرىلداپ سېلىمغا تاشلاندى.

ۋە بىئارام بولۇپ جۆچۈپ سىلكىنەتتى.

سېلىم ئايگۈلنى بالىچىلاپ ئىككى بىلىكى ئۈستىگە ئالدى ۋە ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، قويۇق يۇلغۇنلۇقتىن ئۆتتى، ئىككى - ئۈچ مېتر ئېگىزلىكتە ئۆسۈپ چىرمىشىپ كەتكەن، ئۆيدەك چوڭلۇقتىكى يەرگە سايىۋەن بولۇپ تۇرغان بىر قېرى سۆكسۆك دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئەپكىلىپ، قېلىن قۇرۇق غازاڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى تامبىلىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى سېلىپ ئۇنى ئوراپ چۈمكىدى.

ئايگۈل دەسلەپ جاقىلداپ تىترەپ، كېيىن بىردىنلا چوكا مۇزدەك قېتىپ مۇزلاشقا باشلىدى، كەچكە يېقىن ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ ھوشىدىن كەتتى، ھېچنېمىنى سەزمىدى.

ئايگۈلنىڭ ھالىنىڭ بارغانچە يامانلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سېلىمنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچلۇق بىر نەرسە زەھەردەك تىلغاپ ئازابلىدى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن رىشتى يۈرەك سۆزلىرى ۋە يامغۇردەك قۇيۇلغان كۆز ياشلىرى بىلەن ۋاپادار مەھبۇبىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، كېچىنى ئۆتكۈزدى، كۆڭلىگە كەچكەن خىيالدىن ۋۇجۇدى تىترىدى ۋە نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. كۆزلىرىدىن تارام-لاپ ياش تۆكۈپ، ئىختىيارسىز ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا قاراپ، پەرياد چېكىپ نالە قىلدى:

— پەرۋەردىگار، ئۇنداق قىلما، رەھىم قىل... بىزنىڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى: ئاللا رەھىمدىلدۇر، مۆمىن-لەرنىڭ شەپقەتچىسىدۇر، دېگەن ئىدى. بىزنىڭ سېنىڭ ئال-

ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

سېلىم ھالسىزلانغان ئىدى، قانىراپ كەتكەنلىكتىن كۆزلىرى ئېلىشىپ، بېشى قېيىپ دەلدەڭشىپ قالدى. ئۇ، ھېلىقى بۆرە كىرىپ كەتكەن چاتقاللىق تەرەپكە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاي-گۈلنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە مەھبۇبىسىغا قاراپ، بىردىنلا كۆزى چەكچىيىپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى...

ئايگۈل بۇ چاغدا، گويا سېلىمغا ئەڭ ئاخىرقى ۋى-دالىشىش سۆزلىرىنى ئېيتالمىغىنىغا ئەپسۇسلانغاندەك، سې-رىق غازاڭ ئۈستىدە يېيىلىپ تۇرغان چاچلىرى بىلەن بېشىنى يېرىم بۇراپ، مېيىغىدا ئىزى قالغان ھىجران تەبەسسۇمى بىلەن قېتىپ قالغان ئىدى.

سېلىم ئايگۈلنىڭ جان ئۈزگىنىگە ئىشەنمىدى، ئىك-كى قولى بىلەن مەھبۇبىسىنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇپ سىلى-كىپ، بېشىنى ئالقانلىرى ئۈستىگە ئېلىپ مەڭزىگە يېقىپ، يۈز - كۆزلىرىگە ياشلىرىنى تۆكۈپ، نادامەتلىك ئاۋا-زى بىلەن:

— ياق! ... ياق! ... ياق! ... — دەپ ۋارقىرى-دى. ئاندىن ئۇنى ياتقۇزدى، ئۆزىنىڭ چاچلىرىنى يۇ-لۇپ - تارتىپ، يۈز - كۆزلىرىگە كاچاتلاپ، پىغانلىق داد - پەرياد سالدى. ئايگۈلنى بالىچىلاپ بىلەكلىرى ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرۈۋېلىپ، توغراقلىق ئىچىدە مەج-نۇندەك ئايلىنىپ يۈردى.

سېلىمنىڭ ئاغزىدىن بىرلا:

— ياق!... ياق!... ياق! ... دېگەن سۆزلا چىقاتتى.

— بۆرە! ... يىرتقۇچ بۆرە! ... خۇدا مەن سەن-
دىن شۇنى تىلىگەنمىدىم؟!
— سېلىم بۇ چاغدا لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان بىر
پارچە ئوتقا ئايلانغان ئىدى، تومۇرلىرىدىكى قانغەزەپلىك
ئۇرغۇدى، چىشلىرى كىرىشتى، بىر قولىغا كالتەك، بىر
قولىغا پىچاقنى ئېلىپ، بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى
ئېتىلدى. ئۇزۇن كالتەكنى شىددەتلىك پىرقىرىتىپ بۆرى-
لەرنى قېشىغا كەلتۈرمىدى ۋە سەكراتتا ياتقان مەھبۇبى-
نى قوغدايتتى. بۆرىلەر ھېلىگەر ۋە قۇۋ ئىدى، ئىككى
ياندىن تەڭ ئېتىلىپ، چىشلەپ - تارتىپ، بىردەملا سې-
لىمنىڭ يالىڭاچ ئەت - بەدەنلىرىنى قىپقىزىل قانغا بو-
ياۋەتتى. بولۇپمۇ بوينى قىسقا دىقماق سۇر بۆرە ھەدېسىلا
سېلىمنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ بىھۇش ياتقان ئايگۈلگە
تاشلىناتتى. سېلىم ئايگۈلنىڭ قېشىدىن ئايرىلمىدى. بىر
قېتىم غالجىرلاشقان سۇر بۆرە ئوقتەك ئېتىلىپ، ئالدى
ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىمغا تاشلاندى. سې-
لىم ئۇزۇن كالتەكنى پىرقىرىتىپ بۆرىنىڭ مېڭىسىگە «قاس»
قىلىپ، غەزەپ بىلەن بىرنى سالدى - دە، ئۇنى ئۇدۇلى-
سىغا چۈشۈردى ۋە چەبدەسلىك بىلەن بۆرىنىڭ ئۈستى-
گە ئۆزىنى تاشلاپ، ئاستىغا بېسىۋېلىپ، يۈرىكىگە خەن-
جەرنى تىقىپ قوچۇۋەتتى.

سۇر بۆرە لاسسىدە ئۆزىنى تاشلاپ سالپىيىپ جان
ئۈزدى. يەنە بىرى بۆرە بولسا، يىگىرمە مېترچە يىراق-
لىقتا ئۆز ھەمراھىغا بىر پەس مەيۈس قاراپ تۇرۇپ،
تىلىنى يالىدى - دە، قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ جىمجىتلا

— ئەلۋىدا، مېنىڭ ھەممە خۇشاللىقىم! ... ئەلۋىدا، مېنىڭ ئاخىرەتلىك مەلىكەم! — دەپ چۇقان سېلىپ، راۋابنى ئادەم بېلىدەك قېرى سۆكسۆك كۆتىكىگە قەھرى بىلەن ئۇردى.

راۋاب پەچەق-پەچەق بولۇپ چېقىلدى، ئۇنىڭدىن چىققان ياڭراق سادا پۈتكۈل جۇڭغار ۋادىسىنى ئۇزاققىچە لەرزىگە كەلتۈردى...

## 8. ئاق قىش

ئۈچ يىل ئۆتتى...

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا توغراقلارنىڭ ئالتۇن رەڭ يوپۇرماقلىرى ياپېيېشىل، كۆپكۆك، ساپسېرىق ۋە قىزغۇچ بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇردى...

ئۇنىڭ قولىدا بىنەپشە رەڭ يۇلغۇن چېچەكلىرى بىلەن خۇش پۇراقلىق ھالرەڭ جىگدە چېچەكلىرى باغلام-باغلام گۈلدەستىلەرگە ئايلىنىپ، قىز قەبرىسىنى زىننەتلەيتتى.

كېيىكلەر مۇڭ باسقان، لېكىن سەزگۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىكىلىپ، ئۇزۇن، يالتىراق بويۇنلىرىنى لىڭشىتىپ ھېسداشلىق قىلاتتى...

جەرەنلەر مۆلدۈرلەپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ئەجەبسىنىپ قاراپ، چۆچۈپ تۇرسىمۇ — پارقىرىغان يىرىك تۈكلۈك قاساق-بېقىنلىرىنى ئۇنىڭغا سۈركەپ ئۆتىدىغان بولۇشتى...

كېيىن ئۇ، ئايگۈلنى بايىقى يۇمشاق سۆكسۆك غا-
زاڭلىرى ئۈستىگە ياتقۇزدى - دە، يېنىدا يۈكۈنۈپ
ئولتۇردى، ئىككى ئالقىنىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ
بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيالغا پاتتى، كۆز ياشلىرى قو-
لىنىڭ دۈمبىسىگە يامراپ ئاقتى. «... قۇدرەت ئىگىسى
ئېيتقىنا، مەن بۇ ئالەمگە نېمىشقا تۆرەلگەندىمەن؟ ...—
سېلىم ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ، قۇرۇپ گەز باغلاپ
كەتكەن كالپۇكلىرى بىلەن ئاستا پىچىرلىدى — مەن تەن
ئالدىم، چىنپۇتىمەن ئالدىڭدا گۇناھكارمەن ... مېنى قاي-
سى شامال ئاشۇ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ تاشلىدى؟
قايسى تەقدىر ئايگۈل بىلەن ئۇچراشتۇردى؟ ... مەن
قايسى خۇشلۇقۇم ئۈچۈن ناخشا ئېيتقاندىمەن، نېمە شاد-
لىقىم ئۈچۈن راۋاب چالغاندىمەن؟... ئايگۈل، ئايگۈل!...
سىز ھۆرلەرنىڭ ھۆرى، چىن سۆيگۈ - ۋاپادارلىق-
نىڭ سۇلتانى، پەيغەمبەرنىڭ جېنى ۋە ھەممە نېمىسى ئىدى-
ڭىز! ... مەن ناقابىل، ئەرزىمەس ئادەممەن ... سىزنى
ساقلاپ قالالمىدىم ... ماڭا ئەمدى بۇ دۇنيانىڭ نېمە
كېرىكى!؟...»

سېلىم شۇ خىيال بىلەن قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى
بىلمەيتتى. بىر كەمدىن كېيىن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى -
دە، توغراق شېخىغا ئېسىقلىق تۇرغان نەقىشلىك راۋابنى
يۇلۇپ دېگۈدەك قولىغا ئالدى ۋە ئۇنى قوللىرى تىترى-
گەن ھالدا پېشانىسىغا تەگكۈزۈپ، كۆز ياشلىرىغا مىلەپ
سۆيدى. ئاندىن توغراقتىن بىر نەچچە قەدەم كەينىگە
يېنىپ پەرياد بىلەن:

بىراق رەڭگا رەڭ گۈل - چېچەكلەر جۇغلىنىپ، خۇش پۇراق تارقىتىپ كېلىدىغان جاڭگال باھارى ئۇنى يەنە مەڭگۈلۈك بىر ئەقىدە بىلەن قىز قەبرىسىنى بېزەشكە ئۈندەيتتى، ئالدىرايتتى ۋە پۈتكۈل باھار، ياز، كۈز ئايلىرىنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالاتتى.

بوران، يامغۇر، قار، ئاچلىق ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ زېرىكتى. مۇسكۇللىرى تاشتەك قېتىپ، تېرىلىرى مىستەك پارقىراپ ھېچنېمە تەسىر قىلماس بولۇپ قالدى. بىرەر بۆرىگە تۇيۇقسىز تاشلىنىپ، پىچاق بىلەن يۈرىكىنى قوچۇۋېتىپ بىرسىنى سويۇۋېلىش ئۇنىڭغا ئانچە تەسكە چۈشمەيتتى، چىغ - چاتقاللىق ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ بىرەر كېيىكنىڭ پۇتىنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋېتىپ تۇتۇۋېلىش ئۇنىڭ ئادەتتىكى مەشغۇلاتى ئىدى. ئۇ ئۇۋ ئۇۋلاپ نەگىلا كەتمىسۇن، نېمىلا قىلمىسۇن، ھامان قىز قەبرىسىگە قايتىپ كېلەتتى....

بىر يىلىنىسى قىش، پۈتۈن جۇڭغارىيە كۆك مۇز، ئاق قار بىلەن ئۇيۇپ قالغاندەك قاتتىق سوغۇق بولدى. جاڭگالدا بىرەر ھاياتلىق — نە كېيىك، جەرەن، نە توشقان، قارا قۇيرۇق، ھەتتا ھېلىگەر تۈلكە بىلەن بۆرىمۇ تېزىپ كەتتى. سېلىمنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى يېمەكلىك — يۇلغۇن چىۋىقلىرىدا توقۇغان سېۋەتلىرىگە سېلىۋالغان ياۋا جىگدىلىرىمۇ تۈگەپ كەتتى....

سىنچى توشقانلار، بېپەرۋا بېخىرتاق، ئويۇنچى سېرىق قۇيرۇقلار ئۇنىڭ ئايرىلماس ئۇلپەتلىرى بولۇپ قېلىشتى...

ئۇ، قىز قەبرىسىگە گۈلدەستىلەر تىزىۋاتقاندا، رەڭمۇ رەڭ جاڭگال قۇشلىرى، ئورمان ئەركىلىرى ئۇنىڭغا بىر خىل مەمنۇنلۇق بىلەن قەلبداش بولۇپ مۇڭلۇق سايراپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا بۇ يەردىكى ھەممە جانىۋارلار، ئورمان قۇشلىرى ئۆگىنىپ قالدى دېسەكمۇ بولاتتى.

ئايگۈلنىڭ قەبرىسى ئەتراپىدا يېشىل مەخمەلدەك يۇمشاق چىملىق يېلتىزلاپ يەلپۈنۈشكە باشلىدى. بۇ چىملارنى ئۇ، ئۆزى كۆچۈرگەن ئىدى. قەبرە تۆپىسىدە چوغدەك قىزىرىپ ئېچىلىدىغان چۆل لەيلىسى بىلەن جىگەررەڭ تاجىگۈل ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتتى، قەبرە چۆرىسى رەڭمۇ رەڭ بەردەم جاڭگال گۈل - گىياھلىرى بىلەن قاشلاپ زىننەتلەندى...

ئايگۈلنىڭ قەبرىسىگە تىنىمسىز گۈلدەستىلەر تىزىش، دۇئا - تەكبىر ئوقۇش، ياد ئېتىپ پەرياد چېكىش بىلەن ئۆتكەن ئۈچ يىل سېلىمنى ئويچان، ئۇندىمەس ۋە ھەمىشە جۇدالىق زارى، ھىجران قايغۇسىدا پۇچىلىنىپ ھەسرەت چېكىدىغان، بىر ئامال قىلىپ نىگارىغا ھەمراھ بولۇپ ئۇ ئالەمگە كېتىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان مۇڭلۇق ئادەم قىلىپ قويدى. ھەتتا، ئۆزىگە ئاتاپ، ئايگۈلنىڭ قەبرىسىگە يانداش بىر گۆرمۇ كولىۋالدى.

بېلدەك بىر توغرا تاش ئېسىلىپ تۇرغان. ئازگالغا كى-
رىپ ياتتى. كېچىدىن چىققان بوران سەھەرگە يېقىن
توختاپ قالدى، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. سېلىم ئۈستىگە
يېپىنىۋالغان بۆرە تېرىسى بىلەن كۆز ـ قۇلاقلىرىغا كىر-
گەن توپىلارنى ئېرى ـ بېرى سۈرتۈۋېتىپ ئەتراپقا قا-
رىدى.

ئاق ئىس!...

تۈنۈگۈن كەچتە كۆرگەن تاغ جىراسىنىڭ يۇقىرى
تەرىپىدىن ئاسمانغا سوزۇلۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان غەلىتە
ئىنچىكە ئاق ئارغامچىغا كۆزى چۈشتى. ئاق ئارغامچا مە-
شۈتتىن ئىشلەنگەندەك يۇمشاق ۋە ئەۋرىشىم ھالدا تىك
كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماننىڭ قەھرىدە پاختا تەۋەككىدەك تولغى-
نىپ لەيلەپ تۇراتتى.

سېلىم بۇنىڭ ئىس، قالىنىۋاتقان ئوتنىڭ بەلگىسى،
ئادەمزاتتىن ئۇچۇر ئىكەنلىكىنى سەزدى. كالپۇكلىرى
ئۆمچۈيۈپ كۆزىگە ياش كەلدى. قەلبى ئۈمىدلىنىپ ئىس-
سىدى ۋە كېچە كۆزىنى غەلەت قىلىپ ئۈۋىسىغا كىرى-
ۋالغان كېيىكنى تۇتۇۋېلىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، ئاق
ئىس كۆتۈرۈلگەن جىلغا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

تار ۋە تاكىراڭ جىلغا قار ـ مۇز بىلەن قاتقان،
جىلغىنىڭ يۇقىرى تەرىپى تىك ۋە تېيىلغاق ئىدى. مۇز
يېرىپ چوقچايغان ئۇچلۇق خادا تاشلار، گىلەرەك قىز-
غۇچ قورام تاشلار ئازغان ـ تىكەنلىك، چىرماشقان چات-
قاللىق مېڭىشنى قىيىنلاشتۇراتتى. سېلىم تاشتىن ـ تاشقا
سەكرەپ، ئۇچلۇق خادا تاشلارغا يامىشىپ، ئازغان ـ تى-

باش ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ، ئۇۋ ئۇۋلاپ
سۆكسۆك جاڭگاللىقتىن چىقتى. تەپىتەكشى كەتكەن
يۇلغۇنلۇق سايدا بىر ئانا كېيىك كۆرۈندى. كېيىك تۇم-
شۇقلىرىدىنى يايراقسىز يۇلغۇن چىۋىقلىرىغا سۈركەپ
ئوتلاپ يۈرەتتى، ئۇمۇ سېلىمغا ئوخشاش، ئوزۇقلۇق
ئىزدىمەكتە، ئۇچرىغان نەرسىگە تۇمشۇقىنى سۈركەپ قو-
ياتتى.

سېلىم يالغۇز كېيىكنى تۇتۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈ-
كۈپ، ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى. كېيىك زىلۋا - ئورۇق بو-
لۇپ، كۆزلىرى مىسكىن ئىدى، يىراقتا قاچمايتتى، بې-
غەم - بىپەرۋا كۆرۈنەتتى. لېكىن، پات - پات قىسقا
قۇلاقلىرىنى نەيزىدەك تىك قىلىپ، سېلىمغا قاراپ - قا-
راپ قوياتتى ۋە بىر جايدا تۇرمايتتى.

سېلىم كېيىككە ئەگىشىپ يۇلغۇنلۇق ئىدىر، تاش-
لىق ساي، شىۋاقلىق ئويمانىدا بىر كۈن يۈردى. ئەمما
ئۇنى تۇتالمىدى، تۈن قاراڭغۇسى يېپىلىپ كېلىۋاتقاندا،
سېلىم كېيىككە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ كۆز يېتىم يىراقلىقتى-
كى بىر تاغ جىراسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى
سەزدى. تاغمۇ، جىرامۇ ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.

كېيىك دەل مۇشۇ يەرگە كېلىپ كۆزدىن غايىب
بولدى.

سېلىم ئەتراپقا سەگىرەپ كېيىك ئۈۋىسىنىڭ مۇشۇ
ئەتراپتا ئىكەنلىكىنى، كۆزنى غەلەت قىلىپ ئۆز ئۈۋى-
سىغا كىرىۋالغانلىقىنى پەرەز قىلدى، ئەتە ئۇنى نەدىن
بولسىمۇ تۇتۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۈستىدە ئادەم

«ئاھ، ئادەم! ... ئىھ، پەرۋەردىگار، مەن ئاخىر ئادىمزاتىنى كۆردۈم! ... ئادەم، ئادەم! ... بۇ قانداق كارامەت! ئۆزۈمنىڭ قۇياشىنى تاپتىم! ... ئۇنىڭ رەڭگى - روھىنى كۆرۈش، ئاۋازىنى ئاڭلاش، ھەمسۆھبەت بولۇش، بىللە تىرىكچىلىك قىلىش، ھەمدەملىشىش قانداق بەلەن! ... ئادەم ... مەن سىنى قانداق سېغىنغان! ... سىنى كۆرۈشكە، تېپىشقا قانداق تەشنا بولغان! ... ئادەم، ئادەم! ... سەن شۇ چاغدا بولغىنىڭدا، ئاشۇ ئاق باشلىق ئانىمۇ، ئاشۇ بىر جۇپ چوكانمۇ بولغىنىدا ... مېنىڭ مەلىكەم، دىلكەشتەم، بۇ ئالەم - ئۇ ئالەملىك ئايكۈلۈم ھايات قالمايتتىمۇ؟ ... مەن ئاخىر ئادىمزاتنى تاپتىم، كۆردۈم ئۇلارنى!...»

سىلىمنىڭ قەلبى دولقۇنلىنىپ، قۇرۇپ يېرىلغان لەۋلىرى تىترەپ، ئاغزى ئەمدى گەپكە كېلەي دېگەندە، چىبدىردىن بېشىنى چىقارغانلار ئۆڭ - سۆلى ئۆچكەن ھالدا ھاپىلا - شاپىلا مىلەئۇزىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

سىلىم نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي، تېڭىرقاپ كەتتى، تەمتىرەپ ئىككى تەرەپكە قارىدى، ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىن شۇنچىۋالا يېتىرقىشىنىڭ سەۋەبى چۈشىنىكسىز. ئەمما ئۇنىڭ قىياپىتى ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى: چاچلىرى ئۆسۈپ، مۇرىسىنى قاپلىغان، كىرلەشكەن يىرىك بۇرۇت - ساقاللىرى چاڭگاللىشىپ يۈز - كۆزىنى قاپلىغان كۆكۈش تۈك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى، پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى ئاران كۆرۈنەتتى، پۈتىنى تۇرىۋالغان ئېيىق تېرىسى، ئىشتان قىلىپ كىيىۋالغان تول-

بىكەنلەرنى قولى بىلەن ئىككى تەرەپكە قايرىپ يول ئې-
چىپ، يېرىم كۈن يول يۈردى، بوينىنى سوزسىلا ئېگىزكى
تاغاشقىدەك يەردە كۆرۈنگەن ئاق ئىسقا كۈن ئولتۇراي
دېگەندە ئاران ئۇلاشتى.
— ئاق ئىس بىر ئاق ئۆيدىن — چېدىرنىڭ ئۈستى-
دىن چىقىۋاتاتتى. ئۈچ ئەتراپى يېشىل قارىغاي بى-
لەن قاپلانغان تىك تاغ ۋە ئالدى تەرىپى ياۋا جىگ-
دىلىك بۇ جىمجىت قىشلاقتا ئاشۇ بىرلا ئاق ئۆي بار
ئىدى. ئاق ئۆينىڭ ئالدى — كەينىدە قارىغاي ياغاچلى-
رىدىن قاشا قىلىنغان قوتان ۋە قوتان ئىچىدە بىر پا-
دا مال، بىر نەچچە كالا قوتان، سىرتىدا ئۈستىدىن
ئىگىرى ئېلىنمىغان بىر ئات كۆزگە چۈشۈپ تۇراتتى.
سېلىم بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاق ئۆيگە يې-
قىنلاشتى. كۆزلىرىنى چاپاق قاپلىغان قېرى ئىت تۇ-
يۇقسىز پەيدا بولۇپ ھاۋشىدى. ئىتنىڭ ھاۋشىشى بىلەن
ئاق ئۆيدىن بېشىغا ئاق لېچەك سالغان دومچەك بىر
موماي ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن پۇتلىرىنى سۆ-
رەپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى — دە، چېدىر ئالدىدا تۇر-
غان ئادەمگە قاراپ قېتىپلا قالدى. مومايىنىڭ ساددا ۋە
غەرەزسىز كۆزلىرىدىن تەشۋىش، ۋەھىمە ئالامىتى بې-
شىغا تەپتى، تىلى قاتقاندەك بولۇپ، ئىچىدە نېمىندۇر
ئوقۇپ ئەتراپقا ھۈردى — دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
بىر پەستىن كېيىن، ئاق ئۆيدىن بىر ئاقساقال بوۋاي،
ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەركەك، ئىككى كېلىنچەك ۋە بىر
ئوغۇل بالا سىلەگىزىنى قايرىپ، سەل ئەيمىنىپ بېشىنى
چىقاردى.

يەردە تۇرغان قارىغاي ياغىچىدىن ياسالغان ساندۇقتا كۆزى چۈشتى. ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئىككى ئوچۇم كەلگۈدەك بوغۇرساق، ئېرىمچىك. ئازراق قۇرۇت، بىر يوتا قوي گۆشى تۇرۇپتۇ. سېلىم ئۇزاق يىل ئېغىز تەگمىگەن بۇ يېمەكلىكلەرگە قاراپ، نېمىندۇر ئويلاپ بىر ئاز تورۇۋالدى - دە، بىردىن ئۈستىگە ئارتىۋالغان بۆرە تېرىسىنى پەگاھقا تاشلىدى. ئاندىن چاپىنىنىڭ پېشىگە بوغۇرساق، ئېرىمچىك ۋە قۇرۇتنىڭ بىر قىسمىنى، بىر يوتا گۆشنى ئوراپ، ساقاللىق بوۋايغا يېنىپ - يېنىپ قارىۋېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سېلىم تەخمىنەن ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن، بۇ قىشلاققا يەنە بىر قېتىم كەلدى، ھېلىقى كىشىلەر ئەمدى ياتسىرىماس، كۆنۈپ قالار دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم قىشلاقتا نە ئاق ئۆي، نە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇلار كۆچۈپ كېتىشكەن ئىدى. ئاق ئۆي تىكىلگەن يەردە شامال توزۇتۇپ تۇرغان كۈل. سېلىم تاشلاپ كەتكەن بۆرە تېرىسى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. سېلىم بىلدىكى، چېدىر ئىگىلىرى گويا «بۇ ئالۋاستى بىزنى يەنە ئىزدەپ كەينىمىزگە كىرىۋالمىسۇن» دېگەنىدەك قېلىپ، خېلى جىق بوغۇرساق، ئېرىمچىك، قۇرۇت ۋە يېرىم قوينىڭ گۆشىنى ئۆچكە تېرىسىگە ئوراپ، ئۈستىگە تاش باسۇرۇپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

سېلىم مۇشۇ ئىشتىن كېيىن بۇ قىشلاققا خېلى ئۇزاق يىللارغىچە كەلمىدى. ئەمما بۇ «ئاق ئىس» ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن بىر نىجاتلىق يولى بەخش ئەتتى.

كە تېرىسى ھەمدە ئۈستىگە يېپىشىۋالغان بۆرە تېرى-
لىرى ... نېمە دېگۈلۈك، ئۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ «مانا
نېمىگە يولۇقتۇم؟ جىن - شايا تۇن ياكى ئالۋاستى بول-
مىسۇن يەنە؟!» دەپ تىترىشى تۇرغان گەپ...
سېلىم ئۆزىگە ئېتىلىپ، جان - جەھلى بىلەن خى-
رىس قىلىپ ھاۋشىۋاتقان ئىتقا پەرۋا قىلماي، بىر خىل
قەتئىيلىك بىلەن مىلەڭزىنى قايرىپ ئاق ئۆيگە كىردى.
ئۆيدە بىر ئاز مەڭدەپ قالغان ساقاللىق بوۋاي-
دىن باشقىلار چېدىرنىڭ ئورۇن- كۆرپە يىغىلغان بىر بۇ-
لۇڭىغا قىستىلىپ تىترىشىپ تۇراتتى. سېلىم ئادەملەرگە
ئۇزاق تىكىلىپ سەپسالدى، ئۇلاردىن زۇۋان چىقىشى-
نى ئۈمىد قىلىپ كۈتتى، لېكىن بىرەرسى ئېغىز ئاچمىدى.
— تۇۋا، قورقىۋاتامسىلەر؟ ... ئەجەب ئىش، ئا-
دەمدىن ئادەم قورقىدىكەنا ...— سېلىمنىڭ ئاۋازى غا-
راڭ - غۇرۇڭ ئىدى، ۋە ئۆزىگىمۇ غەلىتە تۇيۇلۇپ
كەتتى.

ئۆي ئىچى تىم - تاس بولۇپ يەنە سادا چىق-
مىدى، ئاق ساقال بوۋاي گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن بول-
سىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تىلى ئۆزى بىلىدىغان قانداقتۇر
ئايەتتىن باشقا نەرسىگە كەلمىدى. ئۇلار شۇنچىلىك ئې-
غىر ۋەھىمىگە چۈشكەن ئىدىكى، سېلىم بۇ ئۆيدە يەنە
بىر ئاز تۇرسا، ئۇلارنىڭ شۇ ھالەتتە تىنىقىنى تېشىغا
چىقىرالماي، جېنى چىقىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.
— بوپتۇ ... مەن كېتەي ... يەنە كېلەرمەن ...
سېلىم ئىشىك تەرەپكە كېتىۋېتىپ يەگاھقا يېقىن

چۈشۈڭ! ... مەن سېلىم كەينىڭگە كىرگىنىم ـ كىرگەن. سېنى تۇتتۇۋالغىنىم ـ تۇتۇۋالغان ...».

سېلىم تەرسالىق بىلەن ئانا كېپىكنى ئەگىشىپ بىر كۈن يۈردى. ئۇنى كۆزدىن زادى نېرى قىلمىدى، كەچ كىردى، تۈن پەردىسى يېيىلىپ كېلىۋاتقاندا، ئاخىر بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ـ گىرەلىشىپ كەتكەن سۆك-سۆكلىكنىڭ ئارىسىدىن يانداپ ئۆتۈپ، كېپىك ئوغلاقلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى ـ دە، قېلىن ئۆسكەن چىغلىقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ يېتىۋالدى. دەل شۇ پەيتتە، كېپىك ئوغلاقلىرى ئانىسى باشلىغان چىغىر يول بىلەن سېلىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. سېلىم پەيتنى پايلاپ، قانات قاققان بۈركۈتتەك «شارت» قىلىپ ئۆزىنى ئېتىپ، كەينىدە كېلىۋاتقان كېپىك ئوغلىقىنىڭ پاچىقىدىن «كاپ» قىلىپلا تۇتۇۋالدى.

بۇ چاغدا، جىمجىت جۇڭغارىيە قارا سايدەك تۈن قوينىغا چۈشكەن ئىدى. سېلىم ئۆزىنىڭ كېپىك ئوغلىقىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ تىلسىملىق بىر پاكار تاغ ـ قارا-قوڭۇر رەڭ دومبەلچىنىڭ قېشىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمىدى.

سېلىم كېپىك ئوغلىقىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئايهاي ... چىرايلىق جانىۋار ... مانا ئەمدى قولۇمغا چۈشتىڭمۇ! نېمىشقا تىپىرلايسەن؟ قورقما. تېخى مەندىن مىننەتدارمۇ بولۇپ قالارسەن. مەن سېنى ئۆزۈمگە شۇنداق ئۆگىتىۋالىمەنكى، ئاناڭ ئايلانسۇن! ـ دەپ ئوغلاقنىڭ يۈز ـ كۆزىنى، يۇمران ئەت ـ تېنىنى سىلاپ

# ٩. كېيىك باشلىغان يول

سېلىم كۆچمەنچى چارۋىچى ئائىلىسى «سەدىقە» قىلىپ تاشلاپ كەتكەن يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ قىشلاقتىن قايتتى. جىرا بىلەن ساي تۇتاشقان ئېغىزدا قوندى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئايىگۈلنىڭ قەبرىسى تەرەپكە ماڭاي دەپ تۇرغاندا، ئۆتكەن قېتىم كۆرگەن ئانا كېيىك بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

بۇ قېتىم ئانا كېيىك يالغۇز ئەمەس ئىدى، كەينىدە چىرايلىق مۈڭگۈزلىرى ئەمدىلەتىن بىخ سۈرۈپ چىقىۋاتقان ئىككى يۇمران ئوغلىقى ئەگىشىپ يۈرەتتى.

سېلىم كېيىك ئوغلاقلىرىنىڭ ساددا، قوڭۇر رەڭ، پارقىراق كۆزلىرىگە، يۇمشاق، يالتىراق تۈكلىرىگە، ئىنچىكە، ئۇزۇن پاچاقلىرىغا مەسلىكى كېلىپ قاراپ كەتتى ۋە بۇ دىلخۇمار يۇمران ئوغلاقتىن بىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېيىكنىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئانا كېيىك تاشلىق سايدا، سۆكسۆكچاتقاللىقتا ئوغلاقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، گاھ ئىزىنى يوقىتىپ، گاھ پەيدا بولۇپ، سېلىمنى ئۆزىگە يەتكۈزمىدى. — سەن قانچە تەرسا بولساڭ، — دەپ ئويلىدى سېلىم كېيىك ئوغلاقلىرىنى ئىز بېسىپ قوغلاپ كېتىۋېتىپ، — مەنمۇ سەندىن قېلىشمايدىغان تەرسا! ... سەن تېخى مېنى ھارغۇزىمەن، ئەخمەق قىلىمەن، كۆزنى غەلەت قىلىپ قۇتۇلىمەن دەپ ئويلامسەنا ... ئۇخلاپ

زاردىن ئادەم ئۆلسە، مېنىڭ ئۈستىخانلىرىم ئاللىقاچان تۇزغاققا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى، بىلمىسەن، يىغلاپ كۆز ياشلىرىم قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆلگىنىم يوق. بىلىپ قوي، بالاڭنى ئۆلتۈرمەيمەن، كاۋاپ قىلىپ زىققىمۇ تارتمايمەن، ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىۋالىمەن، بالىنى باققاندەك باقىمەن، كېيىن يەنە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىمەن، خالىساڭ، سەنمۇ كەل، ئاغىنە بولايلى، مەن بۇ ئالەمدە خەستە كۆڭلۈمنى ئىلىك ئالغان ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە چېقىلىشنى خالىمايمەن. بىلسەڭ، بىر قانچە يىلدىن بېرى جاڭگالدىكى ھەممە ئۇچار قاناتلار ماڭا سىرداش بولۇپ كەتتى، دوست بولۇپ قالدۇق ... ئۇقۇۋاتامسەن، مېنىڭ زۇۋانىمنى!» دېدى. ئانا كېيىك سېلىمدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئاچا تۇياقلىرى بىلەن يەرنى تاتىلاپ، مۆلدۈرلەپ قارىغان مۇڭلۇق كۆزلىرىدىن ياش تۆكمەكتە ئىدى.

سېلىم ئانا كېيىكتىن كۆزىنى قاچۇرۇپ «ئەستاغپۇرۇللا، بۇ كېيىك نېمىشقا يېپيېشىۋالدىغاندۇ، ماڭا» دەپ غۇدۇڭشىپ ئارقىسىغا قارىدى ۋە بىردىن تۈنۈگۈن كېچە بايقىماي قالغان قارا - قوڭۇر رەڭلىك بىر تاغنى كۆرۈپ قالدى.


بۇ غەلىتە تاغ گويا شۇ تاپتىلا يەرنىڭ تېگىدىن ئۈسۈپ چىققاندەك، سېلىمنى تەئەججۈپلەندۈرۈۋەتتى، سېلىم تاغقا سەپسېلىپ ئۇزاق قاراپ كەتتى.

ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئامراقلىق بىلەن كۆتۈرۈۋالدى. شادلىنىپ ئۈستىكرەك ئايگۈلنىڭ قەبرىسىگە كەتمەكچى بولدى.

بىراق، بۇ قېتىمقى سەپىرىدە سېلىم قەبرىدىن ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك يىراقلاپ كەتكەنلىكتىن، شۇ تاپتا بۇ قەبرىنىڭ قايسى تەرەپتە قالغانلىقىنى دەللىتىن پەرق قىلالمىدى. ئەتىگەندىن بۇيان كېيىك قوغلاپ چارچىغاچقا، بۇگۈنكى سەپەرنى مۇشۇ يەردە بولدى قىلىپ، كېيىك ئوغلىقىنىڭ پۈتىنى چۈشىدى - دە، چىغىنىڭ دالدىسىدا يېتىپ قالدى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن سېلىم بىردىن ئانا كېيىكنىڭ ئۆزىدىن بەش قەدەمچە نېرىدا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ ئۆزىگە قاراپ تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئانا كېيىكنىڭ كەينىدە قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ قالغان يەنە بىر ئوغلىقىمۇ، گويا يالغۇز بالا بولۇپ قىلىشتىن ئەنسىرىگەندەك، بىئارام بولۇپ تەپىرلاپ، ئوماق كۆزلىرى بىلەن سېلىمغا ئىلتىجا قىلىپ قاراپ تۇراتتى.

سېلىم ئوغلاقنىڭ پۈتىنى بوشىتىپ، بويىندىن تانا بىلەن باغلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىدا توغرا تۇرۇۋالغان ئانا كېيىككە قاراپ: «كەت، كەتكىن، نېمىشقا مۇنچىۋالا تەلمۈرۈپ قاراۋېرىسەن؟ ... يىغلاپ كۆز ياشلىرىڭنى تۆكسەڭ، تەلمۈرۈپ يېلىنسەڭ بالاڭنى قويۇۋېتەرمىكىن، دەپ چوت سوقتۇڭمۇ؟ ... ئەخمەق بولما، مەن باغرى تاش ئادەممەن، يىغىدىن، ھىجران قايغۇسى، جۇدالىق



تاغنىڭ گەۋدىسى تاشمۇ، سېرىق توپىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈل - گىياھلارمۇ، ئوت - چۆپمۇ يوق، قارا سۇر ۋە قوڭۇر رەڭلىك بۇ تاغ شۇ تاپتا، ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا مىس رەڭگىدە پار - قىراپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن قانداقتۇر چۇچۇمەل - ناتونۇش بىر پۇراقنىڭ تارىلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىش مۇمكىن ئىدى.

سېلىم بۇ تاغقا قىزىقىپ قالدى. كېيىك ئوغلىقىنى يېتىلەپ، تاغنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى ۋە تاغنىڭ قىيپاش تەكشى يۈزىدە قارا ئەينەكتەك يالتىراپ بۇل - دۇقلاپ تۇرغان بىر نەچچە بۇلاق ۋە كۆلچەكلەرنى كۆر - دى، ھەيرانلىق بىلەن قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىختىيار - سىز ياقىسىنى تۇتتى!

— خۇدايىم، بۇ نېمە كارامەت! ... مەن تاغ ئۈس - تىدىن بۇلاق تېپىۋالدىم!

تاغ ئۈستىدىكى بۇلاقلار شۇنچىلىك تىنىق ئىدىكى، ئۇنىڭدا بالقىپ تۇرغان نۇرلۇق قۇياش، سۈپسۈزۈك ئاس - مان ۋە ئاق پاختىدەك لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتپارچىلا - رى ئەينەن ئەكس ئەتمەكتە ئىدى: «ئەەەەي ... سۇ! ... ئابىھايات! ... مۆجىزە! ...» سېلىمنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل شادىيانىلىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. كۆپ يىللار - دىن بۇيان چاڭقاپ سۇ تەشنالىقى يەتكەن يۈرىكى ھا - ياجاندا تېپچەكلەپ كەتتى، كۆڭلىدە بۇ بۇلاقلارنى بال - دۇرراق تاپمىغانلىقىغا ئەپسۇسلاندى. ئاندىن يېپىنىۋالغان بۆرە تېرىسىنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى - دە، بۇلاق يې -

مۇ؟ ... بىلەمسەن، سەن مېنى قەيەرگە باشلاپ كەلدىڭ - ھە؟ ... بۇلاقتىن چىقىۋاتقىنى سۇ ئەمەسكەن جۇمۇ! ... ئاڭلىغانمىدىڭ، بۇ دېگەن يەر يىغى! يەر يىغى دەيمىز تۇنى! ... مېنى، ئايھاي! ... يەر يىغىنىڭ قېشىغا، مۆجىزىلىك ماي بۇلاقلىرىنىڭ بويىغا باشلاپ كەپسەن جۇمۇ دوستۇم! ... مەن ئەسلىدىم، بىزنىڭ يېزا ئاقساقىلى بۇ ياغنىڭ بىر شىشىسىنى شەھەردىن بىر چارەك بۇغدايغا تېگىشىپ چىقاتتى، ئەنجان، ئەركەش تامدىن كەلگەن ياغ دەپ ئاتايدىغان، مېھمانلىرى كەلسە ئەينەك شىشىگە قويۇپ ياقىدىغان ... كېيىك دوستۇم، بىلسەڭ، بۇ دېگەن نۇر، يالقۇن، ئاپتاپ، يورۇقلۇق! ... ئۇھۇ ... لاپپىدە يانىدىغان بولسا، قاراڭغۇ ئۆيىمۇ، تۇمان قاپلىغان دىلىمۇ خۇددى كۈن كۆچۈپ چۈشكەندەك چاقناپ يورۇپ كېتىدۇ! ... مەن ئۇنى كۆرگەن، ناگان - ناگاندا كۆرگەنمەن. بۇرنۇمغا پۇرىغان پۇراق دەل مۇشۇ يەر يىغىنىڭ ئۆزى! ... بوپتۇ، كېيىك ئاغىنە، مەن سەندىن رازى. ياغ تاغقا باشلاپ كەلگەنىڭگە رەھمەت. شۇنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن ئوغلىقىڭنى ئۆزۈڭ ئال، دوست بولۇپ قالدۇق، مەندىن ئەدى قېچىپمۇ، رەنجىپمۇ يۈرمە...»

سېلىم تانىنى يېشىپ، كېيىك ئوغلىقىنى قويۇۋەتتى. ئەركىنلىككە چىققان يۇمران ئوغلاق سېلىمنىڭ ماي پارقىرىغان يىرىك يۇڭلۇق قوللىرىغا تۇمشۇقىنى سۈركەپ قويۇپ، شوخلۇق بىلەن ئىككى تاقلاپ بېرىپ، ئانا كېيىكنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.

نىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىككى ئالقىنى بىلەن سۇ يۈزىنى قايرىۋېتىپ، ئىچمەكچى بولۇپ بۇلاققا ئېڭىشتى.

ئەينەكتەك تىنىق بۇلاق يۈزىدە سېلىم ئون نەچچە يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆردى. سۇدا ئىككى كۆزىدىن باشقا ھەممە يېرىنى يىرىك يۇڭ قاپلىغان، بەئەينى تۈكلىرى ھۆرپەيگەن شىرنىڭ بېشىغا ئوخشاپ قالغان بىر گەۋدە ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى.

«ئايھاي ... بۇ مەنمۇ! ... سېلىم، سەن نېمىگە ئوخشاپ قالغان ھە! بايا ... چارۋىچى قېرىنداش، سەن- دىن شۇڭا ھۈركىگەن ئىكەن - دە! ... ئالۋاستى.»

سېلىم سۇدا ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ كۆڭلى يې- رىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاقلار- غا كۆز يۈگۈرتۈپ، يەنە ھەممىنى ئۇنتۇدى. ساقال - بۇرۇت ۋە ئۆسۈپ مۈرىسىگە چۈشكەن چاچلىرىنىڭ ئۇ- چىنى بۇلاققا چىلاپ تۇرۇپ، بۇلاق سۈيىدىن راسا بىر سۈمۈردى.

سۇدىن راسا بىر سۈمۈردى - يۇ، بىردىن قاقا- لىپ، سەسكىنىپ ئورنىدىن ئوقچۇپ تۇرۇپ كەتتى:

«ئايھاي ... نەدىكى سۇ بولسۇن! سۇ ئەمەس! ... سۇ ئەمەسكەن!.»

سېلىم يۇتۇۋالغان سۇنى قەي قىلىپ ياندۇرۇۋېتىپ، قاپقارا ماي پارقىرىغان قوللىرى بىلەن مايغا مىلىنىپ قارايغان چاچ - ساقاللىرىنى سىقىپ سىرىپ، كەينىگە ئەگىشىپ يۈرگەن ئۇ ئانا كېيىككە قارىدى: «كېيىك بۇرادەر، دوستۇم، سەن تېخىچە مەشەد-

لاق قول چوڭلۇقىدا سۇپسۇزۇك سۇنىڭ خۇددى فون-
تاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، چىغلىق ئىچىدىكى كۆلچەككە
بىر خىل رېتىمدا گۇرۇلدەپ چۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.
كۆلچەك ئەتراپىدىكى نەم توپىدا كېپىك، جەرەن، توش-
قانلارنىڭ سان - ساناقسىز تۇياق ئىزلىرى، تېزەك -
ماياقلىرى قالغان ئىدى.
سېلىم كۆلچەك بويىغا كېلىپ، مۇزدەك تازا سۇ-
دىن ئۇچۇملاپ قانغىچە ئىچتى، سۇنى شالاپلىتىپ يۈز-
كۆزلىرىنى يۇيدى. ئاندىن مۆجىزىلىك ماي بۇلاقلىرى
ئورۇنلاشقان قارا ماي تېغى ۋە شەربەتلىك سۇ بۇلىقى-
نى باغرىغا باسقان قامەتلىك توغراقنىڭ ئورنىنى كۆڭ-
لىدە جەزم قىلىۋالدى - دە، ئىككى كۈن يول بېسىپ،
سۆكسۆك ئورمانلىقىنىڭ ئىچكىرىسىدە يالغۇز تاشلىنىپ
قالغان ئايگۈلنىڭ قەبرىسى تەرەپكە ماڭدى.
مۇڭلۇق قەبرە يەنە سېلىمنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى.
قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كۆڭلىدە ئايگۈل
بىلەن مۇڭداشتى:
«قەدىرلىك ئايگۈل، رېشتىم باغلانغان پەرىشتەم،
خوش ... مەن بۈگۈن سىلى بىلەن ۋاقىتلىق خوشلىشى-
دىغان بولدۇم. زامان بىزگە رەھىمسىزلىك قىلغان، جا-
هان بىزگە تارلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىللە بولغى-
نىمىزنىڭ ئۆزى بىزگە چەكسىز بەختىيارلىق ئاتا قىلغان
ئىدى. شۇم پەلەك بىزنى بىر - بىرىمىزدىن جۇدا قىل-
دى، لەنەت! ... جەننەتتە كۆرۈشەيلى، مۇبارەك روھ-
لىرى قەلبىمدە چىراغ بولغاي ... بۈگۈن ياغ تاغنى

ئانا كېيىك بولسا، قەلبى شادىمان سىلىمدىن ئ
زىنى ئۆزمەي، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن ئۇزاققىچە
راپ قالدى.

## 10. «بۇ. مەن»

ماي بولاقلىرىنى تېپىشىلىپ، شادلىققا چۆمگ
سىلىم كېيىك ئوغلىقىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، قارا ما
تېغىنىڭ ئۇستىدىن ئەتراپقا سەگگىرىدى، تەخم
نەن 200 مېترچە يىراقلىقتىكى توپا دۆڭنىڭ تەسكە
تەرىپىدە قامەتلىك بىر قېرى توغراق يىگانە قەد كۆ
تۇرۇپ تۇراتتى؛ توغراقنىڭ باراقسان شاخلىرىدىكى يو
پۇرماقلار قۇرۇپ ئالتۇندەك رەڭ تۇزگەن ئىدى: تو
راق يىلتىزلىغان دۆڭ قىيپاش كەتكەن گىياھسىز ئوچۇقچ
لىق بولسىمۇ لېكىن دۆڭنىڭ ئالدى تەرىپى قويۇق چىغ
لىق ئىدى.

سىلىم توغراققا ۋە كەڭرى چىغلىققا نەزەر س
لىپ، بىردىن توغراق يىلتىزلىغان دۆڭنىڭ يان باغرى
دا كۆمۈش لىنتىدەك بىر ئەگمە ھالقىنىڭ يالتىراپ
چىمىرلاۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى ھەمدە «يالتىراق
ھالقا»غا قىزىقىپ، قارا ماي تېغىدىن چۈشۈپ، توغراق
تەرەپكە ماڭدى. بايا، ئانا كېيىكمۇ ئىككى ئوغلىقىنى
ئەگەشتۈرۈپ، ئاشۇ توغراق تەرەپكە كەتكەن ئىدى.
سىلىم چىغلىق ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قېرى توغراق
قېشىغا كەلدى ۋە توغراق يىلتىزى ئارىسىدىن چىمچى

خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ، ئادەمنى — ئىنسانلارچە ھا-
يات - تىرىكچىلىكنى كۆرگەن ئىدى.

بىراق، ئادەملەر ئۇنىڭ قىياپىتىگە قاراپ، چۆ-
چۈپ ئۆزىنى ياقىغا ئېلىشۋاتاتتى: يودۇۋالغان بۆرە،
تۈلكە تېرىلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ:

— غەلىتىلىكغۇ ... ياۋا ئادەممىكىنا؟! — دېيىشەتتى.

بۇ گەپلەر سىلىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ، گەز
باغلىغان لەۋلىرىنى ئۆمەللەپ دېدى:

— قورقماڭلار، مەن ئادەمغۇ ... ئادەمنى سېغىنى-
دىم، ئادەمنى پاناھ تارتىپ بۇ يەرگە كەلدىم. نېمىشقا
مەندىن قاچىسىلەر؟ مەن سىلەرگە بىر بەلەن خەۋەر —
قۇلاق ئاڭلىمىغان خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

ئادەملەر بىر- بىرىگە قارىشىپ قويدى. ئۇندى-
مىدى، سىلىم بۆرە، تۈلكە تېرىلىرىنى يول ئۈستىگە
تاشلاپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. خەقلەرنىڭ: «بۇ بىر جا-
ھانكەشتى دەرۋىش ئەمەسمىكىن، بىر ئۇلۇغلۇقلا گەپ
قىلىشۋاتىدىغۇ ...» دېگەندەك گەپلىرى قۇلىقىغا كىرىپ
تۇردى.

قىزىقسىنغان ئىككى - ئۈچ كىشى ئۇنىڭ ئەتراپى-
غا ئولاشتى ...

— نان يەمسەن، چاي ئىچكىن.

سىلىم ئۇلار تەڭلىگەن ناننى قولىغا ئېلىپ، قىزىق
چاينى پۈۋلەپ ئىچتى.

ئۆزىنى توختاتقان، چارساقاللىق بىركىشى سىلىمدىن:

— سەن بايا بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم دېۋى-

كەۋسەربۇلاقنى تېپىۋالدىم. كۆڭلۈم بەكمۇ خۇش، ب
يېغى — نۇر، ئۇنى جىمىكى ئادىمىزاتقا يەتكۈزۈش
نۇردىن ئاي جامالىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇش مېنى
بۇ دۇنيادىكى بەختسىز تىرىكچىلىكىمنىڭ مەنىسى بول
قالغاي ...»

سېلىم ئايگۈلنىڭ قەبرىسىنى قايتىدىن ياساپ، قەب
ئۈستىنى باھارگۈل چېچەكلىرى بىلەن بېزىدى، بۇ يە
گە پات - پات كېلىپ تۇرۇشقا كۆڭلىدە ۋەدە قىلىپ
دۇئادىن كېيىن خوشلاشتى، كەپىسىدىكى بۆرە - تۈل
تېرىلىرىنى باغلاپ يۈرۈپ ماي بۇلاقلىرىنىڭ قېشىغا قا
تىپ كەلدى.

ئاندىن مۆجىزىلىك ماي بۇلاقلىرى توغرىسىدىك
خۇش خەۋەرنى ئادەملەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇ دو
رەم كۈن پېتىش تەرەپكە قاراپ يول ئالدى (سېلى
ئىلگىرى ئايگۈل بىلەن كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ بىر
ھەپتە مېڭىپمۇ بۇ جاڭگالنىڭ چېتىگە چىقالمىغان ئىدى
بۇ قېتىم ئۇ تەۋەككۈلگە يولنى كۈن پېتىش تەرەپكە
سالدى).

ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بارا - بارا رەڭ
تۈسى ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان سۆكسۆك - يۇلغۇن، چات
قاللىقنىڭ ئارىسىدىن كونا ھارۋا يولىنى تېپىۋالدى.
يول بەزىدە پەيدا بولۇپ، بەزىدە يوقىلىپ كېتەتتى.
سېلىم ئەگىم - ئەگىم بولۇپ ئىز قالدۇرغان ھارۋا يو
لىنى بويلاپ يەنە بەش كۈنچە ماڭغاندىن كېيىن ئاخىر
كوناچە پەيزى ئۆتېڭىگە كېلىپ چۈشتى. سېلىم

لەپ بەردى.

— مۇنداق دېگىن. خەقلەرنىڭ بۇ جاڭگاللىنى «ئال-ۋاستى شەھىرى» دەپ ئاتىشى بىكار - ئەمەسكەن - دە! ئادەم سۆرەتلىك ئالۋاستى بار دېگىنى ئەسلىدە سەن ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق، — دېدى سىلىم، — مەن ئۇ يەردە ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىدىم.

— توختا، ئالدىرىما، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — مۇنداق بىر گەپمۇ بار: بەزى كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قى-لىشىچە، نامەلۇم بىر ئادەم ئوغرىسى ئالتە شەھەردىن بىر بەگنىڭ نىكاھلىنىش ئالدىدىكى گۈزەل خوتۇنىنى بۇلاپ ئەپقېچىپ مۇشۇ جاڭگالنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا ئەكىرىۋالغانمىش. كۈندۈزى بۇ قىزنىڭ تاپىنىدىن قې-نىنى شوراپ ئىچىپ، كېچىسى گۆشىنى بىر بۇردا، بىر بۇردىدىن چىشلەپ يەرمىش. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

— يالغان!

— يالغان؟ سەن بۇنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى قان-داق بىلىسەن؟

— ئۇ، تەگدىشى يوق ۋاپادار، غەيرەتلىك، سا-داقەتمەن قىز ئىدى، ئۆلۈپ كەتتى.

— ئۆلۈپ كەتتى؟ ... سەن ...

سىلىم بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەرنى قى-قىچە سۆزلەپ بەردى. ھەيران بولغان تىڭشىغۇچىلار سىلىمغا ئىچ ئاغرىتىپ - ھېسداشلىق قىلىشتى، ئېغىر ئۇھ تارتىپ، بىردىن تەمتىرەپ قېلىشتى.

دىك، ئېيتقىنا، ئۇ نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى.
سېلىم قاتار چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرىد
ۋە ئۆزى تاپقان ياغ بۇلاقلىرى توغرىسىدا سۆزلە
بەردى. كىشلەر بۇ ئاجايىپ خەۋەردىن ئەجەبلىنىشكەن بو
سىمۇ، لېكىن بۇ يەردىن نەچچە يۈز چاقىرىم يىراقلى
تىكى قورقۇنچلۇق چۆلگە ھەۋەس قىلمىدى. ئەكسىچە
«يەر تېگىدىن ئۆزى چىقىپ تۇرىدىغان يەر يېغى بار
دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، ئىشەنمىدى. بە
زىلەر قىزىقىسىنىپ سوراشتى:
— سەن ئادىمىزات ئايىغى تەگمىگەن ئاشۇ قار
جاڭگالدىن چىقتىم دەيسەن. خوپ، بۇ گېپىڭ راست بول
سا، ئېيتىپ باقە، ئۇ يەردە بېشى شىرغا، تېنى يولۋاس
قا، پۇتلىرى ئېيىققا ئوخشايدىغان بىر كۆك بۆرە بار
ئىمىش. بۆرە بەزىدە ئادەم زۇۋانىدا نالە - پەرياد چېـ
كىپ يىغلارمىش، بەزىدە قىشلاقلارغا كېلىپ، خەقنىڭ بو-
غۇرساق، ئېرىمچىك، گۆشلىرىنى ئېلىپ كېتەرمىش ...
سەن ئۇ مەخلۇقنى كۆردۈڭمۇ؟
— كۆردۈم.
— نېمە؟ ... سەن ئۇنى قانداق كۆردۈڭ؟
— بۇ، مەن.
— مەن دەمسىنا؟! ... توۋا ... سەن ...
سېلىم چوڭقۇر تاغ جىراسى ئىچىدىكى قىشلاقتا ئو-
زۇقلۇق ئىزدەپ بىر ئاق ئۆينى، ئادەملەرنى ئۇچرات-
قانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى «ئالۋاستى» دەپ
ئويلاپ، قىشلاقنى تاشلاپ يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىنى سۆز-

مۆجىزىلىك ماي بۇلاقلىرى قېشىدا كۆك قومۇشتەك تىرەن يىلتىزلاپ، چىدام ۋە غەيرەت بىلەن ئاخىر ئۆز ئىگىلىكىنى تىكلىدى. شامال ۋە بوران توپا - تاشلارنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ تىندۇرۇۋېتىشكە ئازلا قالغان ماي بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ چوڭقۇرلۇقتا كولاپ، لاي - لاتقا، تاش - شېغىللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، بۇلاق كۆزىنى راۋانلاشتۇردى. يەر ئاستىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قاپقارا سۈيۈقلۇقنىڭ تەخمىنەن ئوندىن توققۇزىنىڭ ھاجەتسىز سۇ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ماي بۇلاقلىرىنىڭ ئەتراپىغا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ پەلەمپەي شەكلىدە ئون نەچچە ماي چەككىلەش ئېتىزچىلىرى ياسىدى. ئېتىزچە يۈزىنىڭ تەكشىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، خۇددى سۈتتىن قايماقنى ئايرىۋالغاندەك، ماي بۇلاقلىرىدىن چىقىۋاتقان سۈيۈقلۇقنى ئېتىزدىن - ئېتىزغا ئېقىتىپ - ئۆتكۈزۈپ، سۇدىن ساپ مايىنى چەككىلەپ ئايرىپ چىقتى. ئايرىۋېلىنغان قويۇق مايىنى، ئاستى - چۆرىسىگە سىپىغىزلىق لاي سۇۋالغان ئىم كۆلچەككە يىغىپ قاچىلىدى.

يىللار تېز ۋە ئۈن - تىنسىز ئۆتۈۋەردى. ئەمدى ئۇنى ھېچكىم «سېلىم» دەپ ئاتىمايتتى. چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، قەددى - قامىتى بىر ئاز پۈكۈلگەن، كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزى تەمكىن، پەرىشتە سۈپەت بوۋاي بولۇپ قالغان ئىدى.

سېلىم بوۋا چەككىلىگەن مايىنى دەسلەپكى چاغلاردا قاپاقلىرىغا توشتۇرۇپ، ئېشەككە ئارتىپ ئۇزۇن سە-

— بولدى، بولدى، سۆزلىمە، ئۇ گەپنى ئاغزىغ
ئالما، — دېدى ئۆزىنى توختاتقان چارساقاللىق بى
كىشى سېلىمغا قاراپ، — خەپ، بۇ گەپنى ئىنسى
جىنغىمۇ تېنىما، بالاغا قالىسەن. بۇنىڭدىن كۆپ يىللار
ئىلگىرى بۇ ئۆتەڭنىڭ تېمىغىمۇ، «سېلىم دېگەننىڭ بې
شىنى كېسىپ تاپشۇرغۇچىلارغا مەنسەپ بېرىلىدۇ، ئال
تۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىنىدۇ ...» دېگەن مەزمۇندا
ئامبالنىڭ يارلىقى چاپلانغان. سېنى ئاختۇرۇپ بۇ يەر-
گە پات - پات قوراللىق چېرىكلەرمۇ چىقىپ تۇرغان.
بۇ ئىش بىر نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە بېسىقىپ قالغان
بولسىمۇ، لېكىن، سېنىڭ بېشىڭنى كېسىپ چوڭ مەنسەپ
ئېلىش تاماسىدا يۈرگەن ئاقساقاللار بۇ يەردە ھېلىمۇ
يوق ئەمەس.

سېلىم كونا چەپەيزە ئۆتىڭىدە بارى - يوقى بىر
كۈنلا تۇردى. ئۆزى ئېلىپ كەلگەن بۆرە - تۈلكە تې-
رىلىرىنى تىجارەتچى - ھارۋىكەشلەر بىلەن بىر قۇر
كىيىم - كېچەك، چېلەك - قاپاق ۋە بىر تەخەيگە تې-
گىشىۋالدى - دە، چاچ - ساقاللىرىنى ياسىتىۋېلىپ، يە-
نە قاراڭغۇ جاڭگال ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

## 11. يىللار ۋە ئادەملەر

30 يىل ئۆتتى...

30 يىل تېز ئۆتتىمۇ، ئاستا ئۆتتىمۇ، بۇنىڭغا
جىمجىت جۇڭغارىيە ھېچقانچە قىزىقمىدى. لېكىن، سېلىم

چىچىپ كۆيۈۋېرەتتى. ئات ـ كالا، تۆگە ۋە قوي ـ ئۆچـ
كىلەرنىڭ قوتۇر يارىلىرىغا سۈرتۈلسە، دەرھال شىپا
بولۇپ ساقىيىپ كېتەتتى ... بىر كۈنى سېلىم بوۋا ئېـ
شىكىگە مىنىپ، ئادىتى بويىچە ئايگۈلنىڭ قەبرىسىگە بېـ
رىپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ قايتتى. قايتىپ كېلىۋېتىپ
يولدا ھېلىقى كۆك مۇز ـ ئاق قار بىلەن قاپلانغان
چوڭقۇر جىراغا كۆزى چۈشتى، ئۆزىگە بوغۇرساق، ئېـ
رىمچىك، يېرىم قوينىڭ گۆشىنى قالدۇرۇپ كەتكەن قا-
زاق ئائىلىسىنى ئەسلىدى ۋە ئۇلارنى يوقلاپ ئۆتۈشنى
نىيەت قىلىپ قالدى.

سېلىم بوۋا ماي بولاقلىرىنىڭ قېشىدا ئۆز ئىگىلىـ
كىنى تىكلىۋالغاندىن كېيىنمۇ، خېلى ئىلگىرىلا بۇ قىشـ
لاققا بىر ـ ئىككى قېتىم كەلگەن، لېكىن تونۇش ئاق
ئۆينى تاپالمىغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ، ئېشىكىنى سۆكـ
سۆك غولىغا باغلاپ ئوتقا قويۇپ بېرىپ، خۇرجۇنىنى مۈ-
رىسىگە سېلىپ، ئۈمىد بىلەن قىشلاققا قاراپ يولغا چىقـ
تى. تاغۇ ـ تاشلاردىن ئېشىپ، كۈن كەچ كىرەي دېگەنـ
دە ئۆزى كۆزلىگەن ئاۋۇلغا يېتىپ كەلدى.

بۇ، كەچكۈز مەزگىلى ئىدى. قارىغايزارلىقنىڭ
يان باغرىدىكى قاپچىغايدا تونۇش ئاق ئۆي تۇرۇپتۇ.
ئاق ئۆينىڭ چېدىرىدىن قويۇق قارا ئىس ئاسمانغا كۆـ
تۈرۈلمەكتە ئىدى. ياۋا جىگدىلىكنىڭ شاخلىرىنى قاپلاپ
تۇرغان ئالتۇن مۇنچاقلار ئۇلتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈن
نۇرىدا قىزىل ياقۇتتەك يالتىرايتتى، جىگدىلىكنىڭ ئارىـ
سىدىن بىر پادا قوي ـ ئۆچكە مەرىشىپ ئاستا ـ

پەر قىلىپ، ئۆزى مەنزىل قىلىۋالغان ھارۋا يولغا چى-
قىپ چۆچەك، ئالتاي، شىخو تەرەپلەرگە قاتنايدىغان
ھارۋىكەشلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. ھارۋىكەشلەر
كۆپەيدى، بوۋايغا ئۆگىنىپ قېلىشتى، ئۇنىڭغا لازىملىق
نەرسىلەرنى قارارلىق يەتكۈزۈپ بېرىشتى.

كېيىن، سېلىم بوۋا ماي قاچىلانغان بانكا - تۇڭ-
لارنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ چەپەيزە، شىخو، ساۋەن
ۋە تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ چۆچەك، دۆربىلجىنلەرگى-
مۇ سەپەر قىلىدىغان بولدى. ئوت - چۆپلۈك يېشىل يا-
لاقنى كېزىپ، مېھماندوست قازاق ئاۋۇللىرىغىمۇ بار-
دى...

سېلىم بوۋا خۇشال ۋە ئۆزىدىن رازى ئىدى:
«ئايھاي ... نۇر تارقىتىپ يۈرۈپتىمەن. ئايگۈلنىڭ چى-
رىقىنى يېقىپ يۈرۈپتىمەن. مېنىڭ ئايگۈلۈم، يۈرىكىم،
سىلى شۇ تاپتا نەدە؟ ... بۇ نۇر ئىچىدە مەن كىمنى
كۆرۈمەن؟ ... ئايگۈلنى! ... » دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن
چۈشۈرمەيتتى.

سېلىم بوۋىنىڭ خېرىدارلىرى كۆپ ئىدى. چۈنكى
بۇ ماي 30 — 40 گرادۇسلۇق تىنجىق ئاپتاپ - ئىس-
سىقتا ئېرىپ سۇيۇلمەيدىغان، شۇ دەرىجىدىكى نۆلدىن
تۆۋەن قاتتىق سوغۇقتىمۇ قاتمايدىغان ئالاھىدەخىسلەتكە
ئىگە بولغانلىقتىن، ھەر خىل بېرىشكە، كۆتەك ھارۋى-
لىرىنىڭ ئوقىنى مايلاشقا تولىمۇ باب ئىدى. ئاز - تولا
قىزىتىپ چەككىلەنسە ياكى شۇ پېتى پاختا پىلىكلىك
تۇنىكە چىراغقا قۇيۇپ ئىشلىتىلسە كىرسىن ئورنىدا نۇر

ئايال ئەمدىلا چىراغ ياقماقچى بولۇۋېدى، سېلىم بوۋا خۇرجۇنىدىن بىر تۇنكە چىراغنى ئېلىپ، سەرەڭگە چاقتى، تۇنكە چىراغ ئوت ئېلىپ ئۆي ئىچى ۋاللىدا يورۇپ كەتتى.

— نېمە دېگەن ئاق يانىدۇ - ھە! — دېدى ئايال تۇنكە چىراغقا قاراپ ئەجەبلىنىپ ۋە خۇرجۇنىدىن چوڭ بىر بوغما قاپاقنى ئېلىۋاتقان بوۋايغا قاراپ قويدى.

— بۇ، سىلەرگە مەندىن يالداما بولۇپ قالسۇن، — دېدى سېلىم بوۋا تۇنكە چىراغنى نېرى ئىتتىرىپ، ئاندىن ئەر كىشىگە قاراپ داۋام قىلدى، — مانا بۇ بىر قاپاق ماينىمۇ ئال... سەن مېنى تونۇمىدىڭغۇ دەيمەن؟ مەن سېنى تونۇۋاتىمەن... ئۇ چاغدا كىچىكلا بالا ئىدىڭ، تازىمۇ قورقۇپ كەتكەن...

شۇنىڭ بىلەن گەپ تېپىشلىدى، سېلىم بوۋا ئۆتكەن كۈنلەرنى ھېكايە قىلدى، ئەر كىشى بىردىن ھېلىقى «ئالۋاستى» نى ئېسىگە ئېلىپ:

— سادا ئىكەنمىز، قورقىنىمىز راست، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇن يىلغىچە بۇ قىشلاققا ئاياغ باسمىدۇق، — دېدى.

بوۋاي بىلەن موماي ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، سېلىم بوۋا ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى، شۇ كۈنى بۇ ئۆيدە ئەزىز مېھمان بولۇپ تۈنەپ قالدى.

يىللار بوۋاينى مۈكچەيتتى. ئەمدى ئۇ جاڭگال كېزىپ، داۋان ئېشىپ يىراقلارغا بارالمايدىغان بولدى. خاسىيەتلىك مايغا ھاجەتمەن ھارۋىكەشلەر ئارىلىقىنى

ئاستا ئاق ئۆي تەرەپكە سۇرۇلمەكتە ئىدى.
سېلىم بوۋا ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى
بۆرە تۇكلۇك قېرى ئىت ئاق ساقاللىق مويسىپىت بو
ۋايغا ئېرىنچەكلىك بىلەن قاراپ قويدى - دە، ئالدى
پۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ كۆزىنى يۇمدى.
سېلىم بوۋا ئاق ئۆيگە قاراپ:
— مال - جېنىڭ ئامان بولسۇن، قېرىنداش، قو
ناقنى ① كۈتۈۋال، — دەپ توۋلىدى.
— كەل، كېلىۋەر، ئالدىڭدا داستىخان تۇرۇپتۇ...—
ئاق ئۆيدىن ئەركىشىنىڭ ئاۋازى چىقتى، — رىسقى
چوڭ ئىكەن، ئەتكە ئېغىز تەگ.
سېلىم بوۋا ئۆيگە كىردى، خۇرجۇنىنى قېشىغا قو
يۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئامان - ئېسەنلىك سوراپ
ئۆي ئىچىگە قارىدى.
ئۆيدە 35 — 40 ياشلارغا كىرگەن بىر ئەركىشى
يەنە بىر ئايال بار ئىدى. ئەر كىشى مۆڭگۈز ساپلىق
ئۇزۇن پىچاقتا گۆش پارچىلاۋېتىپتۇ، ئايال بولسا، ئاس
ما قازاننىڭ تېگىگە ئوت يېقىۋاتاتتى. ئۆي قاراڭغۇ بو-
لۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى ئىلغا قىلغىلى بول
مايتتى.
— ئۆيۈڭلەر قاراڭغۇ ئىكەن، — دېدى سېلىم
بوۋا ۋە خۇرجۇنغا قول ئۇزاتتى.
— ھە... بىر نېمە قىلساڭچۇ، چىراغ ياق، —
دېدى ئەر كىشى ئايالغا قاراپ.

① قوناق — قازاق تىلىدا مېھمان.

كېيىك، جەرەن تېرىلىرى ... ئوتلاپ يۈرگەن قېرى ئېشەك، غەلىتە مۈڭگۈزلۈك قېرى سېغىن ئۆچكە، قولىغا ئۆگەنگەن ئەركە توشقانلار ...

سېلىم بوۋا بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن 30 يىل قان-تەر ئاققۇزۇپ ئەجىر قىلغان، لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزى بۇ نەرسىلەرنى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ نەزەرى كۆپرەك تىنىمسىز بۇلدۇقلاپ كۆپۈكلىنىپ تۇرغان ماي بۇلاقلىرىدا ئىدى. ئۇ گويا مايىنىڭ نامەلۇم تەقدىرىدىن قايغۇرغاندەك ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ھەسرەتلىنىپ كەتتى.

ئۇ ھەسرەت چېكىپ ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن، بىردىنلا نېمىشقىدۇر غەيرەتلەنگەندەك بولدى-دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئالدىراپ لايسۇۋاق ئۆيگە كىردى، گويا شۇ تاپتىلا بېجىرمىسە بولمايدىغان جىددىي بىر ئىشقا تۇتۇنغاندەك پايپېتەك بولۇپ، يەيدىغان-ئىچىدىغانلىرىنى بىر خۇرجۇنغا قاچىلىدى. ئېشىكىنى مىنىپ يولغا چىقتى. ئۇ، چەپەيزىگە بېرىپ كېلىشىنى نىيەت قىلغان ئىدى.

بىراق، ئۇ يەرگە بۇ قېرى ئېشەك بىلەن توقاي ئارىلاپ ئۇدۇللا ماڭغاندىمۇ بەش كۈنسىز يېتىپ بارغىلى بولمايتتى. سېلىم بوۋا قاراماي تېغىدىن يولغا چىقىپ ئىككىنچى كۈنى كەچتە سۆكسۆك-چاتقاللىقنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بارغانچە ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىنى، ئېشەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىچىلىك ھالى قالمىغانلىقىنى سەزدى. ئېزىلىپ قالدى، ئالدىغا ئېڭىشىپ، ئېشەكنىڭ بوينىغا بېشىنى قويۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلاپ

يىراق كۆرمىسە، بۇ يەرگە ناگان ـ ناگاندا بىر كې
قالاتتى. كېيىنكى چاغلاردا نېمىشقىدۇر ئۇلارمۇ بۇ تەر
كە ئۆتمەيدىغان بولدى.
بىر كۈنى سېلىم بوۋا قاراماي تېغىنىڭ باغرى
ئۆزى ئۈچۈن كولىۋالغان گۆرنىڭ ئاغزىدىن ئۆمىل
چىقتى، دىرىلدىگەن ماغدۇرسىز پۇتلىرى بىلەن م
يولاقلىرىنىڭ قىرىغا چىك دەسسەپ ھاسىسىغا تايان
ھالدا بىر قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ، ئەتراپقا،
راقلارغا، چەت ـ چېكى كۆرۈنمەس چۆل ئىچىگە ئۇزا
تىن ـ ئۇزاق قاراپ كەتتى. بوۋاينىڭ كۆزىدە بىر خ
ئىنتىزارلىق، سېغىنىش، كىمگىدۇر تەلپۈنۈش ۋە يەن
قايغۇ ئالامىتىدەك بىر نەرسە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.
كېيىن ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە بەرپا قىلغان ئىك
لىكىگە نەزەر تاشلىدى: قاراماي تېغىنىڭ قىيپاش يۈز
دىن تۆۋەنگە قارىتىپ قاتار تىزىلغان ماي چەككىلەش
كۆلچەكلىرى، سۇنى چىقىرىۋېتىش قۇرۇلمىلىرى، ئالا
دە بىر كۆلدە توپلىنىپ ـ كۆلگە پاتماي قالغان قاپقار
پارقىراق ماي ۋە بۇ ھۇدۇتى يوق جۇغلانمىنىڭ قېشىد
ماي توشتۇرۇپ قويۇلغان نۇرغۇن قاپاق، چېلەك، بانكا
تۇڭلار؛ قاراماي تېغىنىڭ شەرقىي يان باغرىدا قەد كۆتۈ
رۈپ تۇرغان گەمە، قاراماي بىلەن سېغىز ئارىلاشتۇرۇپ
سىلىق سۇۋالغان ئۆي، ئىسكىلات، ئېغىل ـ قوتان، ئىشلى
تىلمەي بىر چەتتە تاشلىنىپ قالغان قاغجىراق يارىسيار
ھارۋا، قاپقان، تاپانتوزاققا ئوخشاش ھەر خىل ئوۋچى
لىق سايمانلىرى، كەكە، پالتا، گۈرجەك، بۆرە، تۇلكە،

ئەتراپتا غازاڭ تېرىپ يەپ يۈرگەن ئېشىكىنى كۆردى.

«يە، يەۋال، پۈتۈڭغا ماغدۇر كىرسۇن بىچارە، — سېلىم بوۋا. ئېشەككە مىسكىن نەزەر تاشلاپ پىچىرلىدى، — دوستۇم، يەنە بىرنەچچە كۈن يول مېڭىمىز كونا چەپەيزىگە يېتىپ بارالمايدىغان ئوخشايمىز، بوپتۇ، كېيىن بارارمىز، مەن ئازراق ماغدۇرۇمغا كېلىۋالاي، بېلىم رۇسلانسۇن. بىر ئامال قىلىپ يەنە ماي بۇلاقلىرىنىڭ قېشىغا كېتىۋالايلى، شۇنداق قىلايلى. بولمىسا ئايكۆلنىڭ قەبرىسى غېرىبسىنىپ قالمىغاي، شۇ يەرگە بارايلى...

دەل شۇ ئەسنادا، چاتقاللىق ئارىسىدىن ھۈركىگەن تۆت - بەش جەرەن دۈپۈرلەپ ئېتىلىپ چىقتى. سېلىم بوۋا تېنى جۇغۇلداپ بېشىنى سەل كۆتۈردى ۋە جەرەننى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىككى قوراللىق ئادەمنى كۆرۈپ داڭقېتىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

ئۇلارنىڭ بېشىدا سۇررەڭ تېرە قۇلاقچا، ئۇستىدە پاختىلىق شىرىماشىم - چاپان، پۇتىدا چىگرىسىن ئۆتۈك بارئىدى. ئۆتكۈر كۆزلىرى ئەتراپقا تېز - تېز چاپاتتى. «چىرىك! ... كاللا كېسەر چىرىك ... قېرىسىغان چېغىمدا قولغا چۈشكىدەكمەن. خۇدا، سېنىڭ كۆرسەتكىدىغان يەنە نېمە ئىلتىپاتلىرىڭ باردۇ؟ قانداق كارامەتلىرىڭ باردۇ؟».

سېلىم بوۋا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆزىنى پاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ ئالدىدا، ئازادە-يورۇق چېدىر ئۆي ئىچىدە كۆردى، كارىۋات ئۈستىدە يۇمشاق تۆشەكتە ياتاتتى.

ئاستا پىچىرلىدى: «ماڭ، مېڭگۈەر دوستۇم ... كۆڭلۈمـ
چۈشەن، ئادەم بار يەرگە ئېلىپ بار. بەلكىم بۇ
نىڭ ئاخىرقى خىزمىتىڭ، تۆھپەڭ بولۇپ قالار. تۇر
مىدىرلا، غەيرەت قىل ... نېمىشقا سۆكسۆك يوپۇرمىقـ
تۇمشۇقۇڭنى سوزۇۋېرىسەن؟ ھاڭۋاقتىلىق قىلما، چىدا
بۇ يەردە تۇنەش قورقۇنچلۇق جۇمۇ ... نېمىشقا سە
ھەيسەن بۇنى؟ ھۇۋلاۋاتقىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ، ھە؟ شۇ
داق، بۆرىلەرگە يەم بولۇپ كېتىمىز بولمىسا... ئىستە
ئايگۈل خېنىمنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا، مۆجىزىلىك
بۇلاقلىرىنىڭ چۆرىسىدە بولساقمۇ كاشكى!، تۇرما، خۇ
ساڭا مەدەت بەرسۇن ... بۇ يول ـ چىغىر توقاي ـ
تونۇشقۇ، ئازما، ئۆزۈڭ پۇراپ تېپىپ مېڭگۈەر بۇ ھ
ـىتىڭ ئۇچۇن ئەۋلادلار ساڭا تېخى رەھمەت ئېيتار
قېرى ئېشەك ئۆز مېڭىشىدا چاتقاللىق چىغىر يو
دا يەر پۇراپ ـ سىيپاپ مېڭىپ، ئاخىر تونىنى تاگ
ئۇلىدى. بىراق، سېلىم بوۋا بولالماي قالدى. باراقسا
سۆكسۆك دەرىخىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، پۇت ـ قو
بوشىشىپ، كۆزلىرى ئېلىشىپ، ئېشەك ئۈستىدىن قېلـ
غازاڭلار ئۈستىگە ئاستا سىرىلىپ چۈشتى.
بوۋاي نەم ۋە چىرىندى پۇراپ تۇرغان غازا
ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ئۇزاق ياتتى. تاڭ سۈزۈلدى، تىنىق
ئاسماندا، قۇياش نۇرلىرى جىلۋىلەندى، سۆكسۆك يوپۇر
ماقلىرىنى سۆيۈپ چۈشكەن ھالرەڭ لېنتىدەك بىر نۇ
بوۋاينىڭ كۆزىنى چىمىرلاتتى. سېلىم بوۋا تارتىشقان
پەيلىرىنى رۇسلاپ يېنىغا ئۆرۈلدى ۋە كۆزىنى ئېچىپ

زەشت بىزگە بىر قېتىملىق دەرس بولدى. تەشكىلاتىمىز سىلىنى شىخوغا ئاپىرىپ داۋالىتىشنى قارار قىلدى، بىز سىلى توغرىلىق ھۆكۈمەتكە دوكلات يازدۇق، — دېدى.

سېلىم بوۋا بېشىنى چايقىدى:

— رەھمەت، كۆپ رەھمەت، — دېدى ئۇ، دىلكەش ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ كۆزىگە قاراپ، — ھازىر مەن بەلەن بولۇپ قالدىم، قول - پۇتۇمغىمۇ جان كىرىپ قالدى. تىمەن تۇرۇپتىمەن، رەھمەت ... لېكىن، نېمىلىكى بولمىسۇن، مەن بۇ ماكاندىن ئايرىلمايمەن، تېنىم - جېنىم بۇ تۇپراق بىلەن سىڭىشىپ - تۇتىشىپ كەتكەن، ھېچنەگە كەتمەيمەن، ئۆلۈكۈم مۇشۇ جاڭگالغا، ئايگۈلنىڭ يالغۇز قەبرىسىنىڭ قېشىغا، مۆجىزىلىك ماي بۇلاقلىرىنىڭ يېنىغا كۆمۈلسە، مۇرادىمغا يېتىمەن، ئارمىنىم ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا غېمىممۇ، ئويلايدىغىنىممۇ يوق، — سېلىم بوۋا بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، داۋام قىلدى، — تىوۋا، ھۆكۈمەت ئادەملىرىمۇ مۇشۇنداق بولىدىكىنا؟ ئەقلىم يەتمەيدۇ، ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. پۈتكۈل رىيازەتلىك ئۆمرۈمدە پەقەت سىلەردىن شەپقەت كۆردۈم، مېھرىبانلىقىنىڭ تەمىنى تېتىدىم. كىم ئويلىغان جاھاندا مۇشۇنداق ئاستىن - ئۈستۈنلۈك بولۇشىنى! ... بوپتۇ، ھۆكۈمەت راستىلا جاپاكەش پۇقراغا ئوڭ كۆزىدە قارايدىغان ئىش بولسا، ھۆكۈمەتكە دەڭلار، تەخىر قىلماي مەندىن بۇ ماي بۇلاقلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالسۇن، ئۇ قارا ماي ئەمەس، قارا سۈيۈق ئالتۇن، قارا مەرۋايىت.

سېلىم بوۋا ئۆز لەۋزىگە سادىق بولۇپ قالدى ۋە

كارۋات ئەتراپىدا تەقى - تۇرقى بىر - بىرىگ
ئوخشايدىغان، كىيىم - كېچەكلىرىمۇ بىر خىل ئۇيغۇر
قازاق، خەنزۇ ... ھەر مىللەت ياشلىرى بىر خىل تەئەج
جۈپ بىلەن سېلىم بوۋايغا قارىشىپ تۇراتتى.

كۆزەينەك تاقىغان، كاپكازچە بۇرۇت قويۇۋالغا
ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ھەر خىل پارقىراق ئەسۋاب
لار بىلەن ئۇنىڭ يۈرەك، ئۆپكە ۋە بىقىنلىرىنى تەك
شۈرمەكتە ئىدى.

سېلىم بوۋا ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇشتۇمتۇت
پەيدا بولۇپ قالغان بۇ مېھرىبان ناتونۇش كىشىلە
ئىچىدە بىر ھەپتە تۇردى، داۋالاندى ۋە ئۇلاردىن
قۇلاق ئاڭلىمىغان غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇلار: گو
مىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى، پۈتۈن ئۆلكە
نىڭ ئازاد بولغانلىقىنى، زومىگەر - پومېشچىكلارنىڭ
ئەدىبىنى بېرىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ شىخو - ئالتاي
تاشيولىنى ياساش ئۈچۈن خەرىتە سىزىپ، قوزۇق قېقىپ
يۈرگەن قىسىم ئىكەنلىكىنى، جەرەن قوغلاپ يۈرۈپ
بوۋايغا ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى، يەنە باشقا نۇرغۇن
يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەردى.

سېلىم بوۋىغا بۇ گەپلەرنىڭ نۇرغۇنى چۈشىنىكسىز
ئىدى ۋە نېمە دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشنى بىلمەيتتى.

بىر كۈنى، ئۆزىگە ھەمىشە خەيرخاھلىق قىلىپ
كەلگەن قاراقاش بىر ئۇيغۇر يىگىت ئۇنىڭ بىلەن مۇڭ-
دىشىپ ئولتۇرۇپ:

— سېلىم بوۋا، سىلى سۆزلەپ بەرگەن سەرگۈ-

ياشىغا، ساي ئىچىدە ئاجىز شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئەگىز سۇلىرىغا، رەڭ تۇزۇپ بىخلىنىپ قالغان سۆكسۆك، يۇل-غۇنلۇقلارغا، چىغلىق ئىچىدە، چاتقاللىق ئارىسىدا غىل-پال سۇرۇرەڭ دۇمبىلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇپ چىپىشىپ يۈرگەن جەرەن، توشقانلارغا ... سەپسېلىپ قارىدى:

«باھار كەپتۇ، جاھان ئىللىپ قاپتۇ، — دەپ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، ئۇمىدۋارلىق بىلەن پىچىرلىدى سېلىم بوۋا.— ئايھاي ... مەن ئەمدى ئۆلمەيمەن، باھارغا ئۇلاشتىممۇ بولدى، ياشاۋېرىمەن. بەلەن كۈنلەر كېلىدۇ. قاراماي ئەتراپى باھارگۈل - چېچەكلىرى بىلەن تولىدۇ، ھەممە يەرنى يېشىللىق قاپلايدۇ ... كېيىك - جەرەنلەر، قارا قۇيرۇق، بېغىرتاقلار قىشتىن ئەركىلەپ نېرى كەتمەيدۇ. يۇلغۇن چېچەكلىرىدىن گۈلدەستە تۈزىدىغان ۋاقىت ئاز قالدى ... ئايگۈلنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ كەلسەم بولاتتى ... ئاھ، ئايگۈل ... جىسمىت جاڭگالدا يالغۇز قالدىڭغۇ ...»

سېلىم بوۋا ئۆز خىياللىرى بىلەن، ئۇنتۇلماس ئايگۈل بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىۋاتقاندا، قاراماي تېغىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شالاڭ سۆكسۆكلىك ئىچىدە قوڭغۇزدەك ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان بىر نەرسىنىڭ دۈمبىسى كۆرۈندى.

سېلىم بوۋا مۇنداق كېلەڭسىز مەخلۇقنى ھېچقاچان كۆرمىگەن ئىدى، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى تىترەپ ئەيمىنىپ قالدى. بىراق ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ سۆكسۆكلىك ئىچىدىن پاتقاق چاچرىتىپ گۈرۈلدەپ تەستە

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىشىكىگە مىنىپ، يول پىلا
غۇچى قىسىم دوختۇرى تەقدىم قىلغان دورا - دەرمەكلە
نى خۇرجۇنىغا سېلىپ، قاراقاش ئۇيغۇر يىگىتى بىلـ
خوشلىشىپ جاڭگاللىغا كىرىپ كەتتى.

### 12. «ئەسسالام، سېلىم بوۋا!...»

ئۇزۇن قىش چىقىپ كەتتى، باھار كەلدى ...

سېلىم بوۋا كېيىنكى چاغلاردا تولىمۇ زەئىپلىشـ
كەتتى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ھەردەم سايىدەك ئەگىشىپ ي
رەتتى، شۇڭا ئۇ ناۋادا ئەجەل سىرتمىقى بوينۇمغا چۈ
سە ئۆلۈكۈمنى قاغا - قۇزغۇن، يىرتقۇچ ھايۋانلار يە
كەتمىسۇن دەپ، گەمە ئۆيىنىڭ قېشىغا بىر گۆر كولىۋا
غان ئىدى. گۆرنىڭ ئاستى ۋە تۆت ئەتراپى قاراماي ئار
لاشتۇرۇلغان لاي بىلەن سىپتا سۇۋالغان بولۇپ، ئاغزىـ
لىق كەلگۈدەك تاش يۆلەكلىك ئىدى. ئەھۋالى بە
ناچارلاشسا، ئاز - تولا يېمەكلىك، بىرەر تاۋاق سۇنى
يېنىغا قويۇۋېلىپ گۆردە سوزۇلۇپ ياتاتتى، كىچىككـ
تۈزۈلۈپ قالسا، ئۆمىلەپ تاشقىرىغا چىقاتتى ...

بۈگۈن ئۇ، ئۆزىنى كىچىككىنە ياخشى بولۇپ قال
غاندەك ھېس قىلدى. گۆرنىڭ ئاغزىدىكى يۇمىلاق تاشنى
نېرى سۈرۈۋېتىپ، ئاستا ئۆمىلەپ گۆردىن چىقتى، ھاسـ
غا تايىنىپ بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن مېڭىپ، ماي بۇلاق
لىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئەتراپقا، يىراقلارغ
زەك سالدى ... ئاسماندا نۇر چېچىپ تۇرغان باھار قۇ

لى بىر - بىرلەپ نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ جەزمەن ئۆزى ئۇزاقتىن بېرى تەشنا بولۇپ كۈتۈۋاتقان ئادەملەر ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا. ئاخىر تېپىۋالدۇق، سىلى سېلىم بوۋىمۇ دەيمەن ... — تۆگىدەك قامەتلىك، گۆشمەستەك بىجىرىم بەستلىك، يۈز - كۆزلىرى بوران-چاپقۇنلاردا پىشىپ قارايغان، قېلىن كالپۇكلىرىغا بىر خىل دىدارلىشىش ئىنتىزارلىقى ياماشقان، تەخمىنەن 35 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر كىشى بازغاندەك تولۇق تۇم قوللىرىنى سوزۇپ، كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ، سېلىم بوۋىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئاخىر دىدارلاشتۇق ... بوۋا، قېنى، قوللىرىنى بەرسىلە، مەن بۇ مۇبارەك قوللىرىنى بىر سۆيۈپ قوياي.

سېلىم بوۋا نېمىشقىدۇر مۇڭلىنىپ قالدى. تىلىم-تىلىم قورۇق ئىزلىرى بىلەن قاپلانغان قوشۇمىسى ئۈچ بۇرجەكلىشىپ، كالپۇكلىرى ئۆمچىيىپ قالدى، نەپسى بېتىشمەيۋاتقاندەك، ئىختىيارسىز چاپىنىنىڭ ياقىسىنى قايرىيتتى ۋە ھەدەپ بېشىنى ئىككى تەرەپكە چايقايتتى، ئۇ ئېگىز بويلۇق كىشىگە پەقەت ئەدەب يۈزىسىدىنلا قولىنى سوزدى.

— سالام، بوۋا، نېمە بولسىمۇ سىزنى تېپىۋالدۇق - دە.

— ياخشىمۇ سىز، سېلىم بوۋا؟ ...

سېلىم بوۋا ئېگىز بويلۇق كىشىنىڭ ھەمراھلىرى

ئىلگىرىلەۋاتقان ماشىنا ئىككەنلىكىنى بىلدى، سېلىم بوۋ
مۇنداق ماشىنىنى بۇنىڭدىن ئوننەچچە يىللار ئىلگىرى
شىخو ۋە چۆچەككىلەردە بىر قېتىم كۆرۈپ ھەيران
قالغان ئىدى.

ماشىنا چاتقاللىق ئىچىدىن ئۆملەپ چىقىپ، پاتقاق - شېغىللىق سايدا قانچە چىرقىراپ كۆچىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي توختاپ قالدى. سېلىم بوۋا ئىشىكنى ئېچىپ ماشىنىنىڭ ئىچىدىن چىققان ئۈچ كىشىنى ئېنىق كۆردى، ئۇلار دەسلەپ ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندى، يەردىن نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك قىلىشتى، كېيىن ماشىنىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇنى مۇرىلىرى بىلەن ئىتتىرىشتى. لېكىن، ماشىنا مىخلاپ قويغاندەك تۇرغان يېرىدىن مىدىرلىمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تاماكا چېكىشتى، بىر - بىرىگە چاقچاق قىلىشىپ، كۈلۈشكەندەك قىلدى ۋە شۇ ئارىدا ئالدى تەرىپىدە چوقچىيىپ تۇرغان سىدام - پاكار تاغ ئۈستىدە، ھاسىسىغا تايانغان ھالدا ئۆرە تۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينى كۆردى ...

سېلىم بوۋا قانات قاققاندەك ئالدىراپ قارامايغا يامىشىپ چىقىۋاتقان ئۈچ كىشىگە كۆزىنى ئۈزمەي، سەپسېلىپ قاراپ تۇردى. ۋۇجۇدىنى بىر خۇشاللىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى، نەم قالمىغان كۆز چانا قلىرىدا شەبنەمدەك بىرنەچچە تامچە ياش پارقىراپ كەتتى. ئېغىر چىگىرىن ئۆتتۈكلەرنى، يۇڭلىرى قىيىلغان كالتە جۇۋا ۋە كۆلرەڭ - سۇر كۆپە قۇلاقچىلارنى كىيگەن بۇ ئادەملەر-

بىلەنمۇ بىر تەرىقىلىقلا كۆرۈشۈپ قويدى.

سېلىم بوۋىنىڭ ئانچە خۇشال ئەمەسلىكىنى سەزگەن ئۈچ كىشى سەل ئوڭايسىزلانغاندەك، بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى. بوۋاي قورۇنغان كۆزلىرىدىن ئارام - ئارام ياش تۆكۈپ، خۇددى كىچىك بالىدەك ئىسەدەپ، ئۆزىنى تۇتالماي، يىغلىۋەتتى:

— بولدى كېتىڭلار، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭلار، نېمە دەپ كەلدىڭلار بۇ يەرگە؟ ... پەلەكنىڭ گەردىشى تولا ئايلاندى دەپ ئاڭلىدىم، يېڭى ھۆكۈمەت جاپاكەشلەرگە يۆلەكچى بولمىش، بۇ گەپ راستمىدۇ؟ راست بولىدىغان بولسا، تۇۋا، ئۇلار مەن سېلىمنىڭ ئىبخى تىنرىك ئىكەنلىكىنى شۇكەمگىچە بىلمەيدۇ؟ ... سىلەر دەپ بېقىڭلار قېنى، مەن ئۆلۈپ - ئارتىپ قالسام، بۇ بولاقلارنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ، كۆزىنى كىم تازىلايدۇ؟! ... ئۇنى ئاپشۇرۇپ ئالغۇچىغا كىم ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ؟! ... ياكى سىلەر مەن سېلىمنىڭ كۆزى بۇ دۇنيادىن ئۇچقۇق كەتسۇن دېدىڭلارمۇ؟! ... مەن بۇ ئارزۇيۇمنى جەرەن - كېيىككىمۇ، بۆرە - توشقانغىمۇ، ئاسماندىكى ئۇچار قانات، بۇلۇت - شاماللارغىمۇ دېدىم ... ھېچقايسى سىلەرگە مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى يەتكۈزمىدىمۇ؟ ... تۇۋا، مۇشۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەنا!

سېلىم بوۋىنىڭ شىكايىتىنى ئۈچەيلەن ئاخىرغىچە ئاڭلىدى. ئىگىز بويلۇق كىشى سېلىم بوۋىغا ئۆزرە ئېيتتى.

سېلىم بوۋىنىڭ يىغىسى پەسلەپ قالدى:

— خەير، نېمىلىكى بولمىسۇن قېرىنى ئىزدەپ كەپسىلەر.



گۆشلەرگە ئېغىز تېگىشكە زورلىدى، قازانغا جەرەن گۆشنى
بېسىپ، قازان ئاستىغا سۆكسۆك كەسلەندىلىرىنى تاشلىدى.
— خوش، سۆزلە، سۆزلەۋەر ئوغلۇم، — دېدى ئۇ.
ئېگىز بوي، گەۋدىلىك كىشىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ، — ھە
بايا بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋېدىڭغۇ، گېپىڭنى بۆلۈپ
قويدۇممۇ؟ ... خوش، شۇنداق قىلىپ، سىلەر كىم بولى-
سىلەر، نەدىن كەلدىڭلار، نېمە ئىش قىلماقچى، شۇنى
دەپ بەرگىن ...
ئېگىز بويلۇق كىشى تەڭرىستېغىنىڭ ئىككى تەرى-
پىدە يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن
چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆزى-
نى ۋە ھەمراھلىرىنى تونۇشتۇردى:
— مېنىڭ ئىسمىم ۋارىسجان ①، — دېدى ئۇ ۋە
چاقچاق قىلىپ قوشۇپ قويدى، — لەقەم - نەسەب با-
بىدىن سۆز ئاچسام، لەقىمىم تۆگە، زىرەپ تائىپىسىگە
تەئەللۇقمەن. ئورۇن - ئەمەلىمنى دېسەم، مايتاغ نېفىت
شىركىتى قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولىمەن.
مۇنۇ يولداش، — دېدى ئۇ، يېنىدا چاي ئىچىپ ئولتۇر-
غان ئوتتۇرا بوي، 30 — 35 ياشلاردىكى خۇشچىراي،
كەمسۆز خەنزۇ كىشىنى كۆرسىتىپ، — ئىنژېنېر لۇي-
فىڭ ② بولىدۇ، قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-

① ۋارىسجان — 1947 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ بىرى.

② لۇيفىڭ — باش ئىنژېنېر، 1950 - يىللاردا مايتاغ جۇڭگو - سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ئىدى.

قېنى، گەمىگە مەرھەمەت قىلىڭلار، مېھمان بولۇڭلار ...

ئىزدىگۈچىلەر سېلىم بوۋا بىلەن مۇڭدىشىپ
شۇ كۈنى كەچكىچە بىللە بولدى. بوۋاي خۇشال ئىدى.
ھاياجانلىنىپ بىر ئىزدىدا ئولتۇرالماي قالدى. ھەمدە
شىخو - ئالتاي تاشيولىنى پىلانلىغۇچى قىسىم يەتكۈزگەن
خەۋەر بويىچە، بۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۈچ كۈندىن بۇيان
ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ:

— يارايسىلەر، يارايسىلەر، مەن بۇنىڭغا چىنپۈتتۈ-
مەن سىلەرنىڭ قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى ئىزدەپ
كېلىدىغانلىقىڭلارنى بىلەتتىم. دېگىنىمدەك بولدى، ئارمى-
نىم ھاسىل بولدى، — دېدى.

ئاندىن، ئىزدىگۈچىلەرنىڭ تەلپى بويىچە، تۇرۇپ
ھەسرەتلىنىپ، تۇرۇپ شادلىنىپ، ئۆز بېشىدىن كەچۈر-
گەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ياش يىگىتتەك روھلىنىپ،
مېھمانلىرىغا ئۆز ئەگلىكىنى كۆرسەتتى. مېھمانلار بول-
دۇقلاپ تۇرغان ماي بولاقلىرىنى، ماي ئايرىۋېلىش —
قاچىلاش كۆلچەكلىرىنى، تام - تورۇسلىرىغا جەرەن —
كېيىك گۆشلىرى ئېسىلغان ئىسكىلات، لاي سۇۋاق
ئۆي - گەمە، ۋە ئۆزى ئۈچۈن كولىۋالغان گۆرنى ...
ئۇزاق ئايلاندى ۋە بۇ ئۇزاق يىللىق جاپالىق ئەمگە-
كىنىڭ مېۋىسىدىن ھەممەيلەن زوقلىنىشتى.

سېلىم بوۋا مېھمانلارنى كىگىز - پالاس، كېيىك -
تۈلكە تېرىلىرى سېلىنغان سەرەمجان ئۆيىگە باشلاپ،
قولىغا سۇ بېرىپ ئالدىغا داستىخان سالدى. ئۇلارنى
چاي ئىچىشكە، قېتىپ كەتكەن نان، ئېرىمچىك، پىششىق

چۈشتى. ئۆزلىرى قىزىققان نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ
سوراپ، ئىنقىلاپ خاتىرە دەپتەرلىرىگە يېزىۋېلىشتى. بو-
ۋاي ئۇچۇر قىلىپ كۆرسەتكەن نېفىت بەلگىلىرى، ھەر
خىل ئالامەتلەر مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بەكمۇ ئىتىبارىنى
قوزغىدى.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى سېلىم بوۋا قاراماي
تېغى ھەققىدە ھېكايە قىلىپ، — نىكولاي، چار پادىشاھ-
مۇ، ئىشقىلىپ ئورۇس پادىشاھلىرىنىڭ زامانىسىدا بۇ-
نىڭدىن 50 — 60 يىللار ئىلگىرى بۇ يەرگە ئىك-
كى قېتىم ئادەم كېلىپ كۆپ ئاۋارە بولۇشۇپ ھېچنېمە
تاپالماپتۇدەك. ئۇلار: «يەر يېغى بولسىمۇ نوھ ئەلەيھىس-
سالامدىن ئىلگىرى بولغان، لېكىن ھازىر ھەممىسى يەر
يېرىقلىرىدىن سىرغىپ چىقىپ ھورغا ئايلىنىپ كەتكەن،
ئاۋارە بولغىچىلىكى يوقكەن» دەپ قايتىپ كەتكەنمىش...
سىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانمۇ؟

سېلىم بوۋىنىڭ سوئالىغا ئىنژېنېر لۇيفىڭ:

— ئاڭلىغان، بۇ ھەقتە ئېنىق خاتىرە بار ... —
دەپ جاۋاب بەردى.

— بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئىشىم يوق، — دېدى
بوۋاي بىر خىل ئىبرەتسىزلىك بىلەن بېشىنى چاي-
قاپ، — لېكىن يەر يېغىنىڭ ھەممىسى ھورغا ئايلىنىپ
كەتكەن، ھېچنېمە يوق، دېگەن گەپكە چىنپۇتمەيمەن،
يالغان. دۇرۇس، قاراماي تېغى ئۈستىدىكىدەك نەق،
ئوقەتنى — بولدۇقلاپ تۇرغان ماي بۇلاقلىرىنى بۇ جاڭ-
گاللاردا يەنە كۆرمىدىم. ئەجەبكى، بۇ چۆل - جاڭگال

لىقى. مۇنۇ كىشى، — دېدى ئۇ. قىزغۇچ - سېرىق چىراي، ئىختا كەلگەن. سېمىز كىشىنى كۆرسىتىپ، — سوۋېتلىك مۇتەخەسسىس پېتروپ بولىدۇ.

سېلىم بوۋا ۋارىسجاننىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇش بولۇپ، ئۇلار بىلەن قايتىدىن قول ئېلىشتى.

ئىنژېنېر لۇي فىڭ تاۋاقتىكى قىزىق چاينى بىر ئوتلاپ، سېلىم بوۋىغا قارىدى:

— سېلىم بوۋا، قارىغاندا بۇ چاي ماي بۇلاقلىرىدىن چىققان سۇدا قاينىتىلغاندەك تۇرىدىغۇ ... كۆنۈپ قاپلا - دە؟

— شۇنداق — دېدى سېلىم بوۋا، — نېمە ئامال؟ ئادەتلىنىپ قالدىم. ئەسلىدە بۇ يەردە توغراق يىلتىزىدىن چىرغىپ چىقىدىغان ئازراق شەربەت سۇ بولىدىغان. ئەھەي ... ئۇ سۇنىڭ ئىسسىقىغا نېمە تەڭ كەلسۇن! شۇغىنىسى، بەش - ئون يىل بولدى، بۇ سۇمۇ چىقماس بولدى، قۇرۇپ تۈگىگەن چېغى. شۇندىن كېيىن قىشتا قار سۈيى، ئەتىيازدا ئەگىز سۇلىرىنى، يازدا بۇ يەردىن يېرىم كۈنلۈكچە يىراقلىقتىكى توراڭغۇ بولىقىنىڭ سۈيىنى ئەكىلىپ ئىچىپ يۈرگەنتىم. كېيىن پاچاقتا مادار بولمىدى، ئىلاجىسىز ماي بۇلاقلىرىدىن چىققان سۇنى مايدىن ئايرىۋېلىپ، تىندۇرۇپ، قاينىتىپ ئىچىدىغان بولدۇم. زىيان قىلغىنىنى كۆرگىنىم يوق. بۇ سۇدا تۇز كۆپ، ئاش - تاماق ئەتكەندە تۇزنىڭ ھاجىتى يوق.

كېيىن مۇتەخەسسىسلەر نېفىت توغرىلىق پاراڭغا

قولۇمغا ئالمىغان ئىدىم... بوپتۇ، بارماقلىرىم قېتىپ قالغان بولسىمۇ، سازلاپ باقاي.

سېلىم بوۋا دۇتارنى قولىغا ئېلىشى بىلەنلا، جۇپ تارىدىن ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ پىغانلىرى نالە قىلدى. تۆگە قوڭغۇراقلىرى، تۆكمە يامغۇر، چىرقىرىغان بوران، ھۇۋۇلدىغان ئورمان، بۇلدۇقلىغان بۇلاق ... سۈرەتلەنگەندەك بولدى. ئۆز ناخشىسىنى مۇنۇ قوشاق بىلەن ئاياغلاشتۇردى:

مېنى كىم سورىماق بولسا مەگەر،
پىراقتىن قەلبى داغ دەڭلار.
نېمە قىلدۇ جاڭگالدا دېسە،
ساقلاپ ياتار ياغ دەڭلار.

بوۋاي ناخشىسىنى تۈگەتكەندە، ۋارىسجان، لۇي-فىڭ، پېترووپلار ئورنىدىن تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى، بارىكاللا ئوقۇدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋارىسجان ئالدىغا پەرتۇق تارتىپ، قولىغا ئۆزىنىڭ چاچ ئېلىش ماشىنىسى بىلەن ئۇستۇرىسىنى ئالدى، بوۋاينىڭ ئايگۈل تۇغرىسىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلىغاچ، ئۇنىڭ مايلىشىپ قارىداپ كەتكەن چاچ-ساقاللىرىنى يۇيۇپ، بىر چىرايلىق ياساپ قويدى.

سېلىم بوۋا ۋارىسجان تەڭلىگەن ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ كەتتى، ئىنژېنېر لۇي فىڭ سېلىم بوۋىغا قاراپ چاقچاق قىلدى:

ئاكى كۈن باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان يەرگىچە ساپلا يەر
يېغى بىلەن پۈتكەنىكىن دەپ جەزم قىلىمەن. نېمىشقا
دېسەڭلار، بۇرنۇم يەر يېغىنىڭ پۇرىقىنى ئىلغا قىلىشت
مېنى يەرگە قاراتمايدۇ، يەر يېغىنىڭ چۈچۈمەل - قاڭ
سىق پۇرىقىنى بۇ يەردىن ئۇن كۈنلۈك يىراقلىقتىكى
كۈن چىقىش تەرەپتىنمۇ بىمالال سەزدىم. تېخى تۆپىگ
چىقالماي يەر ئاستىدا گۈرۈلدىگەن يەر يېغى ئۆستەڭ
لىرىنىڭ تونۇش ئاۋازلىرىمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتقاندەك
بىلىنىدۇ... راست گەپ، بۇ يەرنىڭ ھەممىسى يەر
يېغى، قارا سۈيۈق ئالتۇن، چىمپۇتۇڭلار ماڭا ... دەر
گۇماندا بولماڭلار.

سېلىم بوۋا قارىيىپ نەم تارتقان تاشلىق ساي،
ئۆستىدە ماي پارقىرىغان سازلىق ۋە قىپپاش چۆككەن
تاغدىكى مايسىمان يېرىق قاتلاملارنى ساناپ بەردى ...

جەرەن گۆشى پىشتى، ھەممەيلەن بۇ مەززىلىك
گۆشنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. ۋارىسجان تامغا يۆلەك-
لىك تۇرغان كونا دۇتارنى قولىغا ئېلىپ بىر پەدە
چالغاندىن كېيىن:

— قېنى سىلىدىن بىر پەدە ئاڭلايلى، — دەپ،
دۇتارنى سېلىم بوۋىغا سۇندى.

سېلىم بوۋا دۇتارنى قولىغا ئېلىپ دېدى:

— ھەممەخۇشاللىقىم ئايكۆل بىلەن تۈگىگەن.شۇڭا،
راۋابىنى قايتا قولۇمغا ئالمىدىم، ئۇنى ئايكۆل بىلەن
بىللە يەرلىكتە قويدۇم. بۇ دۇتارنى بىر ھارۋىكەش
بۇرادىرىم ئەكىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، خېلى ئۇزاققىچە

تىترىدى، ئۆز كۆڭلىنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلمە-
گەندەك، بىردەم ۋارىسجانغا، بىردەم ئىنژېنېر لۇي فىڭغا،
بىردەم مۇتەخەسسىس پېتروۋىقا تەلمۈرۈپ قارايتتى. بوۋاي-
نىڭ ئۈمچىيىپ تىترىگەن كالپۇكلىرىنىڭ ئارىسىدىن
دولقۇنلىنىپ بىرلا سۆز:

— ئارمىنىم ھاسىل بولدى، مۇرادىمغا يەتتىم،
بار - يوقى شۇ، ھەممىسى شۇ، — دېگەن سۆزلا
چىققانتى.

سېلىم بوۋىنىڭ سوۋغاتلارغا كۆزى چۈشكەندە،
نېمىندۇر يادىغا ئەكىلىپ، ئالدىراپ ئىسكىلات تەرەپكە
چىقىپ كەتتى ۋە ئۇ يەردىن قېتىپ تاراقشىپ كەتكەن
بىر كونا تۇلۇمنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ئاندىن ۋارىسجان
بايا سوۋغات بىلەن بىرگە قويغان پۇلنى قولىغا ئېلىپ،
بىر پەس قاراپ تۇردى - دە، ئۇنى ئىككى قوللاپ
يەنە ۋارىسجانغا قايتۇرۇپ بېرىۋەتتى:

— بۇنىڭ ماڭا نېمە لازىمى؟ ... ئۇنى ئېلىپ نېمە
قىلىمەن، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، قولىدىكى تۇلۇمنى دۈم قىلىپ
يەرگە تۆكتى، تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن ياڭ زىڭشىڭ، جىڭ
شۇرىن، شاڭ شىسەي، ۋۇجىڭشىڭ ۋە جياڭجېشى ئىستىبدا-
داتىغا مەنسۇپ بولغان جىققىدا يارماق، قەغەز پۇللار
چىرىندى ياپراقتەك ئەتراپقا تارىلىپ كەتتى.

## 13. كۈن تۇغدى

1954 - يىلىنىڭ باھارىنى سېلىم بوۋا مىسلى كۆ-

— مانا ئەمدى بولدى، قىران يىگىتلەردەك ياش
رىپ كەتتىلە، — دېدى.
—شۇنداق، — دېدى سېلىم بوۋا، — يالغ
يوق، سىلەرنى كۆرۈپ، پۇت - قولۇمغا جان كىردى
يۈرىكىم يىگىتلىك چاغلىرىمدىكىدەك تىپچەكلەۋاتىد
مېھمانلار كۈلۈشتى.
مۇتەخەسسىسلەر بۇ يەردىن قوزغىلىشتىن ئىلگىرى
ۋارىسجان سېلىم بوۋىغا كىيىم - كېچەك، قارا چاي، چا
ماق قەنتكە ئوخشاش لازىملىق جىق سوۋغىلارنى، يە
بىر بولاق پۇلنى قويدى:
— مەن سىلىگە مايتاغ پارتىيە كومىتېتى، نېفى
شىركىتى نامىدىن چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن، — دېد
ۋارىسجان، سېلىم بوۋىنىڭ ئاجىز قوللىرىنى چىڭ تۇ
تۇپ، — سىلى بۇ ھېچكىمنىڭ نەزەرى چۈشمىگەن تاغ
ماي بۇلاقلىرىغا ئەقىدە قىلىپ، ئۇنى ئاسراپ ساقلاپ
قوغداپ بۈگۈنكى كۈنگە يەتكۈزدىلە، خەۋەر يەتكۈزۈپ
بىزنى ئىنتايىن مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە خۇش خەۋەرگ
ئىگە قىلىپ، بۇ يەرنى ئىزدەپ تېپىش تەتقىق قىلىش
يولىمىزنى كۆپ قىسقارتتىلا، رەھمەت. بۇنىڭ ئۆزى
ئۆلكىمىزنىڭ نېفىت سانائىتىنى بەرپا قىلىش يولىدىك
ئۆچمەس تۆھپە. بۇنى خەلقىمىز ئەۋلادتىن - ئەۋلاد
قىچە ئۇنتۇمايدۇ، سىلىگە ئاپىرىن - تەھسىن
ئوقۇيدۇ...
سېلىم بوۋا تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى، ئان
باغرىنى تاپقان مەسۇم گۆدەكتەك ئۆمچىيىپ كالپۇكلىرى

كىشىلىك ۋېشكا قۇراشتۇرۇش ئەترىتى تۇنجى قۇدۇق ئورنىدا ۋىژىلداپ تۇرغان ئاچچىق سوغۇق، ئىزغىرىن شامالغا پەرۋا قىلماي، تۇنجى بورۇۋاي مۇنارىسىنى قۇراشتۇرۇشقا كىرىشتى.

شۇ يىلى 6 - ئايدا دۇيجاڭ لومىنبۇ، مۇئاۋىن دۇيجاڭ ماستىرى، ئەيسا قارى باشچىلىق قىلغان «1219» ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن مايتاغدىن يۆتكىلىپ كېلىپ، بىپايان چۆللۈكنى لەرزىگە سالغان قۇدرەتلىك تېخنىكا - دېزېل ماتورلىرىنىڭ ئاۋازىنى ياڭرىتىپ، جۇڭغارىيە ئېتىكىدە تۇنجى نېفىت ئېلىش جەڭ سىگنالىنى ھەيۋەت بىلەن چالدى.

«1219» ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتى ئابلىز، مۇھەممەد، ھۇشۇرەم، نۇرسۇنەم، لى كېمىڭ (خەنزۇ)، سادۇ (قازاق)، تۇرسۇن (تاتار) ① قاتارلىق بۇرۇلچىكلار، ماتورچىلار، تېخنىكلار، مېخانىكلاردىن تەشكىللەنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭى 25، كىچىكى 20 ياشلاردا ئىدى.

سېلىم بوۋا بۇ كۈنلەردە گويا ياشلىققا قايتقاندەك بەكمۇ تېتىكلىشىپ كەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە كەمىسىدىن چىقىپ، قاراماي تېغى ئېتىكىدە ئاسمانغا بوي سوزغان گىگانت ماشىنىغا — ھەيۋەتلىك بورۇۋاي مۇنارىسىنىڭ قېشىغا كېلەتتى، نېفىتچىلارغا ئارىلىشىپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا زەڭ قويۇپ، قولىدىن كېلىشىچە ھەمدەم بولاتتى. ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك قالپاقلىرىنى كىيىپ

① يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلار 50 - يىللاردىكى قاراماي نېفىتلىكىدە نامدار ئىشچىلار، تايانچىلاردىن ئىدى.

رۆلمىگەن مەمنۇنىيەت ۋە ھاياجان بىلەن كۆتۈۋالدى:
— ئايھاي! ... جىمجىت جۇڭغارىيە ئاخىر ئويغ
دى! ... نەرە تارتىپ - سىلكىنىپ ئورنىدىن تۇرغ
شىردەك، ئاخىر قەددىنى رۇسلىدى! ... سادىغاڭ كېتەي
باھار، گۈل - چېچەكلەرگە تولغان باھار! ... ئۇمى
ۋە خاسىيەت نۇرلىرىنى چاچقان باھار! ... مېنى ئا
زۇيۇمغا يەتكۈزگەن، قاناتلاندۇرغان باھار! ...
سېلىم بوۋاينىڭ قەلبى خۇشاللىقتىن قانات قاقا
تتى. ۋارىسجان، لۇي فىڭ، پىتروپلار قايتقاندىن كېيى
باھارگۈل - چېچەكلىرىگە ئورۇلۇپ بۇ يەرگە كېلىدىغا
لارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. سېلىم بوۋا ئۆزىنى ئىنسانلا
ئارىسىدا قۇرغۇچى، كەشپىياتچى ئادەملەر ئارىسىدا ھېس
قىلىپ، چەكسىز شادىمانلىققا چۆمدى. نېفىت چارلاش
ئەترەتلىرى بۇ يەردە تۇنجى نېفىت قۇدۇقى قېزىلىدىغا
توچكىنى بېكىتتى. نامەلۇم قاراڭغۇ دۇنياغا ھۇجۇم
قىلىش سىگنالى چېلىندى ...
شۇ يىلى 10 - ئايدا ئابدىراخمان، ئىسلام ئاخۇن،
موھىدىن قاتارلىقلار يەتتە كىشىلىك قۇرۇلۇشچىلار گۇرۇپ
پىسى مايتاغدىن يۆتكىلىپ، تۇنجى قېتىم چۆل ئىچىگە
كىرىپ، بىرىنچى نېفىت قۇدۇقى قېزىلىدىغان توچكا
ئەتراپىغا بوتكا، ئىسكىلات، زېمىلەنكە (گەمە) ئۆيلەرنى
قۇرۇشنى باشلىۋەتتى. 1955 - يىلى 2 - ئايدا
سۇلايمان «پەيغەمبەر» باشچىلىقىدىكى، داۋۇت شانىياز،
ئىمىن سوپى، سايىم ئاخۇن، جاڭ فىسەن قاتارلىق
مەلىكىلىك تېخنىك ئىشچىلاردىن تەركىب تاپقان

بەپ بۇرغىلاش سۇپىسىغا چىقتى. بۇ يەردە ماستېرى، ئەيسا قارى ياش بۇرۇلچىك هوشۇرەم ۋە تۇرسۇنەمىلەر بىلەن چىددىي ئىشلىمەكتە ئىدى. ۋىرخوۋاي سەھنىسىدىن ئەمدىلا چۈشكەن بىر قازاق يىگىت ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى.

— بالىلىرىم، — دېدى سېلىم بوۋا، بىر ئاز ئەجەبلىنىش ئەكس ئەتكەن مۇلايىم كۆزلىرى بىلەن ئەيسا قارىغا قاراپ، — مەنسوراي، سەن بۇ يەردىكىلەر-نىڭ ئۇستىسىغۇ. سىلەرنىڭ بۇ قۇدۇقىڭلارنىڭ نېمان-داق تېگى يوق. قازىسىلەر، قازىسىلەر 400 مېتىر، 500 مېتىر بولدى دەيسىلەر، بۇرنۇدىغا ماي پۇرايدۇ- يۇ، لېكىن، ماينىڭ دىدارى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ... مېنىڭ ماي بۇلاقلىرىمنىڭ تىرەنلىكى ھاسامنىڭ بويىچىلىكمۇ كەلمەي-دۇ، ئۇنىڭ لاي - لاتقىلىرىنى سۈزۈپ كۆزىنى ئېچىۋەت-سەملا ماي چىقىۋېرىدىغۇ.

— ئۇ، شۇنداق، تالاشمايمىز، — دېدى ئەيسا قارى كۈلۈمسىرەپ داۋام قىلدى، — قارامايى تېخىدىكى ماي بۇلاقلىرى باشقا بىر گەپ، ئۇ دېگەن زېمىننىڭ قىسىشى بىلەن يەر يېرىقلىرىدىن ئۆزلۈكىدىن چىقىپ قالغان تەلۋە ماي دېسىلە. شۇڭا ئۇ، دەم يوقاپ، دەم پەيدا بولۇپ، ئاز - ئازدىن كۆپۈكلىنىپ چىقىپ تۇرىدۇ، بىز ئۇ يول بىلەن ماڭمايمىز، مۇتەخەسسىسلەر بۇ يەرنىڭ ئاستىدا ئېلىپ تۈگەتكۈسىز ماي بايلىقى بارلىقىنى ئېنىقلاپ بولغان. بىز ئۇنى ئېلىم - پەننىڭ كۈچى، بۇ ماشىنى-لارنىڭ قۇدرىتى بىلەن خۇددى ناسوستىن ئېتىلىپ چىق-

كۆرەتتى، قىزىق گەپلەرنى، جاڭگال لەتىپىلىرىنى
ئېيتىپ كۈلدۈرەتتى. دەم ئېلىش كۈنلىرى نېفىتچىلارنى
ئۆزىنىڭ گەمىسىگە تەكلىپ قىلىپ، كېيىك - جەرەن
گۆشلىرىدە شورپا سېلىپ مېھمان قىلاتتى. بېشىدىن
كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. ناۋاد
نېفىتچى يىگىتلەر بىرەر سەۋەب بىلەن كېلەلمىگۈدەك
بولسا، بورىۋاي قېشىغا پۈتۈن - پۈتۈن جەرەن گۆشلى-
رىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارنى يوقلايتتى.

بىر كۈنى سېلىم بوۋا ھەيۋەتلىك بورىۋاي مۇنارى-
نىڭ يەر - جاھاننى تىترىتىپ سىلكىشلىرىگە ھەيران-
لىق بىلەن سەپسېلىپ ئۇزاق قاراپ كەتتى. دەمۇ -
دەم كۈچ بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان ئاسما كۇلۇچنىڭ ئاۋازى،
تىنىمسىز ئۇلىنىپ چۈشۈۋاتقان سىۋىچ (ئۇلانما تۇرۇبا)
نىڭ تىترىشى بوۋاينى ھاياجانغا سالدى، رېتىملىق ئاي-
لىنىۋاتقان روتور (بۇرغىلاش تەخسىسى) ۋە يەر ئاستىغا
قارا يىلاندەك سوزۇلۇپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتقان
پولات تۇرۇبىغا قاراپ نېمىندۇر ئىنتىلغۇسى كەلگەندەك،
سېغىزلىق ئېرىتمە كۆلچىكى تەرەپكە ئۆتتى. بۇ يەردە
تۆمۈر نوردىن ئېقىپ كېلىپ ئۇششاق كۆپۈكچىلەرنى
ھاسىل قىلىۋاتقان ئاق - سېرىق شىلىمشىق لاي، لاي
ئۈستىدە چايقىلىپ - چايقىلىپ يوقاپ كېتىۋاتقان پار-
قىراق كۆپۈكچىلەر ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

سېلىم بوۋا سېغىزلىق ئېرىتمە كۆلچىكى يېنىدا بىر
پەس نېمىندۇر ئويلاپ ۋە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغان-
دىن كېيىن، كەينىگە بۇرۇلۇپ، تىك تۆمۈر شوتىنى دەس-

ياراملىق ۋېرخوۋاي (ۋېشكا ئۇستى) ئىشچىسى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى مېھرى بىلەن باغرىغا باستى.

ياز ئۆتۈپ، كۈز ئايلىرى يېتىپ كەلدى.

جۇڭغار ۋادىسىدا كەچكۈز قىشتەكلا سوغۇق بولدۇ. لېكىن «1219» ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتى سوغۇققا پىسەنت قىلمىدى. ئۇلار قەيسەرلىك بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىمەكتە، 100 نەچچە كۈن كۈرەش قىلىپ، پىلان بويىچە 620 مېترلىق بۇرغىلاش ۋەزىپىسى-نى تاماملاش ئالدىدا تۇرماقتا، جۇڭغار دالىسىنى خۇشال-لىققا چۆمدۈرىدىغان قۇتلۇق كۈننى كۈتمەكتە ئىدى.

سېلىم بوۋا پات - پات بورىۋاينىڭ بۇرغىلاش سۇپىسىغا چىقىپ ياكى سېغىزلىق ئېرىتمە كۆلچىكىنىڭ قېشىدىكى بوتكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نېفىتچىلار بىلەن پاراڭ سالاتتى، بولۇپمۇ يەر ئاستى تۇرۇبىسىدىن ئۈز-لۈكسىز چىقىپ تۇرغان ھەرقايسى يەر قاتلاملىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ بېسىمىنى مەخسۇس ئاپپاراتتا ئۆلچەپ خاتىرىلەيدىغان ئاقپىشماق يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھە، كاللېكتور، نېمە بۇرنۇڭنى تارتىۋېرىسەن، ھېچنېمە كۆرۈنمەمدۇ؟ ھەممىنى بايقاپ تۇرىدىغىنى ئاشۇ دەۋاتىتىڭغۇ سېنى، — دەپ، ئۇنىڭ ئۇچۇرلىرىغا قىزىقىسىنىپ گەپ سورايتتى.

— ئاز قالدى، سېلىم بوۋا، ئاز قالدى، — دەيتتى زېرەك كاللېكتور يىگىت، — بېسىم ئۆز نۇقتىسىغا يەت-

قان سۇدەك فونتانلىنىپ چىقىرىمىز، ئايىغى ئۈزۈلمە
دەريا بولىدۇ...

شۇ چاغدا، قازاق يىگىت بىشىدىن بىخەتەرلى
قالپىقىنى ئېلىپ، سىلىم بوۋىنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈ
قويدى:

— جاقسىمۇ سىز، ئاقساقال؟ — دەپ سالام بە
دى، — سىزدە مۇنۇ قالپاق كەم ئىدى، مانا ئەمد
راۋۇرۇس نېفىتچى بولدىڭىز.

سىلىم بوۋا قازاق يىگىتكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— توختا، توختا، بالام، سەن قازاقمۇ؟ — د
سورىدى.

— ئۇنىڭ ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك ئېنىق قازاق ئىكە
لىكىگە مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن گۇۋاھ، — دېيد
ئەيسا قارى خۇش چاقچاق ئاۋازدا.

سىلىم بوۋا يەنە قازاق يىگىتكە قارىدى:

— مەن سېنى تونۇۋاتىمەن، بالام.

— ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ... سىز سىلىم بو
ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇ چاغدا ...

—ئىسمىڭ جۇمانغۇ؟

— شۇنداق، جۇمانمەن.

— مانا دېمىدىممۇ، شۇ چاغدا مەن سېنى ئاتتەك
كۈچلۈك، يولۋاستەك باتۇر يىگىت بولىدۇ
دېمىگەنمىدىم.

سىلىم بوۋا بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى يالغۇ
قىشلاقتا ئۇچراتقان قويچى بالىنىڭ بۈگۈن بۇ يەرد

رادىئوگرامما ئاپپاراتى ساز ئاۋازدا تاقىلداپ، شۇ سائەتتە بۇ خۇش خەۋەرنى مايتاغقا، ئۇرۇمچىگە، نېفت سانائىتى مىنىستىرلىكىگە يەتكۈزدى!

پۈتۈن جاھان قاراماي نېفتلىكىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.

بۇ چاغدا سېلىم بوۋا قاراماي تېغىدا — بۇلدۇقلاپ تۇرغان ماي بۇلاقلىرىنىڭ قېشىدا نېمە بىلەندۇر مەشغۇل ئىدى. ئۇ، يەر - جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەن قۇدرەتلىك سادانى ئاڭلاپ، دەسلەپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. كېيىن ئۆزىگە تونۇش تونجى بورىۋاي ئاسمىنىدا پىردىن قارا مەرۋايىتتەك چاقناپ نۇرلىنىۋاتقان مەنزىرىنى كۆرۈپ ھاياجاندىن كۆزلىرى تىنىدى. كالپۇكلىرى تىترەپ چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئاندىن، ھاسىسىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، ياش يىگىتتەك روھلىنىپ بورىۋاي تەرەپكە يۈگۈردى، يۈلغۇن، سۆكسۆك چاتقاللىقلىرى ئارىسىدىن توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، شادلىق دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتكەن بورىۋايغا — نېفتچىلار ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى...

بوۋاي بورىۋاي ئەتراپىغا كۆل بولۇپ توپلانغان قارا سۈيۈق ئالتۇننى ئوچۇملىرىغا تولدۇرۇپ ئېلىپ، قەلبى سۆيۈنگەن ھالدا دەيتتى:

— كۈن تۇغدى! ... مۇبارەك باللىرىم ... ھايات باشلانغان كۈن! ... مانا بۇ ھەقىقىي بۇلاق! ... قارا ئالتۇن، قارا مەرۋايىت كانى! ...

تى، نېفىت بەلگىلىرى ئالىلقاچان روشەنلەشتى. قۇتلۇ
كۈنگە ساناقلىقلا ۋاقىت قالدى.

— ئەقلىم ھەيران، ئېتىلىپ چىقىدىغىنى ئەجە
گەن، — دەيتتى سېلىم بوۋا، — شۇ كۈننى بىر كۆ
سەم، كۆرگىلى بولارمۇ؟

— چاتاق يوق، گېپىمىز گەپ، — دەيتتى كاللىك
تور يىگىت ئۇنى ئىشەندۈرۈپ.

ئارزۇ قىلىنغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. نېفى
ئالامەتلىرى بارغانچە روشەنلىشىپ، قاپقارا نېفىت لېيى
سىغىمزلىق ئېرىتمە نورىغا پاتماي پۇركۈپ چىقىشق
باشلىدى.

جۇڭغارىيە تارىخىغا ئالتۇن ھەرپ بىلەن يېزىلغا
قۇتلۇق كۈن ئۆزىنى نامايان قىلدى: 1955 - يىلى
10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ
تە تۇنجى قۇدۇقتىن تۇيۇقسىز ئاسمان - زېمىننى لەر
زىگە كەلتۈرۈپ قاپقارا سۇيۇق ئالتۇن پاتمان كۈچ
بىلەن جۇڭغار كۆلىگە پارتلاپ چىقتى! ...

ھاياجانغا چۆمگەن جۇڭغارىيە شادىيانە قى - چۇ
تەنتەنە سادالىرى بىلەن قاپلاندى. ئاسمان بوشلۇقىغا
كەلگۈن سىزدەك ئېتىلىپ چىقىپ، كەچكى قۇياش نۇرى
دا قارا ئەتىرگۈلدەك يالتىراپ - شارقىراپ يەرگە
چۈشۈۋاتقان نېفىت فونتانلىرى ئاستىدا بىر - بىرىنى
قۇچاقلاپ، دوپپا - شەپكىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ تەن
تەنە قىلىۋاتقان نېفىت ئىشچىلىرى بىردەمدە پارقىراق
قارا ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتتى!

دىن سىرغىپ چىققان ئاقما نېفىتنىڭ قاتمۇ قات دۆۋى-
لىنىپ، بوران - چاپقۇن، قۇياش نۇرىدا تازىلىنىپ قې-
تىشىشىدىن شەكىللەنگەن. بۇ نەرسە بۈگۈنكى كۈندە
ھېچكىمگە سىر ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، سىز بۇ مۆجىزات-
نىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئالدىڭىزدا چىراي ئاچقان يىپ-
يېڭى دۇنيانى — جۇڭغار چۆللۈكىدە چاقنىغان نۇرلۇق
چولپاندەك، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان زامانىۋى،
كاتتا نېفىتچىلار شەھىرىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرىسىز.
شەھەر گۈزەل ۋە چىرايلىق. ئاسمانغا بوي سوزغان
كۆپ قەۋەتلىك بىنالار، يېشىل بوستان ئىچىگە چۆككەن
يول - كوچىلار، موكىدەك تۇتىشىپ تۇرغان چوڭ -
كىچىك ئاپتوموبىللار، جىمىرلىغان سانسىز ئېلېكتر چىراغ-
لىرى، ۋېلىسىپىت، موتسىكلىتلار بىلەن ئالدىراپ ئىشقا
كېتىۋاتقان نېفىتچىلارنىڭ كەلكۈندەك دولقۇنلىغان
سەپىرى ...

سىز بۇ يەردىن يەنە، كونا قاراماي تېغى ئېتىكىگە
سېلىنغان سەلتەنەتلىك چوڭ كۆرگەزمە بىناسىنى بىر
قاراپلا كۆرۈۋالالايسىز.

كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان جۇڭگو ۋە چەت-
ئەل ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلەر، زىيارەتچىلەر، پىئو-
نېرلار كۆرگەزمە بىناسى ئالدىدىكى يېشىللىقتا قەد
كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيكەلگە — ماي قاپاقلىرى ئارتىلغان
ئېشەككە يېنىچە مىنىپ، ئىككى پۇتىنى ساڭگىلىتىپ، راۋا-
بىنى شوخ پەدىگە چېلىپ، نەگىدۇر يىراق بىر نىشانغا
تەلپۈنۈپ يايراپ كېتىۋاتقان ئاپئاق ساقاللىق بوۋايغا

## 14. خاتىمە


ناۋادا سىز، قاراماي ئېفىتچىلار شەھىرىنى زى
رەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولسىڭىز، جەزمەن ك
قاراماي تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تاغ ئۈستىدە خۇدد
يۇمىلاق قارا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان مۆجىزىلى
تەبىئىي ماي بۇلاقلىرىنى سەيلە قىلماي قالمايسىز.

تىنىمسىز چىمىرلاپ تۇرغان ماي بۇلاقلىرى كىشى
بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىد
ئۇنىڭدا قۇياشنىڭ نۇرى، كۆپكۆك ۋە لەرزان ئېقىپ يۈ
گەن بولۇتلارنىڭ شولىسى كۆزنى چاقنىتىپ ئەكس ئېت
دۇ، بۇلاقلارنىڭ تەكشى يۈزىدىن ھەردەم كۆپۈكلىنى
بولدۇقلىغان يېقىملىق سادا ئەتراپقا ئاڭلىنى
تۇرىدۇ.

سىز بىر تەرەپتىن، بۇ قاپقارا ماي بۇلاقلىرىغ
ھېرىس - مەھلىيا بولۇپ، ئۇنى سۆيۈنۈپ تاماش
قىلىسىز، يەنە بىر تەرەپتىن، چوڭقۇر ئىپتىخار بىلەن
بۇ ئالتۇن بۇلاقلارنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋىشكارى مەرھۇم
سېلىم بوۋىنىڭ ئەجىرلىك ئەمگىكىنىڭ روشەن ئىزنالىرى
نى كۆرەلەيسىز.

ئەلۋەتتە، قاراماي تېغىنىڭ گەۋدىسى تاشمۇ، سېرىق
توپىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆل - گى
ياھلارمۇ يوق، قاپقارا پارقىراپ تۇرغان بۇ غەلىتە ئېگىز
لىك نەچچە ئون ئەسىر داۋامىدا چوڭقۇر يەر قاتلاملىرى

# ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى



## 1. «ئالۋاستى» غا چاقچاق

... ھەممىشە شۇنداق، نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئارىلىقتا چاچ - ساقاللىرىمنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئاپئاق ئاقىرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان «ئالۋاستى» ئويۇنىغا قىزىقىدۇ، شۇنداقمۇ؟ مانا سىلەرمۇ شۇنى سوراۋاتىسىلەر. «ئالۋاستى» ئويۇنى روزى ئاكام قىزىقچىلىق قىلىپ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ بولسىمۇ،

قاراپ، ئىختىيارسىز بىر لەچچە مىنۇت توختاپ قالىد
بۇ، سىلىم بوۋىنىڭ ھەيكىلى.

ھەيكەل ئاددىي. ئۇ ئانچە نەپىس ئىشلەنمىگ
بولسىمۇ، لېكىن غايەت زور تارتىش كۈچىگە ئىگە ب
لۇپ، گويا ئۇ، بىر قارىغاندا، توي تارتىپ قىز كۆچ
رۈپ كېلىۋاتقان ھاياجانلىق قىران يىگىتكە، پايان
چۆل، يېشىل يايلاقنى لەرزىگە كەلتۈرگەن جۇشقۇن س
زەندىگە، جۇڭغارىيە ۋادىسىنى دولقۇنلاتقان شادىما
ناخشىچىغا ئوخشايدۇ. يەنە بىر قارىغاندا بولسا، ئ
كۆمۈش رەڭ چاچ ـ ساقىلى، ئاق يەكتەكلىك بەستى
ئاق گۈللۈك بادام دوپپىسى بىلەن، گويا، پۈتكۈل
جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى قويۇق ئورماندەك قاپلاپ كەنكە
بوز ۋاي ۋېشكىلىرىغا، نۇر دېڭىزىغا ئايلانغان گۈزە
نېفىتچىلار شەھىرىگە مەمنۇنلۇق بىلەن خۇشال نەز
سېلىپ تۇرغان قامەتلىك بوغدا چوققىسىغا ئوخشايدۇ.

مەڭگۈ ھايات سەن بوغدا ئاتا...

1985 - يىل، 7 - ئاي،

قاراماي - مايتاغ

چاقچاقنىڭ سىرى، شۇنداقمۇ؟
راستىنى ئېيتقاندا، بۇ چاقچاقنىڭ ھېچبىر كارامىتى، سىرى، مەنىسىمۇ يوق. لېكىن، ئۇنى بىر - ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن يېشىپ بېرىشىمۇ ئاسان ئەمەس. شۇڭا، ئاۋۋال «ئالۋاستى» بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىم ھەققىدە دەپ بېرەي.
كەچۈرۈڭلار. خەقلەر مېنى ئادەتتە مۆرىمەس بىر لېمە، دېيىشىدۇ. شۇنداق بىر خۇي - پەيلىمۇ باركى، ئۇچلۇق بۇرنۇم ئاستىدىكى قېلىن كالپۇكلىرىم ئېچىلسىلا، ئۆزۈممۇ سەزمەيمەن، گېپىم ھەر تەرەپكە شاخلاپ كېتىدۇ.
خوپ، ھېكايىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى:
مەن تۇم - تۇم كىتابلارنى ئوقۇپ ئىخلاس قىلغان نۇرغۇن ئالىم - كەشپىياتچىلار، ئەدىب - مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى ۋاراقلاپ، ئۇلارنىڭ بالىلىق، ياشلىق چاغلىرىغا نەزەر سالسام، بىزدەك ئادەملەرگە ئەجەبلەنگۈلۈككى ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ئالەمگە تۆرۈلۈپ، ئايىغى چىقا - چىقمايلا، بىر يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنى، نېمىگە ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى، قىسقىسى، كەلگۈسىدە كىم بولىدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ بولىدىكەن.
بۇ — ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنىڭ بىشارىتى ئۆزى بىللە چۈشتى دېگەندەك بىر ئىش.
مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرىپ تاكى ئالىي مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگىچە،

لېكىن ئۇنىڭ رادىئاكتىپ نۇرنىڭ «ئويۇنى» ئىسكەنلىكى بۈگۈنكى كۈندە نېفىت چارلىغۇچىلار ئۈچۈن سىر ئەمەس.

كىمكى رادىئاكتىپ نۇر بىلەن چاقچاقلىشىپ باقماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئۆز رەقىبىگە قىلچە سىلى - رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى زۆرۈر.

مەن رادىئاكتىپ نۇر بىلەن بىر قېتىم چاقچاقلىشىپ كۈچ سىنىشىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلغان. ئۇ كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتىكى كىچىككىنە چاقچىقىمدا قان تومۇرلىرىمدىكى بارلىق ئاق قان دانچىلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاپ، خۇددى سېھىرگەر ئالۋاستىدەك، مېنى بىردەمدىلا چاچ - ساقاللىرىمدىن تارتىپ كىرپىكلىرىمگىچە ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن بىر مويسىپىت بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىمدە ئۇنىڭغا ئازراق چاقچاق قىلدىم: ئۇ، سىلى - رەھىمگە موھتاج بولمايلا قالماستىن، بەلكى كىچىككىنە قوپاللىقىنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان تازا نازۇك ئىدى. شۇڭا ئۇنى پاختىغا ئورالغان چوغنى كۆتۈرگەندەك، ئەركىلىتىپ كۆتۈرۈۋالدىم - دە، پەم بىلەن ئايرىپ، ئۆزىنىڭ غەلىتە ماكانىغا «بەنت» قىلىپ قويدۇم.

بىراق، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا «ئالۋاستى»، ماڭا «ئاقباش» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالدى.

مەن بىلىمەن، سىلەرنىڭ قىزىقىۋاتقىنىڭلار «ئالۋاستى» بىلەن «ئاقباش» ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ

رىس ئىدىم: بۇھران مەڭگۈزلۈك كىچىككىنە، ئالا ئۇغـق بىلەن قارا كۆل قوزىسىنى ئالسام، ئىككى سىڭلىمۇ ماڭا ئۇلاردەك ئامراق ئەمەس. ئادام ئەتىگەندە خالتامغا سېلىپ بەرگەن زاغرىنىڭ تولىسىنى ئوغلاق بىلەن قوزا يەپ تۈگەتتەتتى، ئۇلار قوزا چوش بولار - بولمايلا ماڭا ئۆلگۈدەك يېپىشىۋېلىپ يۇڭلۇق تومشۇقلىرى بىلەن ئالقانلىرىمنى يالاپ، پوشقاقلىرىمنى چىشلەپ تارتىپ، نان خالتامنى قورۇغدىمىغىچە ئۇنۇمايتتى.

بىر كۈنى دەريانىڭ ئۇ قېتىدا تويۇقسىز قويۇن كۆتۈرۈلدى، ئۇ خۇددى ئاسمانغا مۇرىدەشكەن مونارغا ئوخشايتتى. بىر كەمدە شىددەتلىك پىرقىرىغىنىچە ئوتلاققا ئۆتتى.

ئادام: قويۇنغا قارىما، يېقىن بارغۇچى بولما، ئۇ دېگەن پېشى ئايلانغان مەست ئالۋاستى، دەپ جىق - جىق نەسىھەت بەرگەن ئىدى. مەن قورقتۇم. لېكىن قويۇن ھوشقۇيتۇپ پىرقىرىغىنىچە كېلىپ، ئوغلاق بىلەن قوزىنى يۇتۇۋالدى».

«ئاپلا! ...»

مەن ئېتىلىپ بېرىپ ئۆزۈمنى قويۇنغا ئۇردۇم - دە، ئوغلاق بىلەن قوزىنى قۇچاقلىۋالدىم.

قويۇن يىراقلاپ كەتتى. بىراق مەن « ئالۋاستى» بىلەن ئۇچراشقانلىقىمنى ئانامغا دېمىدىم.

## 2. قىمارۋازلىقتىن مەزىنلىككە

يېشىم سەككىزگە توشقاندا، دادام مەھەللىمىزدىكى

قىسقىسى، ئون يىللىق بىلىمنى مېڭەمگە قاچىلاپ بو
غاندىن كېيىنمۇ، تووا دەيمەن، بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى
قايسى بىرىگە بەكرەك قىزىقىدىغانلىقىم ئۇخلىسام چۈشۈ
گە كىرىپ چىقماپتۇ. گويا ئېچىرقىغان بۆرە يەيدىغا
لىقى نېمە بولسا، شۇنىڭغا ئۆزىنى تاشلىغاندەك، ئوقۇي
دىغانلىقى كىتاب بولسا، ئوقۇۋېرىپتىمەن ...

ئەلۋەتتە، بۇنىڭمۇ سەۋەبى بار: سەككىز يېشىمغىچە
قوي باقتىم. ئۆيىمىز بىلەن دەريانىڭ ئوتتۇرىسى كەڭرى
ئوتلاق ئىدى، ئوتلاقنىڭ دەرياغا تۇتىشىدىغان قىرغىقى
يېشىل مەخمەلدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆپكۆك چىملىق
بولۇپ چىملىقنىڭ ئاخىرى ھېچكىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىد
بولمىغان يەكەن - قومۇشلۇققا تاقىلاتتى.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە قويلارنى چىملىق بىلەن
قومۇشلۇققا قويۇۋېتەتتىم - دە، نان خالتامنى يالغۇز
جىگدىنىڭ شېخىغا ئىلىپ قويۇپ، يېشىل چىملىقتىن دەر-
ياغا، دەريادىن قۇملۇققا يۈگۈرەيتتىم، سەكرەيتتىم، مول-
لاق ئاتاتتىم، ئاندىن كېيىملىرىمنى سېلىپ تاشلاپ،
تىزىمغا كەلمەيدىغان لايغا ئارىدا بولۇشىغا سۇ چاچرى-
تىپ ئۇياقتىن - بۇياققا چاپاتتىم. كېيىن، ئۆزۈمنى
قىزىق قۇم ئۈستىگە تاشلاپ، كۆزۈمنى كۆپكۆك ئاسمانغا
تىكىپ، بىردە دەريانىڭ يېنىك شارقىرىشىغا، بىردە
قومۇشلۇقتىكى ئۆردەك - قاشقالداقلارنىڭ «غوۋ - غوۋ»
قىلىپ سايرىشىغا، بىردە پاقىلارنىڭ يېقىمسىز كۇرۇلدى-
شىغا قۇلاق سېلىپ ئوڭدا ياتاتتىم.

مەن قويغا ئايىغىم يەرگە تەگكەندىن تارتىپ ھې

30 ئوغۇلنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ، نومۇس كۆچىدىن:

— بولدى قىزىمنى تىكتىم! ئۇتتۇۋالسام ئات ماڭا قالسۇن، ئۇتتۇرۇۋەتسەم، بولاپتۇ، سەن بىر خوتۇنلۇق بولۇپ قالغىن، دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىپ ساپتۇ.

تاۋكا ئەتراپىدىكى خالايىق بۇ گەپنى ئاڭلاپ، چۇرقىرىشىپ جاھاننى بېشىغا كىيىپتۇ:

— ياشاپ كەت، نوچى! بۇ دېگەن خوتۇنى مەلىكە دىلسوزنى لەيلىۋەشكە ئۇتتۇرۇۋەتكەن پىرى ئۇستاز جەمشىتنىڭ روھى! ...

— ھىممىتىڭگە ھەشقاللا، دوكەشلەر! ...

— پەيزىڭ بار! ... قېنى، ئەكە كەكلىكنى! ...

— ...

كەكلىكلەر مەيدانغا تاشلىنىپتۇ. ئۇلار بازغىنىپ بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خۇش ئاۋازدا بۇقۇلداپ شىددەت ۋە مەردانىلىق بىلەن ئېلىشىپتۇ. تۈك توزىتىپ تېپىشىپ، يۇلۇپ - تارتىپ چوقلىشىپ، بىر - بىرىنى قانغا بوياۋېتىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، قارشى تەرەپنىڭ كەكلىكى دادامنىڭ كەكلىكىگە زەرب بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپتۇ - دە، تۇمشۇقىدىن قان قۇسۇپ، شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ.

كەكلىكى پاخشە بولغان كىشى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، شۇ سورۇندىلا قىزىنى دادامغا نىكاھلاپ چېتىپ قويۇپتۇ.

كىچىك مەسچىتكە مەزىن بولدى.

بۇ ئىشتىن ئانام بۆلەكچە رازى بولۇپ:

— تىكەندىن گۈل ئۈنگەندەك ئىش بولدى. يۇر... كىم سۇ ئىدى. ئىلاھىم كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ، ئېپى... سىپىدا ئادەم بولۇپ كەتسە، ئەجەب ئەمەس ... — دېگىنى ھېلىمۇ يادىمدا.

بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى مەن تۆكەمدە چۈشەنمەيتتىم. كېيىنرەك ئاڭلىشىمچە، دادام ياش چاغلىرىدا مەھەللىمىزنىڭ بىر قولتۇقىدا كەكلىك، بىر قولتۇقىدا خوراز قىستۇرۇقلۇق، يانپىشىدا غىلاپلىق پىچاق پۇلاڭلاپ تۇرىدىغان نوچى يىگىتلىرىدىن بولغان ئىكەن. يۇرتمۇ يۇرت قاتراپ، خوراز، كەكلىك سوقۇشتۇرىدىكەن، ئۆز رەقىبىنى يېڭىپ، بىرنى ئىككى قىلىشۋالمىسا، پۇخادىن چىقمايدىكەن.

بىر قېتىم چوڭ بىر سورۇندا دادام ھەممە دوكەشلەرنى يېڭىپ داڭ چىقىرىپ كېتىپتۇ. بىر رەقىبىنىڭ ئېتىنىمۇ قوشۇپ ئۇتتۇۋاپتۇ. خورىزى پاخشە بولۇپ، ئېتىنى قوشۇپ ئۇتتۇرۇپ قويغان ھېلىقى ئادەم دادامغا دەپتۇ:

— كېلە ئوغۇل بالا بولساڭ، ئەمدى كەكلىك سوقۇشتۇرىمىز.

— باشما - باشما؟ ياق، — دەپتۇ دادام، — مەن كەكلىككە ئاتنى قوشۇپ تىكتىم، سەن نېمەڭنى تىكتىڭ قېنى؟

ئۇ ئادەمنىڭ سورۇندا كەكلىككە قوشۇپ تىككىدەك ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. ئۇ تاۋكانى قورشاپ تۇرغان

لەر سورىسا، بىزنىڭ ئۇنداق دادىمىز يوق، دەڭلار، كۆرسەڭلار يۈزىگە قارىماڭلار! بىز ئانامنىڭ دەردلىك پىغانلىرىغا قۇلاق سالغاچ، ئۇزۇن يول بېسىپ، ئېگىز - پەس يارلىق ئارىسىدىكى چېغىر يولغا چۈشتۇق. مۇشۇ چېغىر يولدىن ئۆتۈۋالساقلا، چوڭ دادام ئولتۇرۇشلۇق يېزىنىڭ تەۋەسىگە كىرەتتۇق.

چېغىر يول ئادەمسىز، سۈرلۈك ئىدى. قورقىنىمىزدىن كۆڭلىكىمىزنىڭ ئىچىگە ئۆمۈچۈك كىرىۋالغاندەك، يارلىقتا ئېچكىرىلىگەنسېرى تېنىمىز تىكەنلىشىپ، ئۈنىمىز ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئانىمىزنىڭ كۆڭلىكىگە يېپىشىۋالدۇق. بىر كەمدە ئانام ئۇشتۇمتۇت «ۋاي! ...» دەپلا، ئەندىكىپ ئورنىدا تۇرۇپ قالدى.

......

بىز دەسلەپ ئانىمىزغا، ئاندىن ئەيمىنىپرەك ئانىمىز قارىغان تەرەپكە قارىدۇق. يان تەرەپتىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان بىر ئادەم كۆرۈندى. سىڭىللىرىم ئانامنىڭ ئېتىكى بىلەن يۈزلىرىنى يېپىۋېلىشتى. مەن قاراپلا قانغا مىلىنىپ ياتقان كىشىنىڭ دەل بىزنىڭ دادىمىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم - دە، بار ئاۋازىم بىلەن:

— دادا! ... مېنىڭ دادام! ... — دەپ ۋارقىراپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتتىم ...

دادام تېخى تىرىك ئىكەن. قانسىراپ كەتكەنلىكتىن كالپۇكلىرى گەز باغلاپ، چىرايى قەغەزدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋازىنى چىقىرىپ گەپ قىلىشقا

دادام بۇ چاغدا 30 ياشقا يېقىنلىشىپ قال
بولسىمۇ، تېخى ئۆيلەنمىگەن ئىكەن. جامائەتنىڭ «ئا
بارىكاللىسى» ئاستىدا قىزنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىنگەش
رۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

دادام بىلەن ئانام خېلى يىللارغىچە ئ
ئوتەلمەپتۇ.

ئانام ئۆزىنىڭ قىساردا ئۇتتۇۋېلىنغان خوت
بولۇپ قالغىنىغا ئازابلىنىدىكەن؛ دادام بولسا، ئانام
ئۇتتۇۋالغان ئولجام، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ھېچقان
ئىلتىپات كۆرسەتمەيدىكەن. ئەكسىچە، كەكلىك بىلە
خورىزىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ، ھەپتىلەپ - ئايلاپ
دېگۈدەك نەمۇ - نە كېتىدىكەن؛ ئۇتتۇۋالسا، سەرپايلىر
يېگىلىنىپ، ئۇتتۇرۇۋەتسە، يالاڭتۆش قوغلاندى بولۇ
قايتىپ كېلىدىكەن.

بىر يىلىنىسى ئانام ئۆيدىنمۇ، دادامدىنمۇ بىزا
بولۇپ، بىزنى ئەگەشتۈرۈپ، چوڭ دادىمىزنىڭ ئۆيىگ
يامانلاپ ماڭدى:

— دادا ئەمەس، ئاپەت ئۇ! — دەيتتى، ئانا
يول بويى دادامنى ئەيىبلەپ، — ئون يىل مېنى قاقشا
تى، سىلەرگىمۇ بالام، دەپ كۆيمىدى. خوتۇن - باللى
رى ئاچ - زېرىن يېلىڭ - يوپۇق، ئۆزى بولسا قىما
ۋاز! ... شۇمۇ تىرىكچىلىكمۇ؟ ...

ئانامنىڭ مۇڭ باسقان ئىككى كۆزىدىن يول بوي
ئەلەم ۋە خورلۇق يېشى تۆكۈلۈپ ماڭدى:

— قۇرۇسۇن ئۇنداق ئەر، ئۇنداق دادا! ... خە

كۆرۈپ دادامنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى:
— بۇ نېمە!... سەن ...
ئانام ئۆپكىسى ئېسىلىپ ئۇزاق يىغلىدى.
— دېسە گەپ، دېمىسە دەرد، — دېدى ئانام ئاخىر، — سىلى ئاشۇ كۈنى بىھوش يېتىپ، ئەمدى خوراز بىلەن كەكلىكنى قولۇمغا ئالسام مۇشۇ خەنجەرنىڭ ئۇچى يۈرىكىمگە سانجىلغاي، ھالال جۇپتۇم ھارام بولغاي، لەۋزىمنىڭ راستلىقىغا مۇشۇ خەنجەر گۇۋاھ بولسۇن، دەپ قەسەم ئىچكەنتىلە. مانا ئەمدى ساقىيپلا كونا كېسەللىرى قوزغالدى. خوپ بولدى، مانا مەن ئەمدى سىلىگە ھارام ......
ئانام شۇ گەپنى دەپ بوقچىسىنى كۆتۈرۈپ تالاغا ماڭدى. بىز ئاكا - سىڭىللار ئانامنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلدۇق:
— ئانا! ... ئانا! ...
دادام داستىخاندىكى خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ تۇردى - دە، بىردىن ئۇنى تورۇسقا قارىتىپ غەزەپ بىلەن ئاتتى. خەنجەر تورۇسقا سانجىلىپ قالدى.
— سەن كېتەمسىنا! — دادام كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ ئانامغا گۆلەيدى، — كېتىمىش! ...... بىلىپ قوي، مەن سېنى بىرىسىدىن تىلىۋالغىنىم يوق، قىماردا 30 ئوغۇلنىڭ كۆزىچە ئۇتۇۋالغان خوتۇنسەن ......
ئانام بۇ گەپنى ئاڭلاپ، گويا ئۈستىدىن بىر تاغ كېلىپ باسقاندەك، تۇرغان ئىزىدا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

قۇربى يەتمىدى.
مەن ئىتتىك ئانامغا قارىدىم.
ئانام بۇ چاغدا نېمە ئۈچۈندۇر كۆزىنى يۇمۇۋا
غان ئىدى، لەۋلىرى تىترەپ، چىرايى ئاقىرىپ كېتىۋاتات
ئۇ دادامنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، گەرچ
ئورنىدىن مىدىرلاپ قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن مە
ئۇنىڭ چوڭقۇر قايغۇ ـ ئازابلىنىش ئىچىدە ئۈنسىز پەر
ياد چېكىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى سەزدىم:
ــ ئانا! ... جېنىم ئانا! ...ــ بىز ئاكا ـ سىڭ
ئۈچىمىز ئانىمىزغا يېپىلىندۇق. ئانام دەرمانسىز پۇتلىرى
بىلەن دادام ياتقان قانلىق ئۆڭكۈر تەرەپكە ئاس
سىلجىدى ......
ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. دادام خەنجەر قانسىرات
قان خەۋپلىك يارىسى ساقىيىپ، خېلى ئوبدانلا بولۇپ
قالدى، پەقەت بىر قېتىملا كىمنىڭدۇر ئىسمىنى ئاتاپ
«نامەرد خۇمسى، تېخى ئوغۇل بالىمىش! ... چىدىماس
بەزگەك! ...» دەپ، تۇتۇرۇقسىز غودۇڭشىپ قويدى ـ دە
يەنە نەمۇ ـ نە كېزىپ، نوچى خوراز، كەكلىك
ئىزدەشكە كىرىشتى.
بىر كۈنى ئانام ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقىپ
كېتىپ، چۈش مەھەل بىلەن نەدىندۇر دادامنى تېپىپ
كەلدى. بىز ئۈچ ئاكا ـ سىڭىلنى پەگاھقا يۈكۈندۇرۈپ
ئولتۇرغۇزۇپ، دادامنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى.
ئاندىن ياغلىقىغا ئوراپ ساقلىغان بىر يېرىم
بىسلىق خەنجەرنى ئەكىلىپ قويۇپ قويدى. خەنجەرنى

## 3. تەقدىر

بۇ نېمە؟... تەقدىرمىكىن ياكى دادامنىڭ ھىممىتىمۇ؟...

ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆزگىرىدىكەن دېسە، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى تولىمۇ ئاددىي بولىدىكەن. مەن ئاخىر، ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە قەدىرناس دوستلىرىم قوي، پاقا، يىڭناغۇچ بىلەن خوشلاشتىم...

بىر كۈنى كەچقۇرۇن پادىنى ئالدىمغا سېلىپ، دەريا بويىدىن قايتىپ كەلسەم، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا ئۇششاق باللار يىغىلىشىۋاپتۇ. باللار ئارىسىدا يېزىمىزدىكى بىردىنبىر ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى دادامغا قاراپ، يالۋۇرغان قىياپەتتە نېمىنىدۇر دەۋاتاتتى.

مەن قويلىرىمنى ئېغىلغا سولىۋېتىپ، باللارنىڭ قېشىغا كەلدىم.

— بالا ئالۋۇڭى ماڭىلىمۇ! — دېدى دادام چېچىلىپ، — ئىش - ئالتىدىن بالىسى بارلارمۇ بارغۇ؟ خەتلەۋەرسە بولۇۋېرىدىغۇ. يېپىشىپلا ئاللىغۇ كىشىگە. مەن بالامنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتامدىم، ھۆكۈمەت مەكتىپىدىمۇ، تېخى ئويلاپ كۆرمىدىم.

— ئۇنداق قىلمىسىلا مەزىناخۇنۇم، — دېدى مۇئەللىم دادامغا ئېزىپ - ئېچۇرۇپ، چۈشەندۇرۇپ، — بايا سىلى مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئىلىم - بىلىم ئۆگەنگەن ياخشى ئىش، دېگەن. ئوقۇغاننىڭ ساۋابى چوڭ. ئۆتكەن يىلى خەتلەي

ئاردىن بىر ئاي ئۆتكەندە، بىر كۈنى دادام ماڭا:

— ئەمدى بىكار نان يەيدىغان ۋاقتىڭ ئۆتتى، سەھمۇ مىدىرلا، ئىشقىن، — دەپ مېنى مەھەللىمىزدىكى مالچىلارغا قوشۇپ قويدى...

دادام مەزىن بولۇشتىن ئىلگىرى، بۇ يەردە بىناماز ھېسابلىنىپ، ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى. پەقەت تەقۋادار قېرى ئىمامدىن تەپ تارتىپ، ئاندا - ساندا مەسچىتكە بېرىپ بامدات نامىزىنى ئۆتەپ قوياتتى.

بىر كۈنى سەھەردە دادام بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىۋېتىپ، مەسچىتتە تېخىچە ئەزان چىقمىغانلىقىغا دىققەت قىپتۇ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مەسچىتكە بېرىپتۇ، قارىسا ھېچكىم يوق، شۇنىڭ بىلەن پەشتاقتا چىقىپ، خالىس ئەزان ئېيتىپ قويۇپتۇ.

شۇ كۈنى، كونا مەزىن بەكلا ياشىنىپ قالغانلىقتىن، ئاغرىپ قېلىپ ئەزان ئېيتالمىغان ئىكەن. مەسچىت قەۋمى دادامنىڭ خېلى خۇش ئاۋاز بىلەن ئەزان ئېيتالىغانلىقىنى بىلىپ، مەزىن قىلىپ سايلىۋاپتۇ.

ئەسلىدە بۇ مەسچىتنىڭ جۇغى - جەمى يىگىرمەدەكلا جامائىتى بار ئىدى. دادام مەزىن بولغاندىن كېيىن، مەسچىت قەۋمىنىڭ تەخمىنەن يېرىمى بۇنداق قىمارۋازغا سەجدە قىلىپ مەسچىتكە بارغىچە، نامازنى ئۆيدىلا ئۆتىگەن تۈزۈك، دەپ تېزىپ كەتتى. دادام بولسا، بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئەزىنىنى ئېيتىۋەردى.

ئانام دادامنىڭ دىلىغا چۈشكەن بۇ دىنايەتتىن بەكمۇ خۇرسەن ئىدى...

بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ دەريا بويىدا پاشا قورۇپ، يىڭناغۇچ قوغلاپ زېرىككەن چاغلىرىم يادىمغا چۈشۈپ، مەنمۇ شۇنداق يېڭى مەكتەپتە ئوقۇغان بولسام، دەپ ئارمان قىلغان ئىدىم.

ھازىر ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا، دادامنىڭ ئىختىيارىنى ماڭا قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى:

— دادا، دادا، مەن ئوقۇيمەن. يېڭى مەكتەپتە ئوقۇي...

بۇ گەپ ئاغزىمدىن چىقا - چىقمايلا، دادامنىڭ غەزەپ بىلەن «چاك» قىلىپ ئاغزىمغا تەگكەن شاپىلىقى كۆزۈمدىن ياش ئورنىغا ئوت چاچرىتىۋەتتى، ئىككى تال چىشىم قانغا بويىلىپ، ئالقىنىمغا چۈشتى.

دادام شۇ بىر شاپىلاق بىلەن پۇخادىن چىققان بولسا كېرەك، مۇئەللىمنىڭ:

— ھوي،... مەزىناخۇنۇم، بۇ نېمە قىلغانلىرى، مەكتەپتە ئوقۇمىسا، ئوقۇمىسۇن، ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرغان مۇشتەك بالىنى ئۇرۇشقا قانداق قوللىرى باردى!— دېگەن گېپىگىمۇ قۇلاق سالماي، چالۋاقىغان پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

مۇئەللىم مېنى مەكتەپكە خەتلەشتىن ۋاز كەچتى. دادام مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا «ئوقۇيمەن» دېگەن ئاغزىمغا بىر شاپىلاق سالغان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا ئىچى ئاغرىدىمۇ ياكى مۇئەللىمنىڭ گېپىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئويلىدىمۇ ھېچ بىلمىدىم، ئەتىسىدىن باشلاپ مېنى مەك-

دېمەم، بالا كىچىك، يېشىغا توشسۇن، دەپ تۇرۇۋالـ
بۇيىل ئۇنى يەنە كىچىك دېگىلى بولامدۇ؟...
گەپ مېنىڭ ئۈستۈمدە ئىكەن. نېمە دەيدىكـ
دەپ ئىتتىك دادامغا قارىدىم. دادامنىڭ چىرايى جـ
دۇنلۇق كېچىدىكى بۇلۇتتەك قارىداپ كەتكەن ئىدى، بـ
قولى بىلەن ھەدەپ شالاڭ بۇرۇتلىرىنى چىمدىپ تارتا
تى. بىر كەمدە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، «لاپ» قىلىپ ما
قارىدى، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بېگىزدەك قادىلىپ جىندە
تۇرۇۋالدى - دە، ئۈشتۈمتۇت ھەممە ئىختىيارنى ماگـ
بېرىۋەتتى:
— ئەپەندى خەقكە گەپ تېپىپ بەرگىلى بولامتتـ
مۇ؟ ئوقۇش ئالۋىنى مېنىڭ بالامغىلا چۈشكەن بولسا
تەقدىرىدىن كۆردۈم، گەپ ئۆزىدە. ئوقۇمايمەن دېسە
زورلاشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس. ئۆزى دەپ باقـ
سۇن...
مەن يېڭى مەكتەپنى بىر قېتىملا كۆرگەن. ئانا
ئۆيدىن يامانلاپ، بىزنى يېتىلەپ چوڭ دادامنىڭ ئۆيىگـ
ماڭغان كۈنى قازىلىق مەدرىسىنىڭ روبىرىدىن ئۆتـ
كېتىۋېتىپ، مەدرىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى يېڭى مەكـ
تەپكە كۆزۈم چۈشكەن، مەكتەپ تەرەپتىن «جىرىڭ - جـ
رىڭ» قىلىپ ئاڭلانغان قوڭغۇراق ئاۋازى ماڭا بەكـ
يېقىملىق ۋە يېڭى بىلىنگەن ئىدى، شۇ قوڭغۇراق ئاۋاز
دىن كېيىن، ئاپئاق ئۆيلەردىن مەن قۇراملىق باللا
چۇرقىرىشىپ چىقىپ، چاسا بولۇپ، مەشكە دەسسىگەنـ
گىمناستىكا ئوينىغان، غەزەل ئوقۇپ مەكتەپنى بېشـ
كېيىگەن ئىدى.

ئەپسۇسكى مەندە ئۇنداق ئېنىق ئويىمۇ، پىلانىمۇ
يوق ئىدى. كەلگۈسىدە زادى كىم بولماقچىمەن؟ بۇنى
ئويلاپ كۆرمەپتىمەن، ئوقۇيدىغانلا ئىش بولسا، ئوقۇۋې-
رىش مېنىڭ ئادىتىم بولۇپ قالغان.

مەسىلەن، ئىكس - ئىگىرىكلار بىلەن تۇتۇشۇپ
قالسام، خۇددى زەرەپشان دەرياسىدىن كېپەك ئالتۇن
سۈزگۈچىلەردەك، ئۇنىڭ قات - قېتىنى ئېچىپ، نەتى-
جىسىنى چىقارمىغىچە گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيتتى. فىزىكى-
چۇ؟ ئايهاي...! جىسىملارنىڭ ھەرىكىتى شۇنداق بىر سېھ-
رى چۆچەككى، مەن ئۇنىڭ سىناقلىرىدا بىرەر قېتىممۇ
«90» نومۇرغا قانائەت قىلىپ باققان ئەمەس. خىمىيە،
بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە، تارىخ، ئەدەبىيات... بۇ پەن-
لەرغۇ ئابايا، ھەتتا، رەسىم، غەزەل، تەنتەربىيىلەردىمۇ
«90»نومۇر ئېلىپ قالغان كۈنۈم جىلى بولۇپ كېتەتتىم.

بىراق، ھەممىگە قىزىقىپ، ھېچنېمىنى مەركەز
قىلماسلىق ۋاقتانى - ۋاق كەلسە، بۇنىڭمۇ بىر خىل
ئاجىزلىق. ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتەلمەسلىك بولىدىغانلىقى-
نى كىم بىلسۇن؟

شۇنداق قىلىپ، ماڭا ئالىي مەكتەپنىڭ ئىشىكى ئې-
چىلىپ قالدى. ئىمتىهان قەغىزىدىكى «نېمىگە قىزىقىسىز؟»
دېگەن گىراپىغا «ھەممىسى ئوخشاش، ئوقۇسىلا بولىدۇ»
دەپ يازدىم. بۇ جاۋاب ئازراق كۆلكىگە سەۋەب بوپتۇ.
كېيىن ئوقۇغۇچى تاللىغۇچى كىشى مەندىن سورىدى:

— شۇنداق قىلىپ، سېنىڭ ئارزۇيۇڭ نېمە؟

— ئوقۇش.

تەپكە ئەۋەتتى. مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا ماڭا ئاتاپ، باش - كۆزۈمگە ۋۇرۇپ دۇئامۇ قىلىپ قويدى.


يېڭى مەكتەپ — يېڭى مەكتەپ... ماگنىيتلانغان تۆمۈرگە يېپىشقان يىڭنىدەك يېڭى مەكتەپكە يېپىشىپلا قالدىم. باشلانغۇچ مەكتەپتە بولغان بۇ جەرياننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكى يادىمدا يوق. ھەر بىر يېڭى دەرس، جاھاننامە ئەينەكتەك، ناتونۇش ئالەمنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۆزۈمنى خۇددى يىراق ئۇپۇققا قاراپ، گۈل - چېمەنلىك يول بىلەن كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئالدىمغا قاراپ كېتىۋەردىم.

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلىم يېزىمىزدا بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتتى، يەر ئىسلاھاتى باشلىنىپ كەتتى. دادام بۇ چاغدا خېلى تەقۋادار مەزىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىر كۈنى ئۆزىچە:

— كىچىك بولساڭمۇ ئەقلى - ھوشۇڭ جايىدا ئىكەن، يېڭى مەكتەپتە ئوقۇيمەن، دەپ دۇرۇس ئىش قىلغان ئىكەنسەن. زامان يېڭىلىنىۋاتىدۇ، يېڭى مەكتەپنىڭمۇ بازىرى چىقىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. ئوقۇ بالام، — دەپ، مېنى ئىلھاملاندۇردى.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلىم ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا ئالىي مەكتەپكە چىقىپ ئوقۇشنىڭ گېپى بولۇپ قالدى. خېلى جىق ساۋاقداشلار قايسى ئىلىمگە ھەۋىسى بارلىقىنى، نېمىنى ئۆگەنمەكچى ئىكەنلىكىنى خېلى ئېنىق بەلگىلەپ ئاپتۇ.

— نېمىنى ئوقۇماقچى؟
— نېمە بولسا، بولۇۋېرىدۇ.
— ئوبدان ئويلان، بۇ يەردە ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق، يەتتە يىللىق ئالىي مەكتەپلەر بار...
— مەيلى قايسى بولسا بولۇۋېرىدۇ.
— مەسىلەن، نېفىت شۆيۈەنىنى ئالايلى، ئىككى يىل خەنزۇچە ئوقۇيسەن، ئىچكىرىگە بارىسەن، يەنە ئالتە يىل ئوقۇشۇڭ كېرەك.
— ئون يىل بولسىمۇ مەيلى...
— توختا، ئالدىرىما، ئۇنىڭدا نېفىت چارلاش، بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، نېفىت خىمىيىسى، مېخانىزاتسىيە... بىرمۇنچە كونكرېت كەسىپلەر بار. قايسىنى تاللايسەن؟
— تاللىمايمەن، ئوقۇۋېرىمەن...
ئوقۇغۇچى تاللىغۇچى كىشى گويا بۇ بالىنىڭ نېرۋىسى چاتاقمىكىن، دېگەندەك، ماڭا ئۇزاق سەپسېلىپ قارىۋالدى — دە، باشقا گەپ قىلمىدى.
تەقدىر دېگەن نەرسە... نېمە دېگۈلۈك، ئاخىر نېفىت شۆيۈەنىگە قوبۇل قىلىنغانلىقىم ئېلان قىلىندى.
بىزنىڭ يېزىدا ئادەتتە قىز - يىگىتلەر ئۆزىنىڭ جورا تاللاش ئەركىنلىكىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ كەلگەن، ئەزەلدىن بۇ بىر خىل ئادەت ھېسابلانغاچقا ئاتا - ئانىلىرى كېڭىشىپ تاپقان لايىق بىلەن توي قىلىشاتتى. ئاجايىپ يېرى شۇكى، توي قىلىشقان قىز - يىگىتنىڭ كۆپىنچىسى گەرچە نىكاھدىن كېيىن يې-



قاراماي نېفىتلىكىگە يېتىپ كەلدىم.

ناھايىتى ئېنىقكى، مېنىڭ ئوقۇغىنىم مەخسۇس كەسىپ بولغاچقا، مېنى نەگە تەقسىملەشنى مۇزاكىرە قىلىش مە- سىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئەمگەك - كادىرلار بۆ- لۈمىدە رەسمىيىتىمنى بېجىرىش ئۈچۈن بارى - يوقى ئون مىنۇتلا ۋاقىت كەتتى. ئاندىن توپتوغرا ئالدىن- قى سەپكە — بىپايان چۆل قوينىدا تۇنجى تىكلەنگەن بورىۋايغا قاراپ يول ئالدىم.

يولغا چىقىپ، ئۇزاق ئۆتمەي شوپۇردىن سورىدىم:

— ئۇستام، بۇرغىلاش ئەترىتىگە ئاز قالدۇقمۇ؟

— ھىم.... — دېدى شوپۇر ماڭا كۆز قىرىنى سې- لىپمۇ قويماي، يەنە 120 كىلومېتر بار.

شوپۇر غەلىتە ئادەم ئىكەن. «ھىم» دېگىنى نېمە- سى. ئۆتكەن - كەچكەنلەر ھەققىدە سۆزلىشىپ باقساق، ئۆزىگىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ماقۇل تىلىمنىڭ ئۇچىدا قىمى- لاپ تۇرغان جىق سوئاللىرىمغىمۇ جاۋاب بەرمىسۇن، يولغا ئۇنچىۋالا يېپىشىۋالغىچە، ناھايىتى ئاغزىنىڭ يېلى: «ھە، سىز نېمە ئادەم، قانداقچە بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟» دېگەن گەپنى سوراپ قويسىمۇ كاشكى!... قەل- بىمدە دولقۇنلىنىپ تۇرغان مەكتەپ تەسىراتى ھېلىمۇ بىر تىزىق ھېكايە، مەن شوپۇر ئۇستامغا شۆيۈەندىن ئاي- رىلىش ئالدىدا دوستلىرىم، مۇئەللىملىرىمنىڭ مېنى قانداق ئۇزاتقانلىقىنى، قانداق ئۈمىدلەرنى كۈتكەنلىكىنى ۋە بۇ ئۈمىدلەرگە ئۆزۈمنىڭ قانداق جاۋاب بەرمەكچى بولۇۋاتـ قانلىقىمنى دەپ بېرىشكە قانداق تەققەززا ئىدىم - ھە!...

ـگى ھۇجرىدا تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشسىمۇ، تۇرمۇش
دولقۇنىدا ئاستا - ئاستا بىر - بىرىگە ئىچىكىشىپ قا
لاتتى، بىرە - يېرىم يالىلىق بولغاندىن كېيىن بولسا
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بىر - بىرىنى چىن قەلبـ
دىن سۆيۈپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سادىق، ۋاپادار
ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى، «تويى بالدۇر،
مۇھەببىتى كېيىن» ئىدى.

مېنىڭ نېفىت شۆيۈەنىگە قوبۇل قىلىنىشىم، ئۇيەر-
دە نېفىت بۇرغىلاش كەسپىگە تەقسىم قىلىنغاندا نېرى-
بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئوقۇشقا رازى بولۇشۇم ھەمدە
ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن كەچۈرمىشلىرىم، راستىنىلا «تويى
بالدۇر، مۇھەببىتى كېيىن» بولغان دېھقان قىز - يىگىت-
لىرىنىڭ تەقدىرىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى...

ئېھ، نېفىت شۆيۈەنى، نېفىت شۆيۈەنى ! ... مەن
چوڭقۇر يەر ئاستى قاتلاملىرىدىكى ئاجايىپ مۆجىزاتلار
بىلەن ھەپىلىشىدىغان، ئۇنىڭ سىرلىرىنى خۇددى سېھىر-
گەردەك ئېچىپ كۆرسىتىدىغان بۇ بىلىم يۇرتىغا، گويا
بېلىق سۇدا ئىز قالدۇرمىغاندەك، ھېچقانچە شەپە چىقار-
مايلا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتىم...

## 4. غەلىتە ھەمراھ

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى «90» نومۇر بىلەن زادىلا
قانائەتلەنمەيدىغان روھىم بىلەن نېفىت شۆيۈەنىنى
پۈتتۈرۈپ، كۆڭلۈمدىكى جەڭگاھ — بىپايان جۇڭغارىيىگە،

## «بوغدا ئاتا» غا تۈزىتىش

| بەت | قۇر: يۇقىرىدىن | قۇر: تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 13 | | 1 | سەن | مەن |
| 62 | | 10 | ئاقاپىل | ئاقابىل |
| 65 | 11 | | بەرسىنى | تېرىسىنى |
| 68 | 11 | | قوتان | قوتاز |
| 95 | 9 | | قالىمغاي | قالغاي |
| 127 | 1 | | ئوفق | ئوغلاق |
| 246 | 3 | | قولۇقىنىڭ | قوماۋقىنىڭ |

بەلە، 3 - بەت، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە 9 - ، 10 - قۇردىكى «ئوتارقالغان» دېگەن سۆز بىلەن «قەشقەر...» دېگەن سۆزنىڭ ئارىلىقىغا «يۇتۇملۇق كېرەك» دېگەننى قوشۇپ ئوقۇشىڭىزنى سورايمىز.

ئاپتوموبىل غەربتىن شەرققە قاراپ، ساداقتىن قويۇۋېتىلگەن ئوقىيادەك، جۇڭغار دالىسىنى بويلاپ ئۇچ-ماقتا. كۆمۈش لىنتىدەك پارقىرىغان تاشيولنىڭ ئىككى

سۆيۈملۈك مەكتەپ!... شۇ كۈنى پۈتۈن بىر كېچە
مەكتەپتە كىم ئوخلىدىكىن - تاڭ. ئالبوم ۋاراقلىشىپ،
ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكىنىمىز
چۇ!؟... مەكتەپ پاركىدا چىلك قولتۇقلىشىۋېلىپ، قاقاق
لاپ كۈلۈشۈپ، بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا قىيماي، سەي
لە قىلغانلىرىمىزچۇ؟ XXI ئەسىر كىرگەن كۈنى كۆكرىكى
مىزدە ئوردىن - مېداللارنى چاقنىتىپ، يەنە بىر يەرگ
جەم بولۇشىمىز ئۈچۈن، دەپ كۆتۈرۈلگەن قەدەھلەر، ئوت
لۇق سۆزلەر، ئېسىل، سەمىمىي ئۈمىدلەر!... مۇنداق يال
قۇنلۇق ياشلىق چېچىكىنىڭ ئادەمنىڭ ئۆمرىدە پەقەت
بىرلا قېتىم ئېچىلىدىغانلىقىنى بۇ ئۈندىمەس شوپۇر بى
لەمدىكىنا!...

مەن ئەتراپقا قارىدىم. شىمالدا كۆكنى سۆيۈپ
ئالتاي، چىڭغىس تاغلىرى، جەنۇبتا ئۈستىگە ئاق لېچەك
تاشلاپ، تەڭرىتېغى سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. بۇ ئىككى گىـ
گانت تاغ ئارىسىدا قورشىلىپ تۇرغىنى — پۈتۈن شىن
جاڭ زېمىنىنىڭ 23 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ ياتقان
ئويمانلىق — بىپايان جۇڭغارىيە.

جۇڭغارىيە، شۇ تاپتا نەزىرىمدە گويا ئۆزلۈكسى
مەۋج ئۇرۇپ، دولقۇنلىنىپ تۇرغان دېڭىزغا ئوخشايت
تى. بۇ دېڭىزنىڭ ئاق - سۈررەڭ دولقۇنلىرى، كۈۋەجەپ
تۇرغان بۇژغۇنلىرى كۆرۈنگەندەك، گۈركىرىگەن شاۋقۇنلى
رى ئاڭلانغاندەك بولاتتى، ئۆزۈمنى بۇ دېڭىزنىڭ قاي
نامىلىرىدا شۇڭغۇپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتىم.

بىراق، بۇتەسىرات، ئابستراكت تەسىرات ئىدى. گەرچ

تارىختا — نەچچە يۈز مىليون يىللار ئىلگىرى ھەقىقىي شاۋقۇنلۇق كاتتا دېڭىز بولغانلىقى راست بولسىمۇ، لېكىن، ھازىر بۇ دېڭىزدىن ئىز بولۇپ قالغىنى ئاق - سۇ-زۈك ۋە خىلمۇ خىل رەڭلىك تاشلار بىلەن قاپلانغان سايلار، چېكى يوق قۇم بارخانلىرى، شامال يالاپ غەلىتە ئىسكەتكە كىرگۈزۈپ قويغان «قەلئە»لەر، ئېگىز-پەس دۆڭلۈكلەر ئىدى.

مەن بۇ مەنزىرىدىن كۆزۈمنى ئېلىپ، شوپۇرغا قارىدىم: ئاددىيلا بىر ئادەم. بەستلىك قامىتىنى ۋە ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇرلار ھەۋەس قىلىپ قويۇۋالىدىغان ھېلىقى شاپ بۇرۇتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭدا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ھېچنېمە يوق، بىرەر ئۆزگىچىلىك بار دېيىلسە، گەپ قىلىشنى خالىماسلىقى تېخى ئۆزىنىڭ گەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئاز دەپ باشقىلارنىمۇ «گەپ قىلما» دەيدىغانلىقىنى!

مەن ئۇنىڭ تىلىنى تاتىلاپ باقماقچى بولدۇم:

— ئۇستام، مەن بۇ نېفىتلىككە ئۆمرۈمدە مۇشۇ قېتىم كېلىۋاتىمەن. سىلى بىلەن بولسا، بۇ بىر مەنىدە...

— ھىم... مەن بىلەن، — دېدى ئۇ گېپىم تۈگەـتۈگىمەي.

تۇۋۋا، مۇنداقمۇ ئادەم بولىدىكەنا!... «ھىم» دېگىنى «گەپ قىلما» دېگىنى ئەمەسمۇ. بولدىلا، گەپ قىلمسام قىلماپتىمەن...

ئاپتوموبىل غەربتىن شەرققە قاراپ، سائەتتىن قويۇۋېتىلگەن ئوقيادەك، جۇڭغار دالىسىنى بويلاپ ئۇچ-ماقتا. كۈمۈش لېنتىدەك پارقىرىغان تاشيولنىڭ ئىككى

سۆيۈملۈك مەكتەپ!... شۇ كۈنى پۈتۈن بىر كې
مەكتەپتە كىم ئۇخلىدىكىن ـ تاڭ. ئالبوم ۋاراقلىش
ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكىنىم
چۇ!؟... مەكتەپ پاركىدا چىڭ قولتۇقلىشۇۋېلىپ، قاقا
لاپ كۈلۈشۈپ، بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا قىيماي، سە
لە قىلغانلىرىمىزچۇ؟ XXI ئەسىر كىرگەن كۈنى كۆكرىك
مىزدە ئوردىن ـ ئېبداللارنى چاقنىتىپ، يەنە بىر يەر
جەم بولۇشىمىز ئۈچۈن، دەپ كۆتۈرۈلگەن قەدەھلەر، ئو
لۇق سۆزلەر، ئېسىل، سەمىمىي ئۈمىدلەر!... مۇنداق يا
قۇنلۇق ياشلىق چېچەكلىنىڭ ئادەمنىڭ ئۆمرىدە پەقە
بىرلا قېتىم ئېچىلىدىغانلىقىنى بۇ ئۈندىمەس شوپۇر ب
لەمدىكىنا!...

مەن ئەتراپقا قارىدىم. شىمالدا كۆكنى سۆيۈپ
ئالتاي، چىڭغىس تاغلىرى، جەنۇبتا ئۈستىگە ئاق لېچە
تاشلاپ، تەڭرىتېغى سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. بۇ ئىككى گ
گانت تاغ ئارىسىدا قورشىلىپ تۇرغىنى — پۈتۈن شىن
جاڭ زېمىنىنىڭ 23 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ ياتقا
ئويمانلىق — بىپايان جۇڭغارىيە.

جۇڭغارىيە، شۇ تاپتا نەزەرىمدە گويا ئۆزلۈكسى
مەۋج ئۇرۇپ، دولقۇنلىنىپ تۇرغان دېڭىزغا ئوخشايت
تى: بۇ دېڭىزنىڭ ئاق ـ سۇررەڭ دولقۇنلىرى، كۆۋەجەپ
تۇرغان بۇژغۇنلىرى كۆرۈنگەندەك، گۇركىرىگەن شاۋقۇنلى
رى ئاڭلانغاندەك بولاتتى، ئۆزۈمنى بۇ دېڭىزنىڭ قاي
نامىلىرىدا شۇڭغۇپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتىم.

بىراق، بۇتەسىرات، ئابستراكت تەسىرات ئىدى. گەرچە

يان باغرىدا ئاق، قىزىل، ھالرەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈل-
چېچەكلەر — يۇمران يوپۇرماقلىق ئۈچ قۇلاق گۈل،
سېرىق يۆگەي، چەيزەرەڭ لەيلى، يۆگىمەچ غوللۇق پە-
رەڭ، نوقۇتگۈل، قىزىل تونلۇق پىيا پانۇس، ئەمبىر-
گۈل ۋە باشقا سۇس سېرىق چېچەكلىك تىكەن گۈللەر
پۈتكۈل چۆل ئىچىگە بىر خىل ھاياتلىق، گۈزەللىك ۋە
ئۈمىد بەخش ئېتىپ تۇراتتى. گويا جاھاندىكى جىمى
گۈزەللىك مۇشۇ ئويمانلىقتا يىغىلغاندەك بىلىنىپ
كەتتى.

تويۇقسىز غايىبتىن پەيدا بولغاندەك كۆرۈنگەن بۇ
مەنزىرىگە قادىلىپلا قالغان چېغىم، قۇلىقىمغا:

— قانداق، پەيزىمكەن؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
ئىنشائاللا، شوپۇر ئۇستام زۇۋانغا كەلدى.

— پەيزىكەن، ئۇستام. گۈل - چېچەكلەر قۇرغاق
چۆلگە قانداق ئېسىل زىننەت - ھە؟... — دېدىم مەن
گۈللەردىن سۆيۈنۈپ.

— زىننەت؟... قانداق زىننەت؟ — شوپۇر گويا مې-
نىڭ جاۋابىمنى ياقتۇرمىغاندەك بېشىنى تەۋرەتتى، — بى-
لەمسىز، بۇ گۈل - چېچەكلەر بىزنىڭ نەزەرىمىزدە ئاجا-
يىپ مۆجىزە. ئۇنىڭ گۈزەل، بەردەملىكىگە ھېچنېمە تەڭ
كەلمەيدۇ. ئايھاي!.. بۇ گۈل - چېچەكلەرنىڭ ئەتىياز-
دا بىخ سۈرۈشىدىن، كەچكۈزدە سېرىق غازاڭ بولغۇچە
جەريانىغا ھەمراھ بولسىڭىز ئىدى، بىلمىسدىم، شۇنداق قى-
لالارسىزمىكىن - تاڭ، ئۇنىڭ رەڭ - پۇراقلىرىنىڭ قان-
داق تېز، قانداق ئاجايىپ ئۆزگىرىپ يېڭىلىنىپ تۇرى-

تەرىپىدىن ئارىلاپ – ئارىلاپ يېگانە ئاق ئۆيلەر، بە-
زەن – بەزەن غايەت زور ماي يىغىش باكلىرى، خۇد-
دى ئۆتكۈنچىلەرگە سالام بېرىۋاتقاندەك، تىنىمسىز ئېگىز-
پەس كۆتۈرۈلۈپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان كاچالكىلار كۆرۈ-
نۈشكە باشلىدى...

بۇرنۇمغا ئۇرۇلغان ئۆتكۈر نېفىت پۇرىقىدىن، مەست بولغان ئادەمدەك، ئىختىيارسىز كۆزۈم يۇمۇلدى. ۋۇجۇ-دۇم شېرىن بىر تۇيغۇ ئىچىدە تەۋرەنگەندەك بولدى مۇئەللىم بىرىنچى دەرسنى ئۆتكەن كۈندىن باشلاپلا مەن نېفىت مۆجىزاتىغا ھېرىس بولغان ئەمەسمۇ؟ «بىلىپ قوي ئەلى،— دېدىمەن ئۆز – ئۆزۈمگە،— نېفىتنى كۆردۈڭ، جەڭگاھقا كەلدىڭ. مانا مۇشۇ مىنۇتتىن ئېتىبارەن سېنىڭ ھەممە ئىختىيارىڭ، مەيلىڭ، پۈتكۈل ئۆمرۈڭ ئەنە شۇ قاڭسىق نېفىت پۇراقلىرى ئىچىدە ئۆتىدۇ.

بۇ پۇراق سېنىڭ بەخت ۋە بەختسىزلىك، خۇشاللىق ۋە قايغۇ ھەسرىتىڭ، غەلىبە ۋە مەغلۇبىيىتىڭ ھەمدە كەلگۈسىدىكى نامەلۇم تەقدىرىڭنىڭ بىۋاسىتە گۇۋاھچىسى بولىدۇ.

سەن بۇ نېفىت پۇراقلىرى ئىچىدە شان – شەرەپ-لەرگە ئىگە بولۇشۇڭ، دوستلىرىڭ، مۇئەللىملىرىڭنىڭ ئۈمىد-لىرىنى يەردە قويماسلىقىڭ كېرەك. ئىرادە — بۇ ئەجەپ نەرسە. سەندە مۇشۇنداق ئىرادە بارمۇ؟...»

ئۆز – ئۆزۈمگە قويۇلغان بۇ سوئالدىن سەل تېڭىرقاپ كۆزۈمنى ئىتتىك ئاچتىم. ئالدىمدا باشقا بىر مەنزىرە: يول بويىدىكى ئويمانلىق ۋە دۆڭلۈكلەرنىڭ

«بىلىپ قوي بالا، بۇ دېگەن جۇڭغار بورىنى.
«بالىمىش!... مەن دېگەن ستۇدېنت» تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەپقالغان گەپنى ئىچىمگە يۇتتۇم - دە، بىر خىل تەئەججۈپ بىلەن تاشلىق سايغا قارىدىم. ساي ئىچىدە ئاقمۇ، سۇر رەڭمۇ ئەمەس، غەلىتە بىر ئېقىن شىددەتلىك چىرقىراپ نەگىدۇر ئۇچماقتا ئىدى. پۈتكۈل ساي غەلۋىردە تاسقالغاندەك شاراقشىپ، ئالدىمدا يەر-زېمىن ئۆرە - تۆپە بولۇۋاتقاندەك بىر مەنزىرە پەيدا بولدى.

شۇ مەنزىرە ئىچىدە بىز بارماقچى بولغان بورىۋاينىڭ ئېگىز گەۋدىسى كۆرۈندى. گىگانت ۋېشكا بوران قاينىمىدا ياپراقسىز سۆۋادان تېرەكتەك خەتەرلىك بىر تەرزدە ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلىماقتا، تولاراق بىر تەرەپكە قىيسايماقتا ئىدى. مەن تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە:

— ئۇستام، بۇ بورىۋاي...— دەپ ئېغىز ئېچىشىمغا، ئۇ ماڭا شۇنچىلىك غەزەپلىك چەكچەيدىكى، گويا مەن توك تېپىۋەتكەندەك قېتىپلا قالدىم...

## 5 . جەڭگاھنىڭ ئېگىسى

ئادەمنىڭ تەقدىرى نېمىدېگەن غەلىتە نەرسە - ھە؟...

مەن نېفىت شىۋىيۈەنىدىن ئۇزاۋاتتان ۋە قاراماي نېفىتلىكىگە تەقسىم قىلىنىپ يولغا چىققان ۋاقتىمىزدا،

دېغانلىقىنى كۆرگەن بولاتتىڭىز؛ ئۇنىڭ بوران - چاپقۇن، تومۇز - ئاتەش، سۇسىزلىق بىلەن قانداق مەردانىلارچە ئېلىشقانلىقىنىمۇ كۆرگەن بولاتتىڭىز...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قۇلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمىگەندەك، ئاغزىم ئېچىلىپ، كۆزۈم پارقىراپلا قالدى. كۆز ئالدىمدا ھېلىقى ئۇندىمەس شوپۇر ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر پىكىرلىك باشقىلا بىر ئادەم پەيدا بولماقتا ئىدى.

مەن بىر ئاز ھەيرانلىق بىلەن:

— ئۇستام، سىلى...، — دەپ ئەمدىلا ئېغىزىمنى ئېچىشىمغا ئۇ بىردىن:

— ھىم، بولدى، گەپ قىلما، — دەپ گېپىمنىڭ بىلىگە تەپتى.

«قانداق ئادەمدۇ بۇ، بىردەم تەمكىن پەيلاسوپ، بىردەم ئۆزۈمچى توم گىرى». كۆڭلۈمدىن شۇ خىيالنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى بىردەمدىلا گويا تۇيۇقسىز بىر بالا - قازاغا دۇچ كەلگەندەك، سۇرلۇك تۈس ئالغان، ئىككى كۆزى تەشۋىش بىلەن ئەينەككە تىكىلىپ قالغان ئىدى.

مەن ھېچنىمىنى چۈشەنمىدىم.

شۇ پەيتتە، ئاپتوموبىلنىڭ ئەينىكى تۇيۇقسىز جىرىلداپ، ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى غەلىتە چىرقىراپ ئۇششۇيتقان ئاۋاز قاپلاپ كەتتى. ماشىنا ھېلىلا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز دىرىلدايتتى. ئاسماندا ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق، ھاۋا سۈزۈك. بۇ نېمە ئىشتۇ؟

شوپۇر كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك دېدى:

نى مەسخىرە قىلىپ، كۈلكۈم كېلىدۇ.

ھېكايىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى:

شۇنداق قىلىپ، شوپۇر بوران زەربىدىن تەكپۈگلۈ-قىنى يوقىتىپ، ئاغدۇرۇلۇپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتقان ماشىنىنى چەبدەسلىك بىلەن باشقۇرۇپ چوڭ يولدىن بۇرالدى - دە، ئۇدۇل بورىۋاي تەرەپكە تارتتى. بۇ چاغدا ۋېشكا ئۈستىدىكى چىراغلار ئۆچكەن، بورىۋاي ئىشتىن توختىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بېشىغا بىخەتەرلىك قالپىقى كىيگەن ئىشچىلار پولات ئارغامچىلارنى مۈرىلىرى بىلەن ئىلىپ سۆرەپ، قىيا - چىيا كۆتۈرۈشۈپ، ئالدىراش ئىشلىمەكتە. بورىۋاي سەھنىسى ۋە ئىرغاڭلاپ تۇرغان ۋېشكا ئۈستىدە بىرنەچچە ئىشچى بوران بىلەن تىركىشىپ، ئېغىر كۈلۈچ بىلەن نېمىنىدۇر تولغاپ چىڭىتماقتا ئىدى.

شوپۇر ماشىنىنى بورىۋايدىن يۈز مېتىرچە يىراقتا توختاتتى. كابىنكىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان پېتى بىر ئېغىز گەپ قىلىشمۇ قويماي، بورىۋاينىڭ يېنىغا يۈرۈپ كەتتى.

مەن نېمە قىلىشىمنى، كىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىرىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. بورىۋاي ئەتراپىدىكى چېلەك - كورا، قازان-قومۇچلار دارىڭلاپ ساي تەرەپكە دومىلاپ كېتىۋاتاتتى، ئۈستى ئېچىلىپ كەتكەن چېدىر گەمە ئۆيلەردىن قوزغالغان يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلەر ساي ئىچىگە تېرىلىپ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

ئاپتوموبىلدا تەۋرىنىپ كېتىۋېتىپ، قانداق شېرىن خىياللارنى سۈرگەن ئىدىم: «مەن ئىدارىدا، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ بىرىنچى سەپكە — چۆلگە، چەك مەيدانىنىڭ دەل ئۆزىگە بېرىشنى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلغان ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچى بولدۇم. مېنىڭ بۇ روھىم مەكتەپتە قەدىرلەندى، تەقدىرلەندى، شۇنداق بولغاندىكىن، قانچىلىك جاپا - مۇشەققەت بولسىمۇ، ئۇنى چەزمەن يېڭىشىم كېرەك. كىم بىلىدۇ، بورىۋاي ئەترىتىگە بارغاندىن كېيىن، ئىشچىلار، ئوھوي... ئارىمىزغا بىر ستودېنت كەپتۇ، دەل مۇشۇنىڭدىقى كەم ئىدى، دەپ، خۇشاللىق بىلەن چاۋاك چېلىپ قارشى ئالار، قوچاقلاپ باغرىغا باسار، بەلكىم، مەكتەپ ئۇزىتىپ قويغىنىدەك، ئۇلارمۇ كىچىكرەك دائىرىدە بولسىمۇ قارشى ئېلىش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈپ قىلىشى مۇمكىن، تېخى ياخشى تىلەك، قىزغىن ئۈمىدلىرىنى ئېيتىشار، دوستانە كۈلكە - چاقچاقلارمۇ بولار... نېمە قىلىنىسىمۇ مەيلى، ئوقۇتقۇچۇم ئۈمىد قىلغانىدەك، ئىشچىلارنىڭ ئالدىدا چەزمەن كەمتەر، ئەدەبلىك بولۇشۇم كېرەك. ياتاق، تاماقلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىرىنچى قېتىم ئالغان مائاشىمنى قويغان كۆچەتىڭلار مېۋىگە كىردى، ئېغىز تېگىڭلار، دەپ ئاتا-ئانامغا ئەۋەتىمەن - دە، ئىشقا كىرىشىپ كېتىمەن...» دەپ ئۆز - ئۆزۈم بىلەن مۇڭدىشىپ كەتكەن ئىدىم.

لېكىن، تەقدىرنىڭ بۇ خىياللىرىمنى بىر پەستىلا تىرە - پىرەن قىلىۋەتكەنلىكىنى ئويلىسام، ئۆز - ئۆزۈم-

— قانداق بالىسەن، شامالغا ئۇسسۇل ئويناپ نەگە
باراي دېۋىدىڭ!... هوشۇڭنى تاپ، يەنە دوملاپ كېتىس-
ۋېرىدىغان بولساڭ، بىلىپ قوي، سايىنىڭ ئايىغى ئادەم
يەيدىغان سازلىق، كىرسە چىقماس كويىقاپ. ئاڭلاۋا-
تامسەن گېپىمنى؟!...

يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك تەستە ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ئا-
ۋاز، ناھايىتى ئېنىقكى، ھېلىقى ئۇندىمەس غەلىتە ھەمراھ-
نىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، قاراسلاپ ئۇچۇپ
كېلىپ، باش كۆزۈمگە تېگىۋاتقان تاش - شېغىلنى
دومبىسى بىلەن توسسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېك-
كى قولى بىلەن ھەدەپ مېنى سىلكىيتتى:

— تۇرە، ئاناڭنىڭ بۆشۈكىمىدى بۇ يېتىۋېرىدىغان. مەن-
دىن نەسىھەت، ھەرگىز شامالغا ئۇسسۇل ئويناغۇچى بول-
ما. بىلىپ قوي، بۈركۈت ھەرگىز ئۆزىنى شامالنىڭ ئېقى-
شىغا تاشلاپ بەرمەيدۇ!

ئۇ شۇ گەپلەرنى دەپ، «شامالغا ئۇسسۇل ئويناپ»
بىرەر بۆلۈك - پوشقاققا تىقىلىپ قالغانلار يەنە بارمى-
كىن دېگەندەك، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى - دە، ئالدى-
راپ كېتىپ قالدى.

ئۇنىڭ شۇچاغدىكى، بورانغا قارشى ئۇچقان بۈر-
كۈتتەك، بوراننى كۆكرىكى بىلەن بۆسۈپ، بورىۋاي تە-
رەپكە كېتىۋاتقان مەغرۇر قامىتى ئۇزاققىچە ئېسىمدە
ساقلىنىپ قالدى...

جوڭغار بورىنى ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپ،
تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن پولات ۋېشكا

قانداقتۇر كۆك سومكىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان بىر ئادەم — بەلكىم بۇ يەرگە يېڭىلا يېتىپ كەلگەن پوچتالىيونمىكىن — يەرگە چىڭ چاپلىشىپ يېتىۋالغان ئىدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە ئارقا تەرەپتىن گۈركىرەپ شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان بوران مېنى ئىختىيارسىز بىر-نەچچە مېتىر يەرگىچە دوگجىتىۋەتتى، يان تەرەپتىن چاقماق ساداسىدەك قاراس-قۇرۇس قىلغان ۋەھىمىلىك بىر ئاۋاز غالجىرلاشقان بوران بىلەن قوشۇلۇپ چۆلنى لەرزىگە سالدى. بۇرۇلۇپ قارىسام، تەرەپ-تەرەپكە تارتىلغان پولات ئارغامچىلار چاراسلاپ ئۈزۈلۈپ، 50 نەچچە مېتىر ئېگىز پولات ۋېشكا قاراسلاپ ئۆرۈلۈۋېتىپتۇ...

«ياھەزرەت... مەن نېمىنى كۆرۈۋاتىمەن!». تۇيۇقسىز ئەۋج ئېلىپ تۇرغان بوران مېنى قامغاقنى ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇرۇپ، تاشلىق سايغا ئېتىۋەتتى. ساي ئىچىدە تۈپتەك دومىلاپ نەگىدۇر سۈرۈلۈپ كېتىۋاتىمەن. ئەركىم يوقالغان بېشىم تاشتىن تاشقا تېگىپ، يەر-جاھان ئۆكتۈرۈلۈۋاتقاندەك، كۆڭلۈم ئاينىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى. ھېچقانداق قىلىپمۇ ئۆرە بولالمىدىم، ئەكسىچە، ئۆمرۈمدە ئادەمنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ئالدىدا شۇنچىۋالا ئاجىز، نائىلاج ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆز-ئۆزۈمگە غەزىپىم كەلدى...

ئارىدىن قانچىلىك ئۆتتىكىن، سۈرۈلۈپ بېرىپ، يامغۇر سۈيى كولىۋەتكەن بىر ئازگالغا تىقىلىپ قاپتىمەن. شۇ چاغدا كۈچلۈك بىر قول كېلىپ، بېلىكىمدىن تۇتتى:

ئاردىن بىر نەچچە مىنۇت ئۆتە ــ ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ بىلەن بىر تال ئاچچىق تاماكىنى تەڭ تالىشىپ چېـ كىشەتتى، ياكى ئۇنى ئۇتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، ئاپپاق شورـ لۇق تەردە چاپلىشىپ كەتكەن تولغىما شاپ بۇرۇتلىرىنى شادخو قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۈلۈشەتتى.

ئۇلى ياش ئىشچىلار ئادەتتە «روزى ئاكا» دېسە، تەڭتۇشلىرى توغرىدىنتوغرا «روزى بۇرۇت» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلدىم.

بىر كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا بۇ يەرـ دىكىلەر «ھاشىم كىران» دەپ ئاتىشىدىغان، ئۇستىخانـ لىرى توقماقتەك چىڭ، بەستلىك، سېمىز بىر ئىشچى قېتىپ كەتكەن بىر پارچە ناننى غاجىلىغاچ روزى ئاكـ نىڭ قېشىغا كەلدى، بىر قولى بىلەن ئوچۇق مەيدىـ سىدىكى قاپقارا يىرىك تۈكنى سىلاپ قويۇپ:

ــ ھە، «بۇرۇت»، ئولتۇرامسەن، ياپۇشتىكىنى چال، ئىشقا چۈشۈپ كېتىلى، يا بولمىسا ئامۇت ئالغان خۇرـ جۇندەك ئولتۇرايلى. بىر نېمە دە، ھېلىقى چۆچىكىڭ نېمىدى؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ سەن «كىران» غىزا بىلەن ئەمەس، گەپ بىلەن سەمرىگەن نېمە جۇمۇ، ــ روزى ئاكا بىر قاچا سوغۇق سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ دېدى، ــ قايسى چۆچەكنى، ھېلىقى تالاغا چىقسا قولى كەينىدە، ئۆيگە كىرسە قولى ئالدىدا، خوتۇنىغا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ھومىيىدىغان كېچاڭ توغرىسىدا دەمسىنا؟...

ــ ياقەي، نەدىكى گەپنى دەيدۇ، ــ دېدى ھاشىم

گويا، يارىلانغان شىر قاپ داغلىرىنى يالىۋېتىپ، ئورنىدىن دەس قوپقاندەك، يەنە كۆكنى تىرەپ ئۆرە بولۇشقا باشلىدى...

مەن بوراندىن كېيىن، تۆمۈر - تەسەك، پولات ئارغامچا، ئۇزۇن-قىسقا تۇرۇبىلاردۆۋىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن ۋەيران بولغان بۇرغىلاش مەيدانىغا مەيۈس نەزەر تاشلاپ، كۆڭلۈمدە: تۈگىدى، ئەمدى بۇ بورىۋاينى تاشلىۋېتىشتىن باشقا چارە يوق، باشقا بىر توچكىغا يۆتكىلىشىمىزغۇ ھەقىچان، دەپ ئويلىغان ئىدىم.

ئەدىكىنى، كۆز ئالدىمدا باشقا بىر مەنزىرە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ھېلىقى ئۈنىدىمەس شوپۇر بۇ يەردە شۇنداق قاتتىق قول، رەھىمسىز، كاج ۋە تىسقى قايرىلماس پىچاقتەك، شۇنداق ئۆتكۈر تىللىق ئادەم بولۇپ چىقتىكى، مەن ئۇنىڭدىن ھە دېگەندىلا ئەيمىنىپ قالدىم.

ئىشچىلار ئۇنىڭدىن ئەيمەنمەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قىسقا - قىسقا بۇيرۇقلىرىنى شەرتسىز ئورۇنلايتتى؛ ئۇنىڭ نەزىرىدىن ھېچنېمە، ھەتتا كىچىككىنە بىر بولتىنىڭ بوش ياكى ناتوغرا سېلىنغانلىقىدەك ئاددىي سەۋەنلىكمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ، قوپال، ئەسكى گەپلىرىنى قىلىۋەرسىمۇ، بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ غەزەپلەنسىمۇ، ھەتتا بەزىدە ئۆزىنى باسالماي، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايمايتتى. ئەكسىچە، ئۆز سەۋەنلىكىنى دەررۇ تۈزىتىپ،

كېيىن، ئىش چاتاق-دە، ئاشقىلىقىمۇ، مەجنۇنلىقىمۇ ئۇنىڭ نەزەرىدە كۈلكە!... گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەم، ئۇ كەملەردە بۇ يەردە قىز شۇنچىلىك ئەتىۋار ئىدىكى، 100 يىگىتكىمۇ بىر قىز توغرا كەلمەيتتى. بۇ جەمجەت دۇنياغا ئاياللار تېخى قەدەم باسمىغان. بىرەر قىز رادىست، تېلېفونىست ياكى دوختۇر كەپتۇ دەپ ئاڭلىساق، ئوھوي... گويا ئاسماندىن پەرىزات چۈشكەندەك، پەۋقۇلئاددە بىر يېڭىلىق بولىتتى، نەچچە كىلومېتىر يەردىن پىيادە مېڭىپ، شتابقا بېرىپ، بويىنىمىزنى سوزۇپ، ئۇ قىزنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈپ كۆزىمىزنىڭ پىتىنى ئۆلتۈرۈپ كېلەتتۇق، شاما چايناشقا ھېرىس ئىلى ئاياللىرىدەك نەچچە كۈنگىچە مۇشۇ ھەقتىلا گەپ قىلىپ، ئاغزىمىزنى تاتلىق قىلاتتۇق... بولدى قوي ئۇ گەپلەرنى. ھازىر بۇ گەپنىڭ نېمە كېرىكى؟ ماكۆندە قىز دېگەن ۋاچچىدام... قېنى. يولداشلار، ئىشقا چۈشەيلى،— دەپ گېپىنى تۈگەتتى روزى ئاكا.

بىر - ئىككى ھەپتىگىچە، ھەممىمىز پۈتۈن يېتىپ، پۈتۈن قوپۇپ، تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بىر پارچە قاتنىق ناننى ئۆرە تۇرۇپلا غاجىلاپ، بورۇۋاينى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بەنت بولۇپ كەتتۇق.

ئىدارەۋە ھەر قايسى قېرىنداش ئورۇن - باشقارمىلاردىن يارەمگە كېلىۋاتقان تراكتور، كران، ئاپتوموبىل، ئىنژېنېر، تېخنىكلار ئاز ئەمەس.

لېكىن، پۈتۈن ئىش مەيدانىدىن پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ئاۋازى— روزى ئاكىنىڭ قىسقا - قىسقا، لېكىن،

كىران ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىغا چاپلىشىپ قالغان نان ئۇۋاقلىرىنى قولى بىلەن سىيپاپ، — ئۇنى ئەمەس. كېچە-نىڭ خوتۇنىدىن قورقسا قورقىۋەرمەمدۇ، مېنىڭ نېمە كا-رىم، ئۇنى قوي. مېنىڭ دېگىنىم، قىيا بېقىپ كۆز تاشلاي-دىغان ھېلىقى چوكاننىڭ پارىڭى...

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى روزى ئاكا ئۇلارنىڭ پارىڭى باشلىنىش بىلەنلا، بىرمۇنچە ياش ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ.

ھاشىم كىران بوش كەلمىدى:

— ئەمىسە، ھېلىقى كۆلگۈنچەك، شېرىن سۆزلۈك، سېنى داغدا قويغان قىز توغرىسىدا دەيسەن-دە...

— ئەستاغپۇرۇللا، نېمىدەيدىغانسەن، — روزى ئاكا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچىنى تىلى بىلەن يالاپ قويدى، — سەن «كىران» يەنە ھېلىقى «ئامتى كەلگەن كىشىنىڭ بىر شاپتۇل تۆت قاق بولۇر، ئامتى قاچقان كىشىنىڭ بىر شاپتۇلىنى ھەرە يەپ، چەت-چۆرى-سى قالپاق بولۇر» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى يەشكۈز-مەكچىمۇ؟... چۈش كۆرۈپسەن. گەپ بوپتۇ-دە، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ، ساقالغا ئاق سانجىلاي دېگەن-دە ياش بالىنىڭ ئالدىدا ئۇ گەپلەرنى دېگىلى بولات-تىمۇ؟ بىلسەڭ، ئۇ دېگەن تۇنجى مۇھەببەت دېگىنە! تو-ۋا... تەلۋىلەرچە ئاشىق بولغىنىمغا يارىشا، بېخىل قىز سىڭار بېقىپ بىر قېتىم كۈلۈپ قويغان بولسىمۇ كاشكى!... شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ قىزدىن ھېلىمۇ يامانلىمايمەن. نېمىشقا دېسەڭ، خەقنىڭ كۆڭلى سەندە بولمىغاندىن

نېمىسى؟ نېمە تۈگمەيدىغان خىيال ئۇ؟ ...يا چۈشلە-
رىڭ بۇزۇلۇپ، كۆڭلۈڭنى جىن ئارىلاپ يۈرەمدۇ؟...
قارىغىنا، چاپىنىڭنىڭ بىر تال تۈگمىسىمۇ قالماپتىغۇ؟...

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنى بار-
غانچە ئىگە - چاقىسىز قىلىۋاتقان ئادەمدەك، بىچارە
ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدىم. ئىشقا ئانچە - مۇنچە ئارى-
لىشىپ، بىر قاچا غىزانى مىڭ تەسلىكتە يۇتۇپ، كەچتە
قەيەر شامالدىن دالدا بولسا، شۇ يەردە ئوڭدا يېتىپ،
يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا بېقىپ، تېگى يوق خىياللارنى سۈ-
رەتتىم، تازىمۇ ئەلەم قىلغىنى، مەن بۇ يەردە بارمۇ-
يوق، ھېچكىمنىڭ خىيالىدا يوق ئىدىم. بۇ ئەھۋال ما-
ڭا، ئەڭ ئېھتىياجلىق يەرگە بارىمەن، دەپ كېلىپ، بىر-
دىنلا ئەڭ ئېھتىياجسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بى-
لىندى. كۆڭلۈمدىن: «تۇنجى ئەۋلاد ستودىنتىمىش !...
يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئىنژېنېر بولىدىغان
ئادەمنىڭ كۈنى، ئەتىۋارى مۇشۇنداق بولىدىغان بول-
سا...» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزەتتىم.

— ھە، گەپ قىلمايسەنغۇ، — دېدى روزى ئاكا يە-
نە، — نېمىشقا بېشىڭغا بىخەتەرلىك قالپىقى كىيمىدىڭ؟
بۇ دېگەن ئىش ئورنى ئىنتىزامى جۇمۇ.

بۇ گەپلەرگە نېمىشقىدۇر پەرۋا قىلغىم كەلمىدى:

— روزى ئاكا، — دېدىم مەن، ئۇنىڭغا، — مېنىڭ
بۇ يەردىكى ۋەزىپەم نېمە بولىدۇ؟ مەسىلەن، مەن ئۆ-
زۈمنىڭ ئۆگەنگەن كەسپىم بويىچە...

روزى ئاكا بۇ گەپنى ياقتۇرمىغاندەك، بۇرۇت-

پازغاندەك كۆچلۈك بۇيرۇقلىرىلا ياكى ئۇنىڭ قوماند
پۇشتىكىنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

ئەلۋەتتە، بۇ ئادەم مۇشۇ جەڭگاھنىڭ ئىگىسى
يەنى بورىۋاي ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. قايسى كۈن
بورىۋايغا بىر ستودېنت تەقسىم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ
خۇشال بولغىنىدىن سۇ توشۇيدىغان ماشىنىنى ئۆزى
ھەيدەپ، مېنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئالدىمغا ئۆزى
بارغان ئىكەن.


بۇ بىر - ئىككى ھەپتىدىن بۇيان، مېنىڭ قەل
بىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاستا - ئاستا بىر خىل تە
بىئىي ھۆرمەت، مۇھەببەت بىخلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لې
كىن، مەن دەسلەپ ئۇچراشقان تونۇش كىشى تۇرۇۋقلۇق
نېمىشقىدۇر ماڭا ھېچقانچە ئىلتىپات كۆرسەتمەسلىكى-
مەن بىلەن كارى بولماسلىقى ماڭا ئەلەم قىلاتتى...

## 6. غەشلىك ۋە ئۈمىد

بىر كۈنى ئىش ئورنىدا مۈرىسىدە ئېغىر تۇرۇ
كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ھاشىم كىران، روزى ئاكالار بى
لەن روبىرو دوقۇرۇشۇپ قالدىم.

روزى ئاكا پېشانىسىدىكى چىپ - چىپ تەرنى
كىرپەلەي بىلەن سۈرتۈۋېتىپ دېدى:

—قاراپسېنى، ستودېنتمىش! يۈز - كۆزۈڭدىكى نې
مە قارا - قورا ئۇ؟ ئۆزىنى شۇنچىۋالا تاشلىۋەتكە
بارمۇ؟ كەچكىچە بېشىڭنى سېلىپ خىيال سۈرۈۋەرگىن



نىڭ ئۇچىنى تىلى بىلەن يالماۋېلىپ، ئېغىر تۇرۇبىسىنى مۇرىسىدىن مۇرىسىگە چىڭقىلىپ يۆتكىدى:

— ھىم. ھازىر ماڭا كېرىكى، ئىشلەش، تۇمشۇق تېرەپ، جان تىكىپ ئىشلەش! بورژۇۋاينى دەرھال ئەلىگە كەلتۇرۇپ، يەر ئاستىغا كۆمۈۋېتىلگەن دۆلەتنىڭ نەچچە مىليون يۈەن پۇلىنى تىرىلدۇرۇۋېلىش!... خالساڭ مانا شۇ...

«خالساڭ ماناشۇ» دېگەن گەپ تەستىكىمكە ئۇرۇلغان كاچاتتەك، يۈزۈم ھوپپىدە قىزاردى:

— ناۋادا مەن ئۆگەنگەن كەسپىم بويىچە ئىش قىلسامچۇ؟...

— بۇ گېپىڭنى قوي. ئاۋۋال ئىشلە، پىش.

روزى ئاكا كېتىپ قالدى.

مەن مەكتەپتىن ئۇزاۋاتقاندا، ئوقۇتقۇچۇم: «مېنىڭ ئىككى كۆزۈم كېزىتتە، قۇلىقىم سەن تەرەپتە. ئۇزاققا قالماي، ئىستىداتلىق ئىنژېنېر بولۇپ چىقىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن! دەپ ئىلھاملاندۇرغان، ساۋاقداشلىرىم بولسا: «ئالدىنقى سەپكە — ئەڭ جاپالىق يەرگە كېتىۋاتىسەن. بىر ھېسابتا بۇنىڭمۇ پايدىسى بار. ئۇيەردە تەجرىبە ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەر كۆپ، بىلىم ۋە بىلىملىك كىشىلەر ئاز. بىلىمگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش — تەجرىبىگىلا تايانغانغا قارىغاندا، كۆپ نەتىجىلىك بولىدۇ. سېنىڭ جەزمەن يېڭىلىق ياراتقۇچى، تۆھپىكار شان — شەرەپ ئىگىسى بولالايدىغانلىقىڭدىن گۇمان قىلمايمىز» دەپ ماڭا ھېسداشلىق قىلىشقان ئەمەسمۇ؟...

چان ئويلاپ باقمىغان يېڭى پىكىر - تەكلىپلەرنى ياغ-
ۇرۇۋېتىمەن. ئاندىن ئۆزۈمنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىس-
سىرتاتسىيەمدە مەخسۇس تەتقىق قىلغان «دولتا مەس-
سىسى»نى ئوتتۇرىغا قويىمەن. دولتىسىز نېفىتچىلىك مەۋجۇت
ەمەس. ئۇنىڭسىز نېفىت چارلاش، نېفىت بۇرغىلاشتىن
بىمىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، قاچانغىچە
چەتتىن دولتا كىرگۈزۈشكە تايىنىپ جان باقىمىز، نېمىش-
ا ئۆزىمىزنىڭ دولتىسىنى ياساشقا جۈرئەت قىلالمايمىز؟...
ۇرۇس، رومانلاردا تەسۋىرلەنگىنىدەك، قىممىتى بار
ەرقانداق بىر يېڭى ئىش دەسلەپتە قارشىلىق، ئو-
ۇشمىزلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. ئەمما، ئاخىرىدا يەنىلا
يېڭى شەيئى كونا شەيئىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، مېنىڭ
ۇنجى قەدىمىمۇ مۇشۇنداق بولۇشتىن خالىي بولالماي-
ۇ...دېگەنلەرنى ئويلىغان ئىدىم. ۋاقىت ئۆتمەكتە، مانا
ۇ يەرگە كېلىپ ئىشقا چۈشكىنىمگە ئىككى ئايدىن ئاش-
ى، ۋەيران بولغان بورىۋاي يېڭىباشتىن تىكلىنىپ، يەنە گۈ-
ۈلدەپ ئىشلەشكە باشلىدى. ھەركىم ئۆز ئۆزىنىڭ خو-
ۋايىنى. لېكىن مەنچۇ؟ مەن قىلىۋاتقان ئۇششاق-چۈش-
ەك ئىشلار بىلەن كۆڭلۈمگە پۈككەن پىلان - ئارزۇ-
لار بىر - بىرىگە زىت. ھەتتا مەن بىلەن بۇ «بورۇت»
ىڭمۇ ھېچقانچە كارى بولمايۋاتقىنىچۇ...

دەرۋەقە، بىر كۈنى روزى ئاكا، بىر قېتىملىق
ئادەتتىكى ئومۇمىي يىغىندا مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

—ئاراڭلاردا ئىشلەپ يۈرگەن مۇنۇ يىگىتنىڭ ئىس-
مى ئەلى. ئۇيغۇرلاردىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ نېفىت

تۆھپىكار... نەدىكى تۆھپىكار بولسۇن؟ مەن شۇتاپ-
تا مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىش ئۇچۇن بىلىمنىڭ نېمە ھا-
جىتى؟ ھېچقانداق بىلىم بولمىسىمۇ ئېقىۋېرىدىغان، ئىش-
چىلارغا بەش قولدەك، يادا بولۇپ كەتكەن ئىش تۇرسا!
مەسىلەن، ھاشىم كىراننى ئالايلى، ماگا قارىغاندا بەش -
ئون كىشىلىك ئىشنى جانلىق كىراندەك، بىر ئۆزى قى-
لىپ يۇرۇپتىغۇ. «ھېزىم تراكتور» دەپ ئاتىلىدىغان ئاۋۇ
سوقاباش، چېقىر كۆز ئىشچىنى ئالايلى، ئۇنىڭ ئۆزىلا
سۆرىگەن ئېغىر تۇرۇبىنى مېنىڭ ئىزىدىن مىدىرلىتا-
لىشىم يوق گەپقۇ... مانا، تۆھپىكار دېسە، ئاشۇلارنى
دېيىش كېرەك. لېكىنزە...
لېكىنزە، ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپ-
تۇ، دىگەندەك، مېنىڭ مەكتەپتە كۆڭلۇمگە پۇككەن، مۆ-
جىزە يارىتىش ئىستىكى بىلەن تولغان يۈكسەك خىياللى-
رىم بارغانسېرى خۇددى كۆپۈكتەك توزۇپ نەگىدۇر ئۇ-
چۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى.
ئۇ چاغدا مەن كۆڭلۇمدە: «مەن-شىنجاڭ تەۋەسى-
دە بۇرغىلاشنى ئوقۇغان تۇنجى ئەۋلاد ستودېنتىمەن.
ئىش ئورنىغا بارغاندىن كېيىنلا نېفىتچىلىك ھەققىدە
ئۆگەنگەن ھەممە بىلىملىرىمنى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر-
دىكى قىممەتلىك يېڭىلىقلارنى بىر باشتىن ئىشچىلارغا
سۆزلەپ بېرىمەن؛ ياشلار ۋە چوڭلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم
كەچكۇرسلىرىنى ئېچىپ دەرس ئۆتىمەن؛ ۋاقتى ئۆت-
كەن، قاتمال بولۇپ كەتكەن كونا ئىش ئۇسۇللىرىنى
ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ھەققىدە خەقلەر تېخى ھېچقا-

— روزى، سەن ئۇنى تۈزۈك سىنا. بولمىسا، ماڭا شاگىرتلىققا بېرىۋەت.

— ...

ھەي... نېمىسىنى دەيسەن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خىجىل بولغىنىمدىن يەر يېرىلسا، قېتىغا كىرىۋالغۇدەك بولدۇم. ھەممىدىن بەك ئەلەم بولغىنى، روزى ئاكىنىڭ بۇ گەپلەرنىڭ بىرەرسىگىمۇ رەددىيە بەرمىگىنى بولدى، ئەكسىچە، تېخى:

— بولدى، بولدى، ئىككىنچى مەسىلىگە ئۆتىمىز.— دەپ گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراپ كەتكىنىچۇ؟...

يىغىندىن كېيىن، ھاشىم كىران ماي قوللىرى بىلەن دولامغا قېقىپ دېدى:

— نېمە سەن، ئۇكا، تونۇشمىغان يىگىت بىلەن نىكاھلانغان ئۇياتچان قىزدەك، ياتسىراپلا يۈرۈيسەنغۇ بۇ يەردە. «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەن گەپ بار. ئۇيەر - بۇ يەردە ئاڭلىغان قىزىق - قىزىق گەپلىرىڭغۇ باردۇ؟

ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھېزىم تراكتور بولسا:

— ئاپاڭ سېنى بىكارلا ئوغۇل قىلىپ تۇغۇپتۇ، نېمە سەن قىز بالىدەك تولغىنىپلا يۈرەمسەنا. تۇرۇۋا كۆتۈر، بىلەككە كۈچ يىغ. بېلىڭنى قاتۇر، بولمىسا، 3000 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن نېفىتنى قانداق سۈمۈرۈپ ئالىسەن؟— دېدى.

قىزىق ئادەملەركەنغۇ بۇ!... گەپ بوپتۇ-دە بىلىم سورىماي، «قىزىق گەپ» سورىغىنىنى؛ ئېغىر جىس-

بۇرغىلاشنىڭ ئىلىم- تەلىمىنى ئالغىنى شۇ. كەلگۈسىد
ئىنژېنېر، دەپ مېنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى.
راستىنى ئېيتسام، رەھبەرلىكنىڭ مېنى كۆپچىل
كە تونۇشتۇرۇپ قويۇشىنى بەكمۇ كۈتكەن، ئىشچى
مەندە ئۆگەنگۈدەك ئاز - تولا بىر نېمە بارلىقىنى
سە، ئۇلارغا بىلىمىنى سۆزلەپ بېرىش ئىمكانىي
تۇغۇلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم.
ئېسىت مېنىڭ ئەخمەق خىياللىرىم!
روزى ئاكا مېنى تونۇشتۇرۇپ، گېپىنىت ئايى
نى چۇشۇرۇپ بولغىچە، چەت - چۆرىسىدە ئولتۇر
ئىشچىلار گويا ئارىسىغا غەلىتە بىر مەخلۇق كىر
قالغاندەك، دۇررىدە ماڭا قاراشتى، خىرقىرىغان، مە
خىرە قىلىپ كۈلگەن ئاۋازلار، ئاچچىق تەنە گەپل
يىگنىدەك سانجىلىپ، بەدىنىمنى تىكەنلەشتۇرۇۋەتتى:
—سويملىغۇ ئۇ... ئىنژېنېرمىش!
—20 يىل ئىشلەپ، بىز ئەمەس، بىر ۋېنتى
بۇراپ كۆرمەي، ئۇ قانداق ئىنژېنېركەن.
—مائاشىمۇ جىقتۇ ھەقىچان!
—ئوقۇپتۇ... ماۋۇ تەلەيىنى كۆرۈڭ!
—ئەڭ ياخشىسى، روزى بۇرۇت، سەن ئۇنى ۋېر
خوۋايدا ئىشلەشكە بەلگىلە!
—40 مېترلىق ۋېشكىنىڭ ئۈستىدە قاغىدەك قو
نۇپ بەش كۈن ئىشلەپ باقسۇنچۇ، شۇ چاغدا ھېساب!
—روزى، سەن ئۇنى تۇرۇبا يۆتكەشكە سال، بول
مىسا، نوغۇچ يۇدۇۋالغاندەك، غادىيىۋالىدۇ...

مېنىڭ قارارىم قەتئىي ئىدى.

فاكۇلتېت مۇدىرى ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— بوپتۇ، ھەممىسى ئوخشاش. ئەلۋەتتە، ئالدىنقى سەپ دېمىسىمۇ مۇھىم. قەتئىي نىيەتكە كەلگەن بولسىڭىز، تەبرىكلەيمەن. ناۋادا تۆۋەندە بىر - ئىككى يىل ئىشلەپ، بىۋاستە تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، ئاندىن مەكتەپكە قايتىپ كېلىشنى خالىسىڭىزمۇ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى يەنىلا ئوچۇق. بەلكى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ...

بۇ سۆھبەتنى ئەسلەش ماڭا غۇۋا بىر ئىستىقبالنى كۆرسەتكەندەك بولدى. «مەكتەپكە قايتىش!...» شامال گۈركىرەپ تۇرغان چېدىردا، چىراغ ئالدىدا ئولتۇرۇپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم. لېكىن يېرىم كېچىگىچە، بىر ئېغىزمۇ سۆز يازماي، قالايمىقان رەسىم، چىرتيوژ سىزىۋېتىپتىمەن. قولۇمدىكى قەلەم تىنىمسىز مىدىرلاپ تۇرغىنى بىلەن دولقۇنلىنىپ تۇرغان خىياللىرىم فاكۇلتېت مۇدىرى بىلەن «روزى بۇرۇت» ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈردى. ئۇلار بىلەن قىلىشقان مۇنازىرە - دەتالاشلىرىم كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى ۋە تېرىككىنىمدىن قەلەمنى تاشلاپ ئۆزۈمنى تۆشەككە ئاتتىم...

## 7. «روزى ئاكا، سەن...»

بىر كۈنى ۋېرخوۋاي سەھنىسىدە ئىشلەۋاتقان ھاشىم كران نېمىكىدۇر جىددىيلىشىپ، ماڭا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھوي، ستودېنت، مايەرگە چىقە!

مانىي ئەمگەكنى يېنىكلىتىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئ
دەنمەي، تۇرۇپا كۆتۈرۈشنى ئۆگەن دېگىنى نېمى
تووا، بۈيۈك ئىشچىلار سىنىپى توغرىسىدا، ئۇلارنى
ئالەمشۇمۇل غايىلىرى، ھەممىنى ئۆزگەرتىش-يېڭىلاش
قادىر ئىرادىسى توغرىسىدا دېيىلگەن گەپلەرقېنى؟... ھە
مىسى ئۆگەن، پىشلا دەيدۇ. ئۇلار ئۆگىنەمدۇ، مەنمۇ
ئەگەر مەن ئۇلاردىن ئۆگەنسەم، ئالدى بىلەن بۇ يەرگ
كەلمەي مەكتەپكە نېمە دەپ باردىم؟

ئادەم نېمە دېگەن بىقارار نەرسە — ھە؟...خىيال
لىرىم چىگىشلىشىپ كەتتى. ئۈمىد لەگلىكىمنىڭ يىپى نەچ
چە يەردىن ئۈزۈلگەندەك بولۇپ، فاكۇلتېت مۇدىرى
بىلەن بولغان سۆھبەتتىكى نادانلىقىمغا تۈنجى قېتىم
ئىختىيارسىز پۇشايمان يېدىم.

شۇ كۈنى فاكۇلتېت مۇدىرى مېنى ئۆز ئىشخانىسى
غا چاقىرتىپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىدە قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ
ئىلتىماس سۇنغان ئۇن نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتلۇق
تىلەكلەر بىلدۈرۈلگەن خەتلىرىنى ئالدىمغا قويۇپ
بىر خىل ئاتىلارچە تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دېگەن ئىدى:

— ئويلىنىپ كۆردىڭىزمۇ، بىز يەنىلا سىزنى ئېلىپ
قېلىشنى ئويلاۋاتىمىز. شۇيۇن ياخشى ئوقۇتقۇچىغا
مۇھتاج. بىللە ئىشلەيلى، بەلكىم، چەت ئەلگە چىقىپ
بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىمۇ چىقىپ قالار. مۇئەللىملىرى
گىزمۇ سىزنىڭ قېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىشىۋاتىدۇ.

— چۆلگە — نېفىتلىكنىڭ ئۆزىگە بارىمەن، — دېگەن
ئىدىم مەن.

— ھاشىم ئاكا، ھېچ ئىش يوق، — دېدىم مەن،
ۋېرخوۋاي سەھنىسىگە قايتىپ چۈشۈپ، — قولىقىمنىڭ سېنى
ئالداپ قويۇپتۇ، ئىككى سەر قېقىۋالمىغانسەن؟
— نېمىسىنى ئېيتىسەن، خەپ، — دېدى ئۇ، يەنىلا
كىرانىيلۇك تەرەپتىن كۆزىنى ئالماي. روزى بۇرۇتىنىڭ
يىلىپ قىلىشىدىن قورقمىسام، شۇ تاپتا ئىككى سەر ئەمەس،
نۆت سەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ھاراق ئىچىدىغانسەن؟
— ياق.
— تاماكىغۇ چېكەرسەن؟
— ياق.
— قاملاشمىغانگەپ، — دېدى ئۇ، — بۇ مىجەزىڭ
ئاڭا زادىلا ياقمايدۇ... قولاق سېلىپ باقە، جىزىلداۋات-
ان نېمىدۇ؟
ئۇنىڭ ئۆز قولىقىغا ئالدىنىپ قالغانلىقىغا زادىلا
ىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ۋېشكا ئۈستىدە يامىشىپ يۈرۈپ
ىت - تىت بولغان ھالدا، ھەممىنى تەكشۈردى، كەچقۇرۇن
ـمىنا ئالماشقاندىن كېيىن، گەرچە بىر ئۆزى يېرىم
وتۇلكا ئاق ھاراقنى ئىككى سومۇرۇپلا ئىچىۋالغان بول-
سمۇ، لېكىن، بورىۋاي قېشىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەت-
مىدى. بىردە بورىۋاينىڭ ئالدىغا، بىردە كەينىگە ئۆتۈپ،
بىردە ئوڭ قۇلىقى، بىردە سول قۇلىقى بىلەن تىڭشاپ
بورىۋاي مېخانىزملىرىدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلايتتى؛
ۋېشكىغا مايمۇندەك لىپ قىلىپلا ياماشاتتى، قۇلىقىنى دىڭ
قىلىپ خەۋپسىرەيتتى، تىت - تىت بولاتتى...
شۇ كۈنى روزى ئاكا بىلەن ياردەمچى ئىنژېنېر

«سىناپ باقماقچى ئىكەن-دە، ئۇ يەرگە چىقىش قانچىل
ئىشتى؟»— خىيالىمدىن شۇكەچتى-دە، دەرھال پو
جازىغا يامىشىپ، 40 مېترچە ئېگىزلىكتىكى ۋېر
ۋاي سەھنىسىگە چىقتىم.

— قۇلىقىڭنى قېقىۋېتىپ، ئاڭلاپ باقە، — دېدى
ماڭا كرانبىلۇك بىلەن تالۇۋبىلۇك توتاشقان ئا
لىقنى كۆرسىتىپ، — جىزىلدىغان بىر ئاۋاز بارغۇ، ئ
لاۋاتامسەن؟...

بۇ جىزىلداشنىڭ سىرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچ
جازىغا يامىشىپ، كرانبىلۇكقا ئىككى قېتىم يېقىنلا
تىم. لېكىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدىم.

«ئىشلەۋاتقان بورىۋاي مېخانىزملىرىدىكى غىل
پال ئاڭلىنىپ ئۆتۈپ كەتكەن كىچىككىنە يات ئاۋاز
بەزىدە جىددىي سىگناللىق رولىنى ئوينايدۇ»— بۇ، ھە
ئوقۇغان دەرسلەردە كۆپ قېتىم دېيىلگەن ئەسكەرتم
لېكىن مەن قانچە دىققەت بىلەن قۇلاق سالسامۇ، ب
رىۋاي مېخانىزملىرىدىن تارقىلىپ تۇرغان خىلمۇ خ
ئاۋازلار — پولات ۋېشكىنىڭ تىترىشى، موسكىنىڭ بىل
ئەر-بىلىنمەس غىربىلىشى، روتېرىنىڭ ۋىشىلدىشى
سۇيىچنىڭ شىددەتلىك كۇشۇلدىشى ۋە گۇپۇلدەپ ئۇر
لۇۋاتقان ئاسما كۇلۇچتىن پەيدا بولغان تەۋرىنىش —
داسى ئىچىدە، ھاشىم كرانىنى پەرىشان قىلىۋاتقان «ج
زىلداش»نى زادىلا ئاڭلىيالمىدىم. كرانبىلۇك بىلەن تالۇۋ
بىلۇك توتاشقان يەرگە يامىشىپ چىقىپمۇ گۇمانلانغۇدەك
ھېچنېمە سەزمىدىم.

كىنىلىك بىلەن.

شۇ ئارىدا ئۇ، كىرانىبىلۇك بىلەن نەچچە تونىنا ئېغىرلىقتىكى تالۇۋىبىلۇكىنىڭ ئۆزئارا تۇتىشىدىغان يېرىنى قول چىراغىنىڭ نۇرىدا تەكشۈرۈۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت تاتىرىپ كەتتى.

روزى ئاكا كۆرۈۋاتقان نەرسە، بىر خىل قوغۇررەڭ سۇ ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ۋە تەدرىجىي ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقان ئىللىپسىمان دەز بولۇپ، بۇ نەرسە ھەممەيلەننى چۆچۈتىۋەتتى.

روزى ئاكا تەمكىن، لېكىن قەتئىيلىك بىلەن بۇيرىدى:

— ئىشنى توختات!

بۇ بۇيرۇق دەسلەپ ۋىرخۇۋاي سەھنىسگە، كېيىن روتېر ئەتراپىدىكى بۇرۇلچىكلارغا يەتكۈزۈلدى.

ئىش توختىدى.

روزى ئاكا پەسكە چۈشكەندىن كېيىن مەن بۇچاغقىچە كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل مېھرىبانلىق بىلەن ھاشىم كىراننى قۇچاقلىدى:

— يارايسەن، كىران. قۇلىقىڭغىمۇ، سەزگۈرلۈك قىلغىنىڭغىمۇ بارىكاللا...! ھوشيار كەپسەن، كىران. بۇ ئىشىڭ بىلەن نەچچە ئون قېرىنداشنىڭ ھاياتىنى، ۋەيران بولۇش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەن بورىۋاينى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ. نەچچە تونىنا ئېغىرلىقتىكى كىرانىبىلۇك چۈشۈپ كەتسە، بۇ يەردە نېمە پاجىئە بولىدىغانلىقى يادىڭغا كەپتۇ. مەن بۇ تۆھپەڭنى دەرھال ئىدارىغا مەلۇم قىلىمەن.

بورىۋاي باشقارمىسىغا يىغىنغا كەتكەن ئىدى. ئۇلار يىغىن
يېرىم كېچىگە يېقىن قايتىپ كېلىشتى.

ئۆز گۇمانىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ۋېشكا ئۈست
تۇرغان ھاشىم كىران روزى ئاكىنى كۆرۈپ ۋارقىرىد

— ھوي «بۇرۇت»، مەيەرگە چىققىنا، ماۋۇ
دىنىتمۇ ھېچنېمىگە كارغا كەلمىدىغۇ، — ئۇ ماڭا
قىرىدا قارىۋالدى.

روزى ئاكا ۋېشكىغا ياماشتى، مەنمۇ ئۇنىڭ
ئەگەشتىم.

بىز ۋېرخوۋاي سەھنىسىگە چىققانىدا، ۋېرخوۋ
سەھنىسىدىن ئۇن مېترچە ئېگىزلىكتىكى كرانبىلوك بىل
تالۇۋېبىلوك تۇتاشقان يەردىن كۆزۈمگە قانداق
بىر نەرسە پاللىدا يېنىپ — ئۆچكەندەك كۆرۈنۈپ كەت
بۇنى روزى ئاكامۇ سېزىپتۇ. بىراق ئۇ، بۇ نەرس
ئېتىبار قىلمىدى — دە، بورىۋاي مۇنارىسىنىڭ ئ
ئۇستىگە چىقىپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى.

كېچە ئاسماننى چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلە
تولغان ۋە ئۇنىڭ چىمىرلىغان نۇرى جۇغغار تۈزلەڭل
كىنى قاپلاپ تۇرغان بورىۋايلاردىكى سان - ساناق
ئېلېكتىر نۇرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

ھاشىم كىران ئۇندىمەي پولات جازىغا يامىشىپ چ
قىپ كېتىۋاتقان روزى ئاكامغا تېرىكىپ دېدى:

— روزىم، سېنىڭ قولىقىڭمۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان
بولسا!

— توختا، ئالدىرىما، — دېدى روزى ئاكا تەم

بەرمە، دەپ قاراپ تۇرالايمىزمۇ، ئۆز بەستىمىزگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىمىز بىر ئىش قىلالمامسىزمۇ؟

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىشچىلار غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. دولتا بورىۋاينىڭ جىنى، نەچچە مىڭ مىتر چوڭقۇرلۇقتا يىلاندەك تولغىنىپ كىرىدىغان سۇۋچىنىڭ بىردىنبىر يول ئاچقۇچىسى. ئۇلار جوزا مۇشتلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى، خىرقىراپ ۋارقىرىشاتتى، ئەجنەبىي كاپىتالىستنى تىللاشتى.

ھاشىم كىران بىلەن ھېزىم تراكتور يىغىننى بېشىغا كىيىۋېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئىنژېنېر، مۇتەخەسسىسلەرنى «ئاقسانچى، كارغا يارىماس» دەپ تىللىۋەتكەنلىكى يىغىندا قاتتىق كۈلكىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى. لېكىن ئۇلار بۇ كۈلكىگە پەرۋا قىلىشمىدى.

دولتا مەسىلىسىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئۆچۈپ قالاي دېگەن چوغ بىردىنلا قايتا لاۋۇلدىغاندەك، مېنىڭ بۇ يەردىن سوۋۇۋاتقان كۆڭلۈمگە ئوت ياقتى. دولتا مېنىڭ دىسسېرتاتسىيەمنىڭ ماۋزۇسى ئىدى - دە!

كەچقۇرۇن شامال گۇركىرەپ تۇرغان چېدىر ئىچىدە چامادان - يەشكىلىرىمنى ئېچىپ، كىتابلىرىمنى يېيىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى دولتا مەسىلىسىگە دائىر كىتابلارنى ئىلغاشقا كىرىشتىم.

ئىشىكتىن مىلەڭزىنى قايرىپ روزى ئاكا كىرىپ كەلدى ۋە ئاچچىق تاماكىنى قاتتىق شورىغان پېتى خېلى بىر كەمگىچە پەگاھدا ئۆرە تۇردى. مەن كىتابلارنى نېمىشقا بۇنداق يېيىۋەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ،

بىراق، بۇ گەپلەر ھاشىم كرانىنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندەك ئەمەس. بۇ چاغدا ئۇ، بايا ئېشىپ قالغان يېرىم بوتۇلكا ھاراقنىڭ مېتال پۇرۇپكىسىنى چىشى بىلەن قايرىپ ئېچىپ، ئۇنى ھەدەپ غورتۇلدىتىپ ئىچمەكتە ئىدى...

ئىش ئۆتۈپ كەتتى. بورىۋاي پالاكەتتىن قۇتۇلدى. بىراق، كېپى قوپال، ئايال كىشى ھەققىدە چۆچەك ئاڭلاشقا ھېرىس ۋە بىكار بولسىلا ھاراق ئىچىشكە ئامراق ھاشىم كران شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مېنىڭ نەزىرىمدە باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدى.

ھېكايىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى:

شۇ كۈنى روزى ئاكا بىلەن ياردەمچى ئىنژېنېرنىڭ بورىۋاي باشقارمىسىغا جىددىي يىغىنغا چاقىرتىلغىنى بۆلەك بىر ئىش بولۇپ چىقتى. روزى ئاكا بەكلا خاپا ئىدى، غەزەپتىن بوغۇلۇۋاتقاندەك. كىچىككىنە «جىزىلداش» ئۇچۇر قىلىنغان قورقۇنچلۇق پالاكەتنىڭ ئالدى ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ قاش-قاپىقى ئېچىلمىي كەتتى ۋە ماڭىمۇ گەپ قىلمايتتى. بىر قېتىملىق ئومۇمىي يىغىندا، ئۇ، بىردىنلا غەزەپلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— مەن بۇنداق بولۇشنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. دولتا بولمىسا، بورىۋاي دېگەننىڭ تۆمۈر-تەسەك دۆۋىسى ئەمەسمۇ؟ ئەجنەبىي كاپىتالىست بىزنىڭ ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان نېفتچىلىكىمىزنى بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى! دولتىنى بەرمەي قويۇپتۇ؟ مۇناپىقلارچە شەرت قويۇپ تۇرۇۋاپتىمىش. بىز: دولتىنى بەرمىسەڭ

تىن ئىككىسىنى بېرىشكىمۇ تەييار... — دەيتتى ئۇ.

كىتاب ئاختۇرۇش، خېلىمۇ خىل چەت ئەل دولتلىرىنىڭ تاشلاندۇقلىرىنى تەتقىق قىلىش، ھەر خىل چىرتيوژ لايىھەلىرىنى سىزىشتۇرۇش، ماتېرىيال تاللاش ئارقىلىق ئاخىر سىچۇەن بورۇۋاي مېخانىزملىرى زاۋۇتى سىناق قىلىپ غەلىبە قىلغان تۇنجى دولتىنى تەقلىد قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ «جۇڭغار» ماركىلىق دولتىنى ياساپ چىقتۇق.

روزى ئاكىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە، رەھبەرلىك بۇ دولتىنى بىزنىڭ بورۇۋايدا سىناشقا تاپشۇرۇپ بەردى.

بىز غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈپ، كالۇن ئالماشتۇرۇپ، بۇ دولتىنى 2471 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈردۇق. بىزنىڭ دولتىمىز ئارقا - ئارقىدىن ئالماشتۇرۇلۇپ تاكى 3050 مېتىر چوڭقۇرلۇققا يەتكىچە بىخەتەر ئىشلىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە بىزنىڭ بورۇۋايغا ئەزىمەت ئىسىملىك بىر كىشى مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىپ كەلدى.

ئەزىمەت ئېگىز بويى، قاڭشارلىق، كۆزلىرى ئوتلۇق، كېلىشكەن كىشى بولۇپ، يېشى 26 — 28 لەردە بارئىدى.

بىز ئەزىمەت توغرىسىدا ئاڭلىغان، ئۇ، چىڭگىش تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر بورۇۋاي ئەترىتىدە «يۇقىرى سۈرئەتچى» دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغان. كېيىن بۇ ئەترەت تەقدىرلىنىپ ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندە، ئەزىمەت «ئالتۇن مېداللىق يىگىت» دېگەن شۆھرەت بىلەن خېلى كۆپ تەشۋىقمۇ قىلىنغان.

مەن ئەزىمەتنىڭ بىزنىڭ ئەترەتكە مۇئاۋىن ئەت-

دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەكسىچە، كىتابلارغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى.

— سەن ئالتە يىل ئوقۇدۇڭ، — دېدى ئۇ، ئېغىر پۇشۇلداپ، — دولتا ئۈستىدە تەتقىق قىلىپ، ماقالىمۇ يازغانىكەنسەن، ماقالە يازسىلا ھەسابمۇ؟ نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ دولتىسىنى ياساش مۇمكىن ئەمەس؟ ماقالىدىكى گەپلەر ئەمەلىي ئىش يۈزىدە جانغا ئەسقاتمىسا، ئۇنى نېمە دېيىش كېرەككە!

مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم:

— روزى ئاكا، سەن...

## 8. غەلىبىدىن كېيىنكى پالاكەت

بىز ئۆزىمىزنىڭ دولتىسىنى ياساشقا تۇتۇندۇق. ئىدارە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى ۋە بورىۋاي باشقارمىسىنىڭ بورىۋاي مېخانىزملىرى رېمونت زاۋۇتىدىكى ئىنژېنېر - تېخنىكلار بىلەن بىرلىشىپ، دولتا ياساشنى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردۇق. مېنىڭ مەكتەپتە مەخسۇس دولتا مەسىلىسىنى ئاز - تولا تەتقىق قىلغانلىقىم بۇ يەردە ئەسقاتتى.

بۇ ئىشقا بولۇپمۇ روزى ئاكا بەكمۇ قىزغىن ئىدى:

— مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ؟ ھېچنېمە. بىلىپ قويۇڭلاركى، ھەرگىز دولتا مەسىلىسىلا ئەمەس، نېفتچىلىكىمىزنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى. قوللاش دېگەن نېمە؟... كېرەك بولسا، مەن تومۇرلىرىمدا ئېقىۋاتقان قاننىڭ ئۈچ-

دىققەت قىلدىم.

— ئەلى، — دېدى ئۇ، — ئېيتە مەن ئەخمەقمۇ؟

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

— سېنىڭ مېنى شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا «ئەخمەق» دەپ تىللاشقا نېمە ھەققىڭ بار؟

مەن بۇ بىر ئېغىز گەپنى ئۇرۇنسىز ئېيتقانلىقىمغا خىجىل بولدۇم ۋە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى بولۇپ:

— يولداش ئەزىمەت، سەن جىددىي خاتاغا يول قويدۇڭ. لېكىن مەن...— دەپ ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشىمغا، ئۇ:

— بولدى، بولدى، سىلەر ئۆلىما ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە بىز ئىشچىلار ئەزەلدىن دۆت، ئەخمەق... كوكولىگىدىن تۇتۇۋالدىم دەيسەن - دە! ئەمدى مېنى خالىغانچە پايتىما قىلىپ، تېپىپ ئوينىۋەر! — دېدى-دە، زەردە بىلەن قولىنى شىلتىپ كېتىپ قالدى...

كىرىن تۇرۇبىسىنىڭ 3050 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى بورىۋاي باشقارمىسىدا چوڭ ۋەقە بولدى. ئادەتتە، مۇنچىۋالا چوڭقۇرلۇقتا ئۈزۈلگەن تۇرۇبىنى تارتىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىش ھېسابلىناتتى.

يۇقىرىدىن ئادەملەر كېلىشتى، ئەزىمەتنى ئەيىبلەشتى، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ھەر خىل لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

— ئەزىمەت «يۇقىرى سۈرئەتچى» — دېدى بىر قېتىملىق مۇنازىرىدە ھاشىم كىران غەزەپلىنىپ، — ئۇنىڭ مۇددىئاسىنىڭ توغرىلىقىدا گەپ يوق، شۇڭا گۇناھ ئەزىمەتتە ئەمەس، كىرىن تۇرۇبىسىنى مىنۇتىغا 186 قېت-

بۇرۇلچىكىگە ياردەملىشىپ تورمۇز باشقۇرۇپ ئولتۇراتتى. بىركەمدە ئۇ، سىۋىچىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى تىزلەتمەكچى بولۇپ، ئۇشتۇمتۇت خوتنى تۆتكە يۆتكەپ، روتىرىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى مىنۇتىغا 186 قېتىملىق سۈرئەتكە ئۆزگەرتتى. بۇ، 3000 مېتىردىن يۇقىرى چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپ ئىدى. مەن بۇنى روتىرىنىڭ چىرقىرىشىدىن چىققان ئاۋازدىن بىلدىم - دە، چاچراپ بىرىپ، ئۇنىڭغا ۋارقىرىدىم.

— ئەخمەق نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

«يۇقىرى سۈرئەتچى» ئېسىنى يىغىپ، تورمۇزنى يۆتكەپ بولغۇچە، 3000 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كىرىدىن تۇرۇبىسى يۇقىرى سۈرئەتكە بەرداشلىق بىرەلمەي، تويۇقسىز ئۈزۈلۈپ كەتتى.

بۇ كەم كۆرۈلىدىغان جىددىي پالاكەت ئىدى.

ئەزىمەت جىددىي خاتاغا يول قويغانلىقىدىنمۇ، ياكى مېنىڭ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن «ئەخمەق» ھار ئالغانلىقىدىنمۇ، گويا ھازىرلا يىرىلىپ كېتىدىغاندەك. يۈز - كۆزلىرى بويۇنلىرىغىچە، قىزىرىپ كەتتى. كەچتە بىر قاچا غىزانى قولىغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى يېمىدى، گۆگۈم چۈشكەندە قارىسام، مەست ھالەتتە چېدىرىمنىڭ ئىشكىدە تۇرۇپتۇ، ئۇ:

— مەيەرگە چىقە، ئەلى، — دەپ چاقىردى.

مەن چېدىردىن چىقىپ، بىر ئاز ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئىلىشىپ تۇرغان كۆزىگە ۋە كۆكرىكىدىكى ھەمىشە پارقىراپ تۇرىدىغان ئالتۇن مېدالنى ئىلىۋەتكەنلىكىگە

ئۆزۈلگەن كىرىن تۇرۇبىسىنى تارتىۋېلىپ، چارلاپ قېزىش ئۈزىپىسىنى پىلاندىكى ئۇقتىغا يەتكۈزمەي تۇرۇپ، قۇدۇقنى نېفىت ئېلىش ئەترىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسئۇلىيەتسىزلىك بولمامدۇ - ھە!

بۇگەپ ئەزىمەتكە ياقمىدى، گوياقاراڭغۇدا ئۆتكۈر يالقۇنغا دۇچ كەلگەندەك، ھودۇقۇپ ئىككى مەڭزى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، روزى ئاكىغا ئالايغىنىچە قېتىپلا قالدى....

مۇنازىرە بىر نەچچە كۈن داۋام قىلدى. «دۇرۇس، 3050 مېتر چوڭقۇرلۇقتا ئۈزۈلۈپ قالغان كىرىن تۇرۇبىسىنى تارتىۋېلىشنىڭ ئىشەنچلىك تەجرىبىسىمۇ، تېخنىكا ئاساسىمۇ يوق دېيەرلىك. شۇنداقتىمۇ، ‹ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش› دەپ قاراپ ئولتۇرغىلى بولامدۇ؟ ئىزدىنىش، جۈرئەت كېرەك. جۈرئەت قىلمىساق، تەييار تەجرىبە بىلەن تېخنىكا ئاساسى ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالماس!...»

كۆڭلۈمگە كەلگەن بۇ پىكىرنى ئېيتتىم، بۇ، يىغىندىكىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمىغا ياقتى. روزى ئاكا مېنى قىزغىن رىغبەتلەندۈردى، كىرىن تۇرۇبىسىنى تارتىۋېلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تېپىش ئۈچۈن، مەخسۇس گۇرۇپپا قۇردى.

كىچىككىنە «يۇقىرى سۈرئەت» بىپەرۋالىقىدىن تۇغۇلغان بۇ پالاكەت بىزنىڭ توپتوغرا 53 كۈن ۋاقتىمىزنى ئالدى. كىرىن تۇرۇبىسىنى تارتىۋېلىش پەرىزىدە يىگىرمە خىلچە سايمان ياسىدۇق، كۆپ قېتىم قۇدرۇق ئاستىغا چۈشۈرۈپ سىناق قىلغان بولساقمۇ، ھەم-

تىملىق سۈرئەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قىلىپ ياسىغان ئىنژېنېردا، مۇشۇنداق لايىھىلەنسە بولامدۇ؟ ئىنژېنېر - مۇتەخەسسىس دېگەنلەرمۇ ئۆزى لايىھىلىگەن كىرىن تۇرۇبىسىنىڭ ھەر خىل پالاكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىنلىكىنى ئويلىشى كېرەكتە!

— مەن قوشۇلمەن، — دېدى توساتتىن ھېزىم تراكتور، — ئەزىمەت مەيدىسىدىكى ئالتۇن مېدالىنى ئۆزى يۇلۇپ تاشلىدى، مېنىڭ گەمەمگە كىرىپ ئىككى قېتىم ھاراق ئىچتى، گۇناھىغا توۋا قىلغىنى شۇ - دە!

مۇنازىرە مەيدانىدىكىلەر كۈلۈشتى. ياشراق كەلگەن بىر يىگىت:

— بۇ قۇدۇق يەنە 30 مېتر قېزىلغان بولسا، پىلانىدىكى نۇقتىغا يەتكەن بولىتى. ھازىر ئۇنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ قېزىشمۇ، قۇدۇق ئاستىدىن كىرىن تۇرۇبىسىنى تارتىۋېلىشمۇ مۇمكىن بولمىغاندىكىن، ئەڭ ياخشىسى، چارلاپ قېزىش ۋەزىپىسىنى تاماملاندى قىلىپ، نېفىت ئېلىش ئەترىتىگە ئۆتكۈزۈۋېتەيلى دېدى ۋە ئەزىمەتكە قاراپ قوشۇپ قويدى:

— قانداق دېدىم ئەزىمەت ئاكا؟

— روزى دۇيجاڭ قارار قىلسۇن، مەن قوشۇلىمەن، — دېدى ئەزىمەت.

— قاملاشمىغان گەپ، — دېدى روزى ئاكا كۈتۈلمىگەندە بۇ تەكلىپنى پىچاقتا كەسكەندەك رەت قىلىپ، — مۇنداق چالا - چۇتا ئىش قىلىش بىزنىڭ ئادىتىمىز ئەمەس. ئەپلەپ - سەپلەپ قۇتۇلماقچىمۇ؟ بولمايدۇ!

داق بولىدىغان بولسا، ئاممىنى قوزغاپ تېخنىكا يېڭىلاش، ئىسلاھ قىلىش، ئىجاد قىلىش دەپ داۋراڭ سېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى! ئۆتكەن ئون نەچچە يىل مابەينىدە بۇ يەردە بولغان شۇنچىۋالا ئۆزگىرىش مۇرەككەپ تېخنىكا ئاساسىغا ئىگە بولۇش جەريانى، بىلىپ قوي، ھەممىنى كىتابتىن ئېپىۋېلىش جەريانى ئەمەس. بەلكى خېلى بىر قىسمى ئۆزىمىزنىڭ ئەجرى، قايتا - قايتا سىناق قىلىپ، يېڭىلاش ئېلىپ بارغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. مەيلى نېمە دېسەڭ دەۋەر، يوق نەرسىنى خىيال قىلىپ، تېگى يوق دېگىنىزدا ئۆزگەندىن ھېچنېمە چىقمايدۇ.

مەن ھەيران بولۇپ روزى ئاكامغا قارىدىم:

— ئەمىسە بۇ ئىشنى بولدى قىلىمىزمۇ؟

— گەپ ئەمەس، — دېدى ئۇ، بۇرۇتىنى چىمدىپ بۇراپ، بىر خىل نازارىلىق بىلەن، — بۇ ئىشقا قول سالغان ئىكەنمىز، ئاخىرقى نەتىجىسىنى چىقىرىشىمىز زۆرۈر. مېنىڭ كۆڭلۈمگە مۇنداق بىر پىكىر كېلىپ قالدى، گەپ نېمىدە، ئۆيلانسام، قارىسىغا ئىشلەش بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. بىز 3000 مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى كىرىن تۇرۇبىسىنىڭ قانداق شەكىلدە ئۈزۈلگەنلىكىنى، قۇدۇق تېگىدە قايسى شەكىلدە ياتقانلىقىنى زادى بىلمىدۇققۇ؟...

— بەللى، — دېدىم مەن، — قىزىقسەن - دە، روزى ئاكا. ئۇنىڭ قانداق شەكىلدە ئۈزۈلگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىنچىلىكى بولسا، مۇنچىۋالا باش قېتىمچىلىقى بولاتتىمۇ؟ يا سەن ئۈزۈلگەن تۇرۇبىنى جاھاننامە ئەينەكتە كۆرمەكچىمۇ؟...

مىسدە مەغلۇپ بولدۇق.

مەن يوتقان – كۆرپەمنى بورۇۋايىنىڭ ئۇدۇلىدىكى رېمونت ئۆيىگە يۆتكىۋالغان ئىدىم. روزى ئاكا سىناقلىرىمىزنىڭ ئارقا – ئارقىدىن ئوڭۇشسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ناھايىتى ئۈمىدۋار ئىدى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا رېمونتخانىدا كىتاب، چىرتيوژ، تۆمۈر – تەسكىلەر بىلەن تولغان بۇلۇڭدا تامغا يۆلەنگىنىمچە مۈگدەپ قاپتىمەن، قۇلىقىمغا:

— يەنە خىيال سۈرۈۋېتىپسەن – ھە؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ياق كۆزۈم ... — مەن ئىتتىك كۆزۈمنى ئېچىپ، داستىخاندىن قىزىق گۆش ناننى چىقىرىپ ئالدىمغا قويۇۋاتقان روزى ئاكامنى كۆردۈم.

— قارىغىنا، كۆزلىرىڭ، — روزى ئاكام ئېغىر پۇشۇلداپ، بېشىنى ئىككى تەرەپكە تەۋرەتتى، — نېمە كۆزلىرىڭ، تۆت سەر ئېچىۋالغان ھاشىم كىرانىڭ كۆزلىرىدەك قىزىرىپ كېتىپتىغۇ؟

مەن گۆش ناننى يېگەچ، تېخنىكا تەتقىقات ئورنىدىن ئەۋەتىلگەن بىر نەچچە كىتابنىڭ مەزمۇنىنى، ئۇنىڭدىن قانائەتلەنگىدەك جاۋاب تاپالمىغانلىقىمنى دەپ بەردىم.

— مەن ساڭا دائىم دەيمەنغۇ، — دېدى روزى ئاكام ئالدىمغا پىيالىدا قارا چاي قويۇپ تۇرۇپ، — كۆڭلۈڭگە ئالما، مەن ھەممە نەرسە كىتابقا پۈتۈپ قويۇلغان، دېگەن پەتىۋاغا ئىشەنمەيمەن. ناۋادا ئىش شۇن-

قان يېڭى ئادىتىدىن ۋاز كەچتى. چېچىلىپ ياتقان تو-
رۇبىلارنى، دولتا ۋە توڭمۇر - تەسەكلەرنى رەتلەشكە كى-
رىشتى، بورىۋاي ئەتراپىنى تازىلاپ چىنىدەك قىلىۋەتتى.
ئۇنىڭ پىشقان ئالقانلىرىنىڭ بورىۋاي تورمۇزىنى سىيغى-
ىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك،
بەزىدە ئاللىقاچان ئىشتىن توختىغان بۇرۇلچىك بوتكىسىغا
كىرىپ، ھەرىكەتسىز تورمۇزنى چىڭ تۇتقان پېتى نېمىنى-
دۇر خىيال قىلاتتى. بەزىدە قىشمىغا كىرىپ، ھاشىم
كران ۋە ھېزىم تراكتور بىلەن ياساۋاتقان قىسقۇچ ساي-
مان توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلاتتى.

ئەلۋەتتە، ئۇ سادىر قىلغان كىچىككىنە سەۋەنلىكنىڭ
تۆپەيلىدىن دۆلەتكە يەتكەن زىياننىڭ ھەددى - ھېسا-
بى بولمىسىمۇ، لېكىن، رەھبەرلىك ئۇنىڭ «ئالتۇن مېدال-
لىق يىگىت» ۋە داڭلىق «يۇقىرى سۈرئەتچى» ئىكەنلى-
كىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى پەقەت تەنقىد قىلىش بى-
لەنلا كۇپايىلەندى.

ئەمما، شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، مەيدىسىگە ئالتۇن
مېدالنى تاقىمىدى.

— ئالتۇن مېدال ساڭا يارىشاتتى، — دېدىم مەن
بىر كۈنى ئۇنىڭغا، — نېمىشقا ئۇنى تاقىماس بولۇۋال-
دىڭ؟ ...

— تاقاپ نېمە قىلىمەن ئۇنى! — دېدى ئۇ، بىر خىل
بىپەرۋالىق بىلەن، — ئالتۇن مېدال مېنىڭ كۈچۈم بىلەن
ئەمەس مەن بۇرۇلچىك بولغان بورىۋايدىكى 60 نەچچە
ئىشچىنىڭ كۈچى بىلەن قولغا كەلگەن، شۇلار مېنىڭ كۆك-

— ياقاي، — دېدى ئۇ، قولىنى شىلتىپ، — نەدىكى
جاھانىنامە ئەيىنەك! ئۇنداق نەرسە يوق. بۇ بىر نەچ
چە كۈندىن بېرى سەن كىتابلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەت
تىڭ، ھاشىم كىران بىلەن ھېزىم تراكتور بولسا، بېشىم
نى قوچۇۋەتتى، قۇدۇق ئاستىغا بىرەر نەرسە چۈشۈرۈپ
ئاۋۋال ئۆزۈلگەن تۇرۇبىنىڭ شەكلىنى، قېلىپىنى ئېلىۋې
لىشىمىز كېرەك، دەپ. ئويلاپ باق، بۇ گەپىنىڭ جېنى
يوقمۇ؟...

ھەر ئىككىمىز جىمىپ كەتتۇق. «دۇرۇس، قۇدۇق
ئاستىغا 20 خىلغا يېقىن قىسىپ تارتىۋالغۇچى سايمان
چۈشۈردۇق، قىسالمىدى، سەۋەبى ئۆزۈلگەن تۇرۇبا بى
لەن قىسقۇچنىڭ ئۆزئارا ماسلىشالمىغانلىقى ئەمەسمۇ؟ ناۋا
دا بىز قۇدۇق ئاستىغا ئۆزىدە ئىز قالدۇرالايدىغان يۇم
شاق مېتال چۈشۈرسەكچۇ؟...

مەن بۇ خىيالىمنى روزى ئاكامغا ئېيتتىم.

— ھە - ھە، شۇنداق، — دېدى ئۇ، ئۇندەرىگەن
دەك بىر خىل خىيالچانلىق بىلەن، — ئەمدى سەن كى
تابىنىڭ تېشىغا چىقىڭ، شۇنداق، يۇمشاق مېتال بولىدىغان
دەك تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزۈلگەن تۇرۇبىغا يۇقىرى بېسىم بى
لەن ئۇرۇلسا، ئۆزىدە تۇرۇبىنىڭ قانداق شەكىلدە ئۆ
زۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ «ئىز» قالدۇرالىشى مۇمكىن. ھا
شىم كىران بىلەن ھېزىم تراكتور بۇ «ئىز» غا ئىشىنىدۇ.

## 9. ئادەم ئۆزگەرسە...

ئەزىمەت ئۆز خاپىلىقىنى ھاراقتىن چىقىرىۋالىدى

غان يېڭى ئادىتىدىن ۋاز كەچتى. چېچىلىپ ياتقان تو-
روبىلارنى، دولتا ۋە تۆمۈر - تەسەكلەرنى رەتلەشكە كى-
رىشتى، بورىۋاي ئەتراپىنى تازىلاپ چىنىدەك قىلىۋەتتى.
ئۇنىڭ پىشقان ئالقانلىرىنىڭ بورىۋاي تورمۇزىنى سىغى-
نىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك،
بەزىدە ئاللىقاچان ئىشتىن توختىغان بۇرۇلچىك بوتكىسىغا
كىرىپ، ھەرىكەتسىز تورمۇزنى چىڭ تۇتقان پېتى نېمىنى-
دۇر خىيال قىلاتتى. بەزىدە قېشىمغا كىرىپ، ھاشىم
كران ۋە ھېزىم تراكتور بىلەن ياساۋاتقان قىسقۇچ ساي-
مان توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلاتتى.

ئەلۋەتتە، ئۇ سادىر قىلغان كىچىككىنە سەۋەنلىكنىڭ
تۈپەيلىدىن دۆلەتكە يەتكەن زىياننىڭ ھەددى- ھېسا-
بى بولمىسىمۇ، لېكىن، رەھبەرلىك ئۇنىڭ «ئالتۇن مېدال-
لىق يىگىت» ۋە داڭلىق «يۇقىرى سۈرئەتچى» ئىكەنلى-
كىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى پەقەت تەنقىد قىلىش بى-
لەنلا كۇپايىلەندى.

ئەمما، شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، مەيدىسىگە ئالتۇن
مېدالنى تاقىمىدى.

— ئالتۇن مېدال ساڭا يارىشاتتى، — دېدىم مەن
بىر كۈنى ئۇنىڭغا، — نېمىشقا ئۇنى تاقىماس بولۇۋال-
دىڭ ؟ ...

— تاقاپ نېمە قىلىمەن ئۇنى! —دېدى ئۇ، بىر خىل
بىپەرۋالىق بىلەن، — ئالتۇن مېدال مېنىڭ كۈچۈم بىلەن
ئەمەس مەن بۇرۇلچىك بولغان بورىۋايدىكى 60 نەچچە
ئىشچىنىڭ كۈچى بىلەن قولغا كەلگەن، شۇلار مېنىڭ كۆك-

— ياقاي، — دېدى ئۇ، قولىنى شىلتىپ، — نەدىكى جاھانىنامە ئەينەك! ئۇنداق نەرسە يوق. بۇ بىر نەچ چە كۈندىن بېرى سەن كىتابلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەت تىڭ، ھاشىم كىران بىلەن ھېزىم تراكتور بولسا، يېشى نى قوچۇۋەتتى، قۇدۇق ئاستىغا بىرەر نەرسە چۈشۈرۈپ ئاۋۋال ئۈزۈلگەن تۇرۇبىنىڭ شەكلىنى، قېلىپىنى ئېلىۋې لىشىمىز كېرەك، دەپ. ئويلاپ باق، بۇ گەپنىڭ جېنى يوقمۇ؟...

ھەر ئىككىمىز جىمىپ كەتتۇق. «دۇرۇس، قۇدۇق ئاستىغا 20 خىلغا يېقىن قىسىپ تارتىۋالغۇچى سايما چۈشۈردۇق، قىسالمىدى، سەۋەبى ئۈزۈلگەن تۇرۇبا بى لەن قىسقۇچنىڭ ئۆزئارا ماسلىشالمىغانلىقى ئەمەسمۇ؟ ناۋا دا بىز قۇدۇق ئاستىغا ئۆزىدە ئىز قالدۇرالايدىغان يۇ شاق مېتال چۈشۈرسەكچۇ؟...

مەن بۇ خىيالىمنى روزى ئاكامغا ئېيتتىم.

— ھە - ھە، شۇنداق، — دېدى ئۇ، ئۇندەرىگەن دەك بىر خىل خىيالچانلىق بىلەن، — ئەمدى سەن كى تابنىڭ تېشىغا چىق، شۇنداق، يۇمشاق مېتال بولىدىغان دەك تۇرىدۇ. ئۇ ئۈزۈلگەن تۇرۇبىغا يۇقىرى بېسىم بى لەن ئۇرۇلسا، ئۆزىدە تۇرۇبىنىڭ قانداق شەكىلدە ئۈز زۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ «ئىز» قالدۇرالىشى مۇمكىن. ھا شىم كىران بىلەن ھېزىم تراكتور بۇ «ئىز»غا ئىشىنىدۇ.

## 9. ئادەم ئۆزگەرسە...

ئەزىمەت ئۆز خاپىلىقىنى ھاراقتىن چىقىرىۋالىدى

قىما يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن كېڭىيىپ - تارى-
يالايدىغان خەنجەر شەكىللىك قىسقۇچ ياسىدۇق. بۇ قىس-
قۇچ، راستىنىلا، ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى: كىرىن تۇرۇ-
بىسىنى ئاخىر تارتىۋالدۇق!

ئەزىمەت قۇدۇق ئاستىدىن تارتىۋېلىنغان كىرىن
تۇرۇبىسىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك،
ھاياجان بىلەن:

— ئەلى، روزى ئاكا، بۇ راستمۇ؟ مېنىڭ كۆرۈۋاتى-
قىنىم ئۈزۈلۈپ قالغان كىرىن تۇرۇبىسىمۇ؟ — دېگىنىچە
ئىككىمىزنى قۇچاقلىۋالدى.

ئەزىمەت ئەنە شۇنداق سەممىي يىگىت ئىدى.

بىراق، ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، «مەدەنىيەت ئىن-
قىلابى» قارا بورىنى جۇڭغار چۆللۈكىگە يېتىپ كەلدى...
روزى ئاكا بىلەن ئەزىمەتنى «ئۆگىنىش كۇرسى» غا ئې-
لىپ كېتىشتى. بارلىق بورىۋايلاردا ئىش توختىدى.

ئەمما بىز كىرىن تۇرۇبىسى تارتىۋېلىنغاندىن كې-
يىن، كالۇن ئالماشتۇرۇپ، قۇدۇقنى پىلان بويىچە بۇر-
غىلاشنى داۋام قىلىۋەردۇق.

بىر كۈنى ھېزىم تراكتور قېشىمغا كېلىپ دېدى:

— ئاڭلىدىڭمۇ، ئەلى، ئەزىمەت ھېلىقى ئالتۇن
مېدالنى يەنە مەيدىسىگە تاقىۋاپتۇدەك.

— تاقىسا تاقىمامدۇ، — دېدى بۇرۇلچىك بوتى-
كىسىدا ئىشلەۋاتقان ھاشىم كىران، — نېدىكى گەپنى
قىلىدىكەنسىلە، ئۇنىڭدىن كۆرە بورىۋاي باشقارمىسىدا،
قارا مايدا نېمە ئىش بولۇۋېتىپتۇ، شۇ ھەقتە چۆچەك

رىكىمگە تاقاپ قويغان. نېمە چارە، مەن بۇ شەرەپنى...
مەن ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن مەڭزىگە يامراپ
چۈشكەن تامچىلارنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ ئازابلانغان هالدا
سۆزىنى داۋام قىلدى:
— «يۇقىرى سۈرئەت» ماڭا شەرەپ كەلتۈرگەن
بۇ قېتىم ئاپەت كەلتۈردى. بىلىم كەملىك قىلدى، ساددى
قىزغىنلىق هەممىنى بۇزدى، سەنمۇ ماڭا ياردەم قىلى
مىسدىڭ.
ئۇ، هەقلىق ئىدى. ئۇ ئۆز سەۋەنلىكلىرىدىن ئۆزى
توغرا خۇلاسە چىقىرىۋاتسا، مەن يەنە نېمە دېيەلەيتتىم؟
كۆڭلەر ئۆتمەكتە.
مەن روزى ئاكامنىڭ دېگىنىدەك راستلا «كىتابنىڭ
تېشىغا چىقتىم. هاشىم كىران بىلەن هېزىم تراكتور ئۆز
تەكلىپىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنغانلىقىدىن بەكمۇ رازى ئىدى.
ئەزىمەت ئۆزۈلگەن كىرىن تۈرۈبىسىنى تارتىۋېلىشىمىزغ
گۇمانلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن، يەنىلا بىزگە ياردەم قىلىپ
نە - نەلەردىن كېرەكلىك سايمان - ئۈسكۈنىلەرنى تې
پىپ، تەكلىپ بېرىپ تۇردى،
ئاخىر، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ هاشىم كىران
نىڭ تەكلىپى بويىچە قىزدۇق ئاستىغا قوغۇشۇن پىچاق
چۈشۈرۈشنى قارار قىلدۇق. قوغۇشۇن يۇقىرى بېسىم ب
لەن قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈرۈلۈپ، تۇرۇبىنىڭ ئۈزۈلگەن
جايىغا ئۇرۇلسا، ئۇنىڭ شەكلىنى ئۆزىدە قالدۇرالىشى
مۇمكىن ئىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىزنىڭ ئۆلچەملىك
قوغۇشۇن پىچىقىمىز پۈتتى. ئۇنى 3050 مېتر چوڭقۇرلۇق

سالغانلىق ئەمەسمۇ؟

— مۇشۇ كۈنلەردە هاراق دېگەنمۇ ئۆتمىسيا بولۇپ كەتتى - ياا— دېدى هېزىم تراكتور، بىر هازا تۇرۇپ كېتىپ، —خەپ، مۇشۇ تۇرۇقدا تۆت سەر ئىچىۋالسىمۇ كىشى!

مېنىڭ روزى ئاكامنىڭ سولىنىپ قالغانلىقىغا، ئەزىمەتنىڭ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا شۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە نېمە ئۈچۈندۇر زادىلا ئىشەنگىم كەلمىدى.

شۇ ئارىدا بۇ يەرگە ئەزىمەت ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالدى. راستلا، ئۇنىڭ بېشىدا پولات قالپاق، بېلىكىدە قىزىل لاتا، كەينىدە تۆت - بەش كىشى. ئۇ ئىككى پۇتىنى كەرگەن، قوشۇمىسىنى تۈرگەن هالدا، گۆۋلدەپ ئىشلەۋاتقان بورىۋايغا غەزەپلىك تىكىلدى - دە، بۇيرۇق بەردى:

— بولدى ئىش توختىسۇن!

— بورىۋاي سەھنىسىدە، روتېر ئەتراپىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار ماڭا قاراپ قويدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدىم مەن ئەزىمەتكە قاراپ.

— نېمە؟... نېمە ئۈچۈن دەمسىنا؟... — دېدى ئۇ، مېنىڭ سوئالىمنى مەسخىرە قىلغاندەك سوزۇپ تەكرارلاپ، — هىم ... هېلى بىلسەن نېمە ئۈچۈنلىكىنى!

— يولداش ئەزىمەت، — دېدىم مەن، — هازىر بورىۋاينى توختىتىپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس. هازىر بىر مېتىرلىق بۇرغىلاش كىراپىسىنى. لابوراتورىيىلىك تەك

توقۇتۇلا.

— چۆچەك! بۇ كۈندە چۆچەك توقۇشقا كىشىنىڭ چولىسى! — دېدى ھېزىم تراكتور سەل تېرىكىپ، — مېنىڭ دەۋاتقىنىم چۆچەك ئەمەس، نەق پاكىت! ئەزىزمەت «ئۆگىنىش كۈرسى» دا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نى ئوقۇپ، كۆلى بىلمىسىگە بىلەنگەن يېڭىسار ئۈستۈرىسىدەك ئىتتىپ كېتىپتۇدەك. ئىسيانچىلار سىلىكىبۇسىنىڭ 3 - نومۇرلۇق كاتتىبېشى بولاپتۇدەك. ئىدارىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتا ئالتۇن مېدالىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، جامائەتكە سۆز قىپتۇدەك. ھازىر بېشىغا پولات قالپاق كىيىپ، قارامايى شەھەرلىرىنى سوراپ يۈرگۈدەك.

— بەللى شۇنچىۋالا ئىش بوپتىمۇ؟ بىز- زە، بۇ چۆلدە بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ يۈرۈۋېرىپتىمىز - دە! — ھاشىم كران شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ھېزىم تراكتوردىن سورىدى:

— روزى بۇرۇتچۇ؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟

— سولاپ قويۇپتۇ...

— نېمە، سولاپ قويۇپتۇ؟ نەگە سولاپ قويۇپتۇ؟

— تېمى يوق تۈرمىگە، سەيۋەنزىلىككە - دە!

ھاشىم كران كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، «سەن تراكتور، چۆچەك توقۇۋاتامسەن نېمە» دېگەندەك، ھېزىم تراكتورغا لاپپىدە قارىدى:

— ئانا ئىنى!... بۇ ئىشلەرگە نېمە بولغاندۇ، روزى بۇرۇتنى سولاپ قويدى دېگەن قانداق گەپ بۇ! ئۇنى سولاپ قويغانلىق — بورژۇئاي ئەترىتىنىڭ پۇتىغا ئىشكەل

يىغىن بىر دەمدىلا تۈگىدى. ئەمما، مەجلىسخانىدىن
چىقىۋاتقان ئىشچىلاردىكى نېمە، ئۈچۈندۇر بېشى چۈشۈپ
كەتكەن ئىدى، بەزىلىرى ھەتتا ماڭا تىكىلىپ قاراشقىمۇ
جۈرئەت قىلالمىدى. بەزىلىرى بولسا، قانداقتۇر ھاڭگۇۋې-
قىش، ھەيران بولۇش، ھېسداشلىق قىلىش ئارىلىشىپ
كەتكەن بىر خىل نەزەر بىلەن ماڭا يەر ئاستىدىن ئې-
غىر تىنىپ قاراپ قويۇشتى - دە، يېنىمدىن ئۆتۈپ كې-
تىشتى.

ئەزىمەت مېنى ئىشخانىغا چاقىردى:

— ئىنقىلاب — لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت، — دې-
دى ئۇ، ماڭا سىياسەتنى ئېنىق تاپشۇرۇپ، — يۇۋاش
بولۇش — چىقىش يولۇڭ. بۈگۈندىن باشلاپ مەسىلەڭنى
چوڭقۇر ئويلىنىپ يېزىپ تاپشۇرىسەن، كېچىكتۈرمە!

— ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، — دېدىم مەن ھەي-
ران بولۇپ، — قايسى مەسىلەمنى تاپشۇرىدىكەنمەن؟

— بۇ ساڭا ئېنىق.

— ياق، ئېنىق ئەمەس.

— بولدى، خوپپەنلىك قىلما، تەشكىلدىن مەسىلە-
نى يوشۇرغانلىقىڭ، كۆز بويامچىلىق قىلىپ، ئۈستۈڭگە
قانداق چاپان يېپىنىۋالغانلىقىڭ ئۆزۈڭگە ئايان.

— ئايان ئەمەس.

— بىلمەس بولۇۋېلىش — ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا
چاپقانلىق! غىدىڭ-پىدىڭ قىلماي، تېز يېزىپ تاپ-
شۇر!...

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئەزىمەت روزى ئاكامنىڭ ئور-

شۇرۇش دائىرىسىدىن ئېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنى كۆرۈپ باق. پات ئارىسىدا بۇ قۇدۇق جەزمەن مول ھوسۇللۇق قۇدۇق بولۇپ قالىدۇ...

ئەزىمەت چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

— بولدى، بولدى، گەپ ساتما. ئىنقىلابمۇ، ئىشلەپچىقىرىشمۇ؟ سەن بۇ مەسىلىنى مەڭگۈ ھەل قىلالمايسەن؛ بىلىپ قوي، بۇ ئىنقىلاب مېنى ۋاقتىدا قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولسا، سەندەك نېمىلەرگە ئىشىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قۇلى بولۇپ، ئۆز ئىستىقباللىمنى مەڭگۈ يوقىتىپ قويىدىكەنمەن. بولدى. ئىش توختىسۇن!

مەن تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم:

— ئەزىمەت، سەن...

— ھە! نېمىدېمەكچىسەن؟ — ئەزىمەت كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئالدىمغا دىۋەيلەپ كەلدى. — پۈتۈن مەملىكەتتە ئىنقىلاب ئوتى لاۋۇلداپ يېنىۋاتسا، سەن بۇ يەرنى يىگىنمۇ ئۆتمەيدىغان، سۇمۇ كىرمەيدىغان مۇستەقىل پادىشاھلىق قىلىۋالماقچىمۇ؟ بىلىپ قويۇش، مەن بۇيەرگە ئۇسسۇل ئوينىغىلى ئەمەس، سېنىپىي كۈرەش قاپقىنى ئاچقىلى كەلدىم.

ئاندىن ئۇ مۇھىم بىر ھۆججەتنى يەتكۈزمەن دەپ، مەندىن باشقا بارلىق ئىشچىلار، تېخنىكلارنى مەجلىسخانىغا يىغىۋالدى.

مەن جۇڭغارىيىگە كېلىپ تۆت يىلدىن كېيىن، بىرىنچى قېتىم ئۆزۈم تەقدىرداش بولۇپ كەلگەن ئاممىدىن ئايرىلىپ، يېتىمسىرىغان ھالدا ئۆز ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم.

مەن خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇمىدىم.

## 10. قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا

جاھاندا بۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەنا!... تۇۋا، دادام قانداق قىلىپ پومبىشچىك ئۇنسۇر بولىدىكەن؟ ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدا بىر قولتۇقىغا كەكلىك، بىر قولتۇقىغا خوراز قىستۇرۇۋېلىپ، قىمار ئويناپ ئۆتكەنلىكىنى، كېيىن نا-مەردنىڭ خەنجىرىدىن ھوشىنى يىغىپ، ھالال ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، مەھەللە قەۋمىنىڭ زورى بى-لەن ھېچقانداق كىرىم - تاپاۋىتىنىڭ تايىنى يوق، پۇ-جۇق مەسچىتكە مەزىن بولغانلىقىنى، بىر نەچچە مو يەر-دىن باشقا، قول - ئىلكىمىزدە ھېچنېمىنىڭ يوقلۇقىنى ئەل - يۇرت ئوبدان بىلەتتىغۇ. ئەجەب ئىش، بۇنداقمۇ پاش قىلىش خىيتى بولامدۇ؟ ئۇنى كىم يازغاندۇ؟

بىر قېتىملىق «ئىقرار» قىلدۇرۇش يىغىنىدا، دادام-نىڭ پومبىشچىك ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى رەت قىلىپ:

— خەتتە يېزىلغىنى پاكىت ئەمەس، تۆھمەت، — دېدىم.

مۇشۇ گەپ بىلەن مېنى ئەزىمەتتىن تاپشۇرۇپ ئال-غان ئىسيانچىلار تەرەپ - تەرەپتىن يېپىشىپ، دۆشكە-لەپ، بىگىز قوللىرىنى كۆزۈمگە تىقىپ تۇرۇپ، «پوزىت-سىيەمنى توغرىلاش» قا قىستىدى.

— سېنىڭ مەسىلەڭ يالغۇز شۇلا ئەمەس، ئاق مۇ-تەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭغان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئارىمىزدى-

ىنغا تەيىنلەنگەن يېڭى دۇنيانىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلىپ مېنى ئۆزى تەشكىللىگەن ئىسيانچىلار ئەترىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ كېتىپ قالدى...

مەن ئۈچ كۈنگىچە، نېمە مەسىلەمنى يوشۇرغانلىقىمنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدىم.

بىر كۈنى كېچىسى ھاشىم كىران مېنى بېقىۋاتقان ئىسيانچى ياشنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، مەن يېتىۋاتقان چېدىرنىڭ دېرىزىسىدىن بىر پارچە خەتنى سۇنۇپ تۇرۇپ:

— پەخەس بول، بۇ خەتنى بىرسى كۆرۈپ قالمىسۇن، — دېدى-دە، غەمسىدا كېتىپ قالدى.

مەن بىر قاراپلا بۇ خەتنى روزى ئاكامنىڭ يازغانلىقىنى بىلدىم.

«ئىنىم ئەلى، —دېيىلگەن ئىدى خەتتە، — بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ - ھە! ئادەم ئۆزىنىڭ كىمدىن تۆرۈلۈشىنى بەلگىلەپ ئالالمىغىنى بىلەن قانداق يولدا مېڭىشىنى تاللاپ ئالالايدۇ ئەمەسمۇ؟ داداڭ پومېشچىك ئۇنسۇر بولغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭ ئىشى. سىياسەت نېمىنى بۇيرىغان بولسا، شۇنىڭغا ئەلھۆكمىللا دېمەكتۇر. نېمە قىلاتتىڭ بۇنى يوشۇرۇپ! يۇرتتۇڭدىن خەت كەپتۇ، سېنى چوڭقۇر يوشۇرۇنغان پومېشچىكنىڭ بالىسى، مېنى سىنىق زىيالىينىڭ قوغدىغۇچىسى دېيىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ماڭا كارى چاغلىق. لېكىن سەن بۇنىڭ نېرى - بېرىسىنى ئويلىماي، ھەقىقىي ئەھۋالنى تاپشۇرۇۋەتكىن، ئەندىشە قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ماڭا جاۋاب خەت يېزىپمۇ ئولتۇرما ...»

نىكى ئىنژېنېرلارغىمۇ يېقىنلىشىشنى خالىمايتتى، قاپىقىنى ئاچمايتتى، ھەممىمىز دېگۈدەك ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتۇق.

ھازىر قارىسام، ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قاپتۇ. مەن شىكىللىرىمنى ئۆشنەمگە ئارتىپ، ئۇزۇن يول بېسىپ بۇ يەرگە قەدەم قويۇشۇم بىلەن ئۇ، يەۋاتقان تامىقىنى تاشلاپ، ئالدىمغا ئالدىراپ كەلدى - دە، مۈرەمدىن شىكىلىيمنى ئالدى، ئىسسىق سۇ قۇيۇلغان چەينەكنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ:

— قېنى، ئاۋۋال يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇۋال، مەن ساڭا تاماق ئەپكېلەي، بولمىسا، ئەتە ئەتىگەنگىچە غىزاسىز قالىسەن، — دەپ ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى...

شۇنداق قىلىپ، مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر قۇددۇس بىلەن ئوبدان دوست بولۇپ قالدىم. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئۇنىڭ نېرۋىسىنى كاردىن چىقارغان، ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە مۇپتىلا قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايتتى. كۆپ نەرسىلەرنى بىلەتتى ۋە سۆزلەپ بېرەتتى. كۆپ ئۆتمەي، مەن ئۇنىڭ لى گاڭ دېگەن كىشى بىلەن يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

لى گاڭ كەمسۆز، ئويچان ۋە بىر ئاز ياشانغان ئادەم ئىدى. قۇددۇسنىڭ ھالىدىن ھەمىشە خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭغا بەزى دورا - دەرمەك ۋە بۇ يەردە تاپماق تەس بولغان ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى تېپىپ يوشۇرۇن ئەكىلىپ بېرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاسراش ھەققىدە سەممىي مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى.

كى شۇمبۇيسەن. يولداش ئەزىمەتنى «ئەخمەق» دەپ تىللىغىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنى دۆت، كالۋا دەپ ھاقارەت قىلغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ يىلتىزى پومېشچىك داداڭنىڭ جاھاننى ئۆزگەرتىش خام خىيالىغا جاھىللىق بىلەن ۋارىسلىق قىلىۋاتقانلىقىڭدا، — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن مېنى «تۆۋەن» گە ئەمگەككە چۈشۈرۈۋەتتى، كېيىن ئىشچىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئىشلە شى خەتەرلىك دېيىلدىمۇ، بىراقلا. يېزا ئىگىلىك قوشۇم چە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە تېمىسى يوق تۈرمىگە يۆت كىۋەتتى.

يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ھەر ھالدا ياخشى ئىدى. ھاياتىم يەلكىنى گەرچە تۇيۇق سىز ناتونۇش قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ قالغان بولسىمۇ ئاسماندا ھامان كۈن نۇرى چېچىپ تۇرىدۇ. تەبىئەت يەنىلا گۈزەل، ھاۋا ئوچۇق، ئېتىز - ئېرىقلار ياپيېشىل ياشناپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ يەردە يالغۇز ئەمەس. بۇر-ژۇئازىيە لويىلىرى دەپ ئاتالغان بىر تۈركۈم تېخنىك-ئىنژېنېرلار ھەمراھلىرىم، بولۇپمۇ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر قۇددۇس ئەڭ يېقىن سۆھبەتدىشىم.

راست گەپنى دېگەندە، مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر قۇد-دۇس بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، يېزا ئىگ-لىك قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە سۈرگۈن قىلىنىش-تىن ئىلگىرى ھاكاۋۇر بىر نېمە دەپ تونۇلاتتى، ئىشخا-نىسىدىن نېرىسىغا بارمايتتى، ئىشچىلارغىلا ئەمەس، ئادەت-

مېنىڭ بۇ روھىي ھالىتىمنى سەزگەن قۇددۇس بىر كۈلدى:

— ئەلى، ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا شۈكلەپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى، رۇخسەت قىلسا، يۇرتۇمغا كەتسەممىكىن دەيمەن، — دېدىم مەن.

قۇددۇس ئويلىنىپ قالدى ۋە:

— ياخشى ئەمەس، ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قاپسەن، — دېدى ئەتراپقا قارىۋېلىپ.

مەن گەپ قىلمىدىم، يەنە بىر كۈنى ئۇ مۇنداق دېدى:

— مەن ياش چاغلىرىمدا بەكمۇ رومانپەرەس ئىدىم، قولۇمدىن كىتاب چۈشمەيدىغان، مۇنداق بىرنەچچە ھېكمەتلىك سۆز ھېلىغىچە ئېسىمدە. كىمىكىن، تولىستويمۇ، پىلوبېرمۇ، شېكىسپىر ياكى گوركىمىكىن، قايسىبىر يازغۇچى: ئۈمىد — ئىنساننىڭ مەشئىلى؛ تۇرمۇشتا غايەسىز، ئىرادىسىز ئادەم رولسىز، كومپاسسىز كېمىگە ئوخشايدۇ؛ سەن ھاياتنى سۆيەمسەن، ئۇنداقتا ۋاقىتنى قەدىرلە، ۋە ئۇنى سۆي؛ ئەتە نېمە ئىش قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بەختسىز، بىچارە ئادەم، دېگەن ئىكەن. سەن بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى ھەزىم قىلىپ باققىن.

كۈنلەر ئۆتمەكتە.

مەن ئويلىنا، ئويلىنا، قۇددۇسنىڭ ياردىمىدە قىيىن شارائىت ئىچىدىمۇ يەنە بەزى پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. قۇددۇسنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باش

بىر كۈنى مەن مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر قۇددۇستىن سورىدىم:

— قۇددۇس ئاكا، بۇ كىم، سىزگە بۆلەكچە يېقىنچىلىق قىلىدىكەنغۇ؟

— باش ئىنژېنېر لى گاك دېگەن شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى قۇددۇس، — ئۇنىڭ بىلەن مەن ئۇن نەچچە يىللىق بۇرادەر. ئېسىل ئادەم ئۇ. بۈگۈنكى قارا مايىنى يۆلەپ تۇرغۇزغان تۆرتكىلەردىن بىرى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئامېرىكىدا ئوقۇغانلىقى، ياپونىيىدىكى بىر شىركەتتە ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۆزىگە ئاپەت بولدى. بۇ نېمىلەر، ئۇنىڭ ۋەتەننى ئەلا بىلىپ، ھەرقانداق ئالدىنىشلارغا پىسەنت قىلماي، دولەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنىمۇ ھېسابقا ئېلىشمىدى. خىيالىغا كەلگەن قالپاقنىڭ ھەممىسىنى كىيگۈزۈشتى. ئۇنىڭ بىلىمى دەريا ئادەم. ئېنگلىز، ياپون تىللىرىنى سۇدەك بىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان تونۇشۇۋال، جەزمەن ئوبدان دوستلاردىن بولۇپ قالىسەن...

باش ئىنژېنېر لى گاك بىلەن ئاستا - ئاستا يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالدۇق، ئۇ ماڭا يېقىپ قالدى، لېكىن بىز بۇ يەردە ئېھتىيات بىلەن ئەمگەك ئارىلىقلىرىدىلا سۆزلىشەلەيتتۇق.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە، ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆز تەقدىرىمىزدىن گۇمانلىنىشقا، قانداقتۇر ئۈمىدسىزلىك ئازابىدا يەنە تولغىنىشقا باشلىدىم.

قاتتى، مەن بۇ كىتابنى قايتا - قايتا سىلىشتۇرۇپ، قۇددۇس بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر يىلدا تەرجىمە قىلىپ تۈگەتتىم. شۇ كۈنى ئۈچىمىز بىر - ئىككى رومكىدىن ھاراقمۇ ئىچىۋالدۇق ۋە بۇ كىتابنى ۋەزىيەتتە ئازراق ئۆزگىرىش بولسىلا، باستۇرۇپ مىللىي ئىشچىلارغا تارقىتىپ بەرمەكچى بولدۇق.

بىراق، ئۇ كەمدە جىنايەتنىڭ ئۆلچىمى يوق ئىدى. بىزنىڭ قان - تەرىمىز بەدىلىگە پۈتكەن بۇ ئەمگىكىمىز ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلارنى ئوقۇمىغان دېگەن بانا بىلەن مۇسادىرە قىلىنىپ، كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە... ۋاقىتنى قەدىرلىمەسلىك ئۈمىدسىز، غايىسىز ئادەملەرنىڭلا ئىشى. سەن ئۆزۈڭنىڭ ھايات ئىنسان ئىكەنلىكىڭنى بىلمەك بولساڭ، ئىرادە ۋە روھىڭنىڭ نېمە كويدا ئىكەنلىكىنى تەكشۈر، يىل ۋە ۋاقىت قوغلاش. قۇددۇس بىلەن لى گاڭ مېنىڭ كىتابخانام بولدى، ئۇلار ھەر ئامال بىلەن ھازىرقى زامان نېفىت ئىلمىغا دائىر ئەڭ يېڭى كىتابلارنى تېپىپ بېرىپ تۇردى. مەن يەنە كىتابلارنىڭ قات - قېتىغا كىرىپ، تىنىماي خاتىرە يېزىشقا كىرىشىپ كەتتىم.

لى گاڭ بولسا، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەتكەچ، ئۆزىمۇ خېلى قىزغىنلىق بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

مۇشۇ يىللار ئىچىدە روزى ئاكام مېنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئىزدەپ تۇردى، يوقلاپمۇ كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭمۇ ماڭا «ئۈمىدۋار بول، سەۋر قىل، بىللە ئىشلەي-

ئىنژېنېر لى گاڭدىن ئېنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. گويا ئەتكى چوڭ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندەك. لى گاڭ بىلەن قۇددۇس تەسلىكتە تېپىپ بەرگەن نېفىت ئىلمىگە دائىر يېڭى كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئوھوي... قانداق ياخشى بولدى! كۈنلەر ۋە ئايلار مېنىڭ بىلىم تەشنالىقىم ئالدىدا يەنە يېتىشمەس نەرسە بولۇپ قالدى. ئۆزۈمنى بارغانچە ئۈمىدۋار، ئىشەنچلىك سېزىشكە باشلىدىم.

بىر كۈنى ئېتىزدىن قايتىۋېتىپ، لى گاڭ ماڭا مۇنداق دېدى:

— مەن نېفىتلىكتىكى مىللىي ئىشچىلارغا ھەيرانمەن. ئۇلار نېفىتكە شۇنچە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان، قانداق قىزغىن سۆيىدۇ بۇ كەسىپنى! جاپا - مۇشەققەت گويا ئۇلارغا ئويۇن - تاماشا. ئۇلارنىڭ ئاددىي - ساددا، ئاق كۆڭۈللۈكىچۇ؟ لېكىن، كۆپچىلىكى ئوقۇمىغان ياكى مەخسۇس تەلىم ئالمىغان، بىلىملىكلىرى تولىمۇ ئاز. ناۋادا ئۇلار نېفىتچىلىك ھەققىدە ئاز - تولا بىلىمگە ئىگە بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ كاراماتىنى شۇندا كۆرەتتىڭىز. مەن ئالدىنقى كۈنى يەنە ئىككى ئاممىباب كىتاب تاپتىم — «نېفىت چارلاش - بۇرغىلاش تېخنىكىسىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەر». قۇددۇسنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، سىز بۇ كىتابلارنى بىر ئىلاج قىلىپ تەرجىمە قىلسىڭىز- قانداق؟ كېيىن باستۇرۇپ، مىللىي ئىشچىلارغا تارقىتىپ بەرسە بولىدۇ.

خەنزۇ تىل - يېزىقنى پۇختا بىلگىنىم تازىمۇ ئە-

— ياپون تىلىنى بىلەمسەن؟ — سورىدى ئۇ.

— ئىنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدۇ، — لى گاڭ ماڭا ۋاكالىتەن جاۋاب بەردى.

مەن لى گاڭغا ئىنگلىز تىلىدا: «ئاشۇرۇۋەتتىڭىزغۇ دەيمەن» دېۋىدىم، ئۇ: «ئەندىشە قىلماڭ» دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچە ئېيتتى.

ھەربىي ۋەكىل بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— ساڭا بىر ۋەزىپە تاپشۇرماقچىمىز. بۇ، سەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق سىناق. ئىش مۇنداق، يېقىندا ياپونىيەدىن سېتىۋېلىنغان ھەر بىرى 300 مىڭ يۈەن قىممەتىدىكى بەش ئىندىكاتور تارىم قۇملۇقىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، نېمىشقىدۇر ئوت ئالماپتۇ. يەنە بىر ئىككى ئايغىچە ھەرىكەتكە كەلمىسە، قايتۇرۇۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، سېنى ...

روزى ئاكام مېنى بۇ ئىشتىن باش تارتىپ چاتاق چىقىرىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرىدى بولغاي، ھە دەپ بېرىشقا ساپى قىلغىلى تۇردى:

— بارغىن، بېرىۋەر. بۇ، سەن ئوقۇغان نەرسىغۇ، قۇملۇق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ نېفىت چارلاش ئۈچۈن، مۇنداق زامانىۋى ئاگرېگات بەكمۇ زۆرۈر. سەن تېخى قاقرام قۇملۇقتا نېفىت چارلاشنىڭ دەردىنى تارتىپ كۆرمىدىڭ. بۇ ماشىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىندىكاتورنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلار بۇ يەردە كۆپ ئەمەس.

مەن ئارىسالدى بولۇپ قالدىم. لېكىن مۇئاۋىن

دىغان ۋاقتلىرىمىز كېلىدۇ» دېيىشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە گۈرجەكلىرىمىزنى مۇرىمىزگە سېلىپ، ئىشقا ماڭىلى دەپ تۇرساق، تۇيۇقسىز بىر كى چىك ماشىنا ئالدىمىزغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن بى ئانچە - مۇنچە كۆرۈپ تۇرىدىغان ھەربىي ۋەكىل بىلەن روزى ئاكام چۈشۈپ كەلدى.

ھەربىي ۋەكىل روزى ئاكامغا قارىۋېلىپ، ماڭا سەپ سالدى ۋە روزى ئاكامغا نېمىنىدۇر دېدى. مەن روزى ئاكامنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى بورۇۋايدىكى خىزمىتىمنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم كۆڭلۈمدە «روزى ئاكام مېنى ئالغىلى كەلدىمىكىن، لى گاڭ، قۇددۇسلار بىلەن ئايرىلىپ كېتەرمىزمۇ...» دەپ ئويلىدىم.

روزى ئاكام مەن بىلەن ئادەتتىكىچە سالام- سا ئەت قىلىشقاندىن كېيىن:

— ئەلى، ئىنىم، سەن دەرھال تەييارلان، تارى نېفىتلىكىگە بىر قېتىم بېرىپ كېلىدىغان بولدۇڭ، — دېدى.

مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم.

— سەن ئىندىكاتورنى ئۆگەنگەنمىدىڭ، دەپ سوراپ قالدى ھەربىي ۋەكىل.

— مەن مەخسۇس نېفىت بۇرغىلاشنى ئوقۇغان چەت ئەل ئىندىكاتورلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن ...، — دېدى مەن.

ئۆزۈڭ بىلسەن، چۆچەك ئېيتىشنى ياخشى كۆر-مەيمەن، — دېدى ئۇ، نېمىشقىدۇر ئېغىر تىنىپ، — ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمە ئىكەن، سوراپ نېمە قىلسەن؟ ... ئالقىنىم قىچىشىپ بۇرۇلچىكلىكىمنى قىلاي دېۋېدىم، نېمە ئامال بار؟ بۇ يەرگە فۇ دادۇيجاڭ قىلىپ قويۇشتى، ھەر ھالدا قىلمەنلا دېسەڭ، بۇ يەردە ئىش ئاز ئەمەس.

مەن شۇ كۈنىلا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا مۈر-دىدەك جىمجىت ياتقان ئىندىكاتورلارنى كۆزدىن كەچۈردۈم. بۇ ئىندىكاتورنى ئىشلەپچىقارغان زاۋۇتنىڭ ياپونلۇق سېمىز ئالاقىچىسىمۇ شۇ يەردە ئىكەن. ئۇ مەن بىلەن بىر قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشتىلا، ئافرىقا قۇملۇقلىرىدا چوڭ بازار تاپقان بۇ قۇدرەتلىك ماشىنى-نىڭ تارىم قۇملۇقىدا كارغا كەلمىگەنلىكىگە ھەيران بول-غانلىقىنى ئازراقمۇ يوشۇرمىدى.

مەن ئىندىكاتورنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەپسىلىي تەك-شۈرۈپ چىقتىم. ماشىنىدا چاتاق يوق ئىدى. لېكىن ھەرىكەت-لەنمەيتتى. ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىندىكا-تورنىڭ ماتور قىسمىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈ-رۈپ چىقتىم، ماتور قىسمىدا خېلى چوڭ بىر باك بو-لۇپ، باكنىڭ ماتورغا ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوقتەك، ھەممە يېرى پۈتەي ئىدى. چوڭقايتىپ كۆرسە-تىش ئەينىكى بىلەن قارىغاندا، باكنىڭ ئۈستۈنكى تەرى-پىدە بىلىنەر - بىلىنمەس تۆت چاسا سىزىق ئالامىتى-نىڭ بارلىقىنى سەزدىم.

باش ئىنژېنېر قۇددۇس ئۇشتۇمتۇت:

— مېنىڭچە، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن بۇ يەردە
پەقەت ئىنژېنېر ئەلىلا چىقالايدۇ، — دېدى.

بۇ گەپ ماڭا ئىلھام بولدى. ئىككى كۈن ئىچىدە
تەييارلىقىمنى پۈتتۈرۈپ، تارىم نېفتلىكىگە قاراپ يول‑
غا چىقتىم.

قاتىمۇ قات قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاش‑
قان نېفتلىك كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى. ماشىنىدىن
چۈشۈشۈمگە، كۈتۈلمىگەندە ئالدىمدا ئەزىمەت پەيدا
بولدى.

ئەزىمەت ھەققىدە: پولات قالپاقنى كىيىپ، قولىغا
تاپانچا ئېلىپ، قايسىبىر ئەلەم كۈرىشىدە يارىدار بوپ‑
تۇ؛ ئەرز قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ بېيجىڭغا كېتىپتۇ؛ ئۆز
سىڭلىبۇسىدىكى يەنە بىر كاتتىباش بىلەن ھوقۇق تالى‑
شىپ، ياقا سىقىشىپ بوغۇشۇپ كېتىپتۇ؛ ھەممە ئەمەلدىن
ۋاز كېچىپ، يىراق بىر نېفتلىككە يۆتكىلىپ كېتىپتۇ ...
دېگەنگە ئوخشاش خەۋەرلەرنى ئانچە - مۇنچە ئاڭلاپ
قالغىنىم بولمىسا، ئۇنى خېلى يىللار كۆرمىگەن ئىدىم.

ئەزىمەت مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىمنى ئاڭلى‑
غان ئىكەن. ئۇ قىزغىن بىر كەيپىياتتا مېنىڭ قولۇمنى
چىڭ سىقىپ كۆرۈشۈپ كەتتى:

— ياخشى بولدى، ۋاقتىدا كەلدىڭ. مەن ئىككى
كۈندىن بېرى يولۇڭغا قاراپ تۇرۇۋاتىمەن.

— سەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قال‑
دىڭ؟ — دەپ سورىدىم مەن بىر ئاز ھەيران بولۇپ.

كىدە سۇ قاچىلاشقا بولمايتتى. مەن بىر كۈن ھەپىلىشىپ پاك ئىچىدىكى مۇزنى پاك - پاكىز قىرىپ چىقىرىۋەتتىم - دە، ئۇنىڭغا نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسلۇق سوغۇقتىمۇ مۇزلىمايدىغان 13 - نومۇرلۇق ئاپتول قاچىلاپ قويدۇم. قاپقىنى بېكىتىپ، ئۈستىدىن بىلىنمەيدىغان قىلىپ پاياتلىۋەتتىم.

ئەزىمەت تېخىچە دەرگۇماندا بولۇپ، مېنى ئىندىكاتورنى بۇزۇپ قويۇپ، ياپونلارنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ يۈردى.

مەن ئىندىكاتورنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، رولنى قولۇمغا ئېلىپ، ئېلېكتر كونۇپكىنى باستىم. ئىندىكاتور قۇملۇقنى ئىسترىتىپ گۈرۈلدەپ ئۇت ئالدى: ئەزىمەت «راستمۇ؟» دېگەندەك، ھەيرانلىق بىلەن ھېلىقى سېمىز خوجايىنغا قارىدى.

ياپونلۇق ئالاقىچى بولسا، ئىندىكاتورغا «جان» كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىق بىلەن ئالدىراپ قېشىمغا كەلدى - دە، نەچچە كۈندىن بۇيان مەن بىلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىپ يۈرگەنلىكىنى يادىدىن چىقىرىپ، ماڭا چۈشىنىكسىز ياپون تىلىدا ئاللىقانداق جىقلا بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى.

خوپ، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

مەن تارىمدىن قايتماقچى بولدۇم. لېكىن، ئەزىمەتنىڭ مېنى نېمىشقىدۇر زادىلا قويۇۋەتكۈسى يوق ئىدى، قېشىمدىن كەتمەيتتى، تۈرلۈك غىزا - تائاملار بىلەن مېھمان قىلاتتى، كەم تېپىلىدىغان ئېسىل ھاراقلارنى

مەن ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، دەل مۇ-
شۇ پاياتلاپ ئۈستىدىن سىرلىۋېتىلگەن كىچىك قاپقىنى ئاچ-
ماقچى بولدۇم.

بىراق بۇنىڭغا ئەزىمەت قارشى چىقتى:

— سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ، — ياپون-
ماشىنىلىرىغا قول تەگكۈزۈشكە بولمايدۇ، چېقىلما، ئۇ-
نىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى سەن بىلەن مېنىڭ تەسەۋ-
ۋۇر قىلغىنىمدىنمۇ ئۈستۈن.

— گەپ بوپتۇ - دە! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، —
نېمىشقا قول تەگكۈزۈشكە بولمايدىكەن؟ ئىشەنچلىك
بولسا، ياپونلارغا ئىشەنچلىك. ئۇ يەنە بىزنىڭ سىنىقىمىز-
دىن ئۆتۈشى كېرەك. ئىندىكاتورنى ئىشلىتىش ئۈچۈن،
ئۇنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىشىمىز، ئۇنى ئۆز ماشى-
نىمىزغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەكتە!

سېمىز خوجايىن ئىككىلىنىپ مېنىڭ قارىمىغا بىر نېمە
دەپ پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى.

مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، كىچىك قاپقىنىڭ پا-
ياتلىۋېتىلگەن يېرىدىكى ئۇششاق سىزىقچىلارنى قىرىپ
چىقىرىۋېتىپ، تۆت دانە بۇرما مىخىنىڭ ئىزىنى تېپىۋال-
دىم. نازۇك ئەتۈۋركە بىلەن بۇراپ، مىخنى سۇغۇرۇ-
ۋېلىپ قاپقىنى ئاچتىم.

باكىنىڭ ئىچىدە كۆپكۆك مۇز ئۇيۇپ قاپتۇ! ئەسلى-
دە بۇ خىل ئىندىكاتور ئافرىقا قۇملۇقلىرىدا نېفىت
چارلاشقا لايىھەلەنگەن بولۇپ، بۇ باكقا ئادەتتە سـ-
قۇيۇپ قويۇلسىمۇ بولۇۋېرەتتى. ئەمما، پامىر ئېگىزلى-

ياتىقىمغا تىزىپمۇ قويدى. ئۇ كۆپرەك دەم ئېلىشنى ھار-
دۇق چىقىرىشنى ئۈمىد قىلاتتى، بىر ئامال قىلىپ مې-
نىڭ كۆڭلۈمنى ئېلىش، ياخشىلىق قىلىش، ئۆزىنىڭ ياخ-
شى نىيىتىنى ئىپادىلەشكە ئالدىراش گويا ئۇنىڭ جىددىي
ۋەزىپىسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك ئىدى. بىراق ئۆتكەن-
كەچكەنلەر توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشنى خالىمايتتى، ئېغىز
ئاچسىلا، بىئارام بولۇپ، ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، بۇ گەپلەر-
نىڭ ئايىغىنى يىغىشتۇرۇشقا ئالدىرايتتى.

مەن يولغا چىقىدىغان كۈنى ئۇ يەنە ياتىقىمغا
كىرىپ كەلدى:

— ئەلى، — دېدى ئۇ، گويا ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈ-
زۈپ قويغان ئادەمدەك بېشىنى ئېگىپ، — سەن مۇشۇ تا-
رىم نېفتلىكىدە قالساڭ قانداق؟

— بۇ، مۇمكىنمۇ؟ — دېدىم مەن قىزىقىپ.


— مۇمكىن، مۇمكىن، — دېدى ئۇ، ئىتتىك بېشى-
نى كۆتۈرۈپ، — مەن ئىدارىغا بارىمەن، سۆزلىشىمەن،
سېنىڭ بىز بىلەن بىللە ئىشلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن.

— بىراق، مېنىڭ تېخى مەسىلەم ھەل بولمىغان
تۇرسا ...

— مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم شۇ، — دېدى ئۇ، ئېغىر تى-
نىپ، — سېنىڭ مەسىلەڭ ئۇ يەردە ئاسانلىقچە ھەل بول-
مايدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

ئەزىمەت كالپۇكىنى چىشلەپ خېلىغىچە جىم
تۇردى:



رۇپ، ئالدىن مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر قۇددۇسنىڭ قېشىغا كەتمەكچى بولدۇم.

بىراق، بورىۋاي نېمىشقىدۇر ئىشتىن توختاپ قاپتۇ، ئەتىراپتا بىرمۇ ئادەم يوق. پەقەت مەجلىسخانىدىنلا كىمنىڭدۇر قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئىشچىلار ياتىدىغان چېدىر ئۆيىدىن بىرىگە كىرىپ، شىڭىللىرىمنى بوش كارىۋات ئۈستىگە تاشلىدىم ۋە مەجلىسنىڭ ئاياغلىشىشىنى كۈتمەكچى بولدۇم. شىڭىلىمغا يۆلىنىپ خىيالغا كېتىپتىمەن: «مەن ئەمدى نېمە ئىش قىلىمەن؟ ئەزىمەتنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، مېنىڭ ئىشىم يەنە چاتاق ئوخشايدۇ، ناۋادا لى گاڭ بىلەن قۇددۇس ئۇ يەردىن كېتىپ قالسا، بىلمىگەنلىرىمنى سورايدىغان، كىتاب تېپىپ بېرىدىغان، كۆڭۈل سىرلىرىمنى ئېيتىدىغان ئادەممۇ تۈگەيدۇ دېگەن سۆز ... روزى ئاكام مەجلىسخانىدا بارمىكىن، ئۇ ئىنىدىگاتورنىڭ ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىكىن، تازىمۇ خۇش بولغاندۇ ....».

شۇ ئەسنادا مىلەگزىنى قايرىپ چېدىر ئىچىگە ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى.

ساقچىلار چېدىر ئىچىگە، ئاندىن ماڭا كۆز يۈگۈرتتى:

— سىز ئىنژېنېر ئەلى بولامسىز؟ — سورىدى ساقچىلاردىن بىرى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن.

— سېنىڭ مەسىلەڭ يالغۇز سىنىپىي تەركىب م
سىلىسىلا ئەمەس، سەن توغرىلىق يېزىلغان «پاش ق
لىش ماتېرىياللىرى» راستىلا بىر توتام، ئۇنىڭ ئىچ
ئادەم چۆچۈگۈدەك گەپلەرمۇ ئاز ئەمەس. چەتئەلگە چ
قونۇشتىن تارتىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش، سىنىپىي ئ
ئېلىش دېگەنلەرگىچە ھەممىسى بار. بۇ نەرسىلەر
بىر - بىرلەپ ئېنىقلاش ئۈچۈن، ھەي ... مەن ئىشە
مەيمەن، سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئازلىق قىلارمىكىن ...

— ھەممىسى ئوخشاش تەشكىل ئەمەسمۇ، سەن قا
داق ھەل قىلماقچى؟

— مەنمۇ؟

ئەزمەت باشقا ھېچنېمە دېمىدى. مەن ئۇنى
ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتتىم، ئۇ، خەت يېزىپ تو
رۇشۇمنى، كىتاب ئەۋەتىپ بېرىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانل
قىنى بىلدۈردى.

مەن ۋەدە بەردىم.

## 11. «ئالۋاستى ئويۇنى» ھەققىدە بايان

«سۈت بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىقىدۇ» دې
گەن راست ئىكەن، كېيىم شاخلاپ، ئۇنىڭ ئۈچ تالالىرىنىڭ
نە - نەلەرگە كەتكىنىنى قارىمامدىغان! ئەمدى «ئالۋاس-
تى ئويۇنى» نىڭ نەق ئۆزىگە كېلىمىز:

شۇنداق قىلىپ، تارىم نېفىتلىكىدىن ئۆز ئورنۇم
غا قايتىپ كەلدىم. بورىۋايدا بىر - ئىككى كۈن تۇ-

قاچقاندەك ماڭا قاراپ بېشىنى چايقىدى، — بۇ يەردە نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى تېخى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ...

مەن يەلكەمنى قىسىپ، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ۋەقە مۇنداق ئىكەن:

تۈنۈگۈن كېچە كارتاژ ماشىنىسىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقان تېخنىك تۆگۈبىسۇ ئارقىلىق 3600 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى نېفىت قۇدۇقىنىڭ ماي قاتلاملىرىنى سىناپ تەكشۈرۈشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياقلاشتۇرۇپ، تۆگۈبىسۇنى بەلگىلىمە بويىچە مىنۇتىغا 200 مېتىرلىق سۈرئەت بىلەن قۇدۇق ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىۋاتقاندا، كابۇل ئۈشتۇمتۇت ئۈزۈلۈپ كېتىپ، تۆگۈبىسۇ قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن.

تۆگۈبىسۇ - ئۇزۇنلۇقى يەتتە سانتىمېتىر، دىئامېتىرى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان، يىگىرمە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات قاپچۇق ئىچىگە ئېلىنغان، قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىر مېتىر قېلىنلىقتىكى قوغۇشۇن ساندۇقتا ساقلىنىپ كەلگەن رادىئاكتىپ ئىزوتوپلۇق سايمان بولۇپ، ئۇ، بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى چەتئەلدىن 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋېلىنغان ۋە تۇنجى قېتىم جۇڭغار نېفىتلىكىدە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ئىكەن.

روزى ئاكام ئىشلارنى دەپ، يەنە جىمىپ كەتتى.

تۆگۈبىسۇنىڭ كارامىتى ھەققىدە مەن ئۇققان: ئۇ، ھازىرقى زامان نېفىتچىلىك ئىلمىدە يەر ئاستى

— تۇنۇگۈن كېچە نەدە بولدىڭىز؟

— يولدا.

— يولدا؟!

— شۇنداق، يولدا ...

ئۇلار مېنىڭ تارىم نېفىتلىكىدىن كېلىپ بۇ يەرگە شۇغۇللىنىدىغانلىقىمنى تاشلىغىچە جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى زىر - زەۋىرىگىچە سۈرۈشتە قىلدى - دە، «سورايدىغان يەنە نېمە بار؟» دېگەندەك، بىر - بىرىگە قاراشتى:

— بوپتۇ، دەم ئېلىڭ، — دەپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ مەندىن نېمىنىدۇر گۇمان قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق. مەن ھەيران بولدۇم. كۆڭلۈم غەش بولدى، بۇ يەرگە كېلە - كەلمەي ئۇلار گۇمان قىلغۇدەك نېمە ئىش قىلغاندىمەن، تۈنۈگۈن كېچە بۇ يەردە نېمە ئىش بولغانىيدى؟

بۇ سىر كەچقۇرۇن يېشىلدى.

روزى ئاكام ياتىقىمغا كىرىپ، قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا، ماڭا نېرى - بېرى قاراپ قويدى - دە، ئۇزۇن بەندىگە ئېغىر پۇشۇلداپ ئولتۇردى، سولداتچە ئورالغان ئاچچىق تاماكىسىنىڭ قويۇق ئىسىنى پۈۋلىدى.

مەن تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم:

— روزى ئاكا، ئىندىڭىز تۇرۇپ توغرىلىق سوراپمۇ قويمايسىنا؟

— قوي، ئۇ بىر نېمىنى! — روزى ئاكام ھەپىلىسى

قۇدۇق ئاستىدا ئۈزۈلۈپ قالغان كىرىن تۇرۇبىسىنى تار-تىۋېلىشتا قىممەتلىك تەجرىبە ياراتقان، لېكىن، بۇ ئىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قالايمىقانچىلىقىدا تېگىشلىك ئېتى-بارغا ئېگە بولالمىدى. ئەكسىچە جىنايەت بولدى. بۇ-تەجرىبىنىڭ ھازىر ناھايىتى زور پايدىلىنىش قىممىتى باردەك قىلىدۇ. بۈگۈنكى مۇنازىرىدە ھەر قايسى ئىنژېنېر-لارغا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكىر - لايىھىسىنى قويۇپ باقسۇن دېيەلمىدى. سەنمۇ ئۆز ئالدىڭغا لايىھە تەييارلاپ باقامسەن؟

مەن بۇ ھەقتە ئويلىغان، قۇدۇق ئاستىدا ئۈزۈلۈپ قالغان كىرىن تۇرۇبىسى بىلەن قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن تۇتقۇچنىڭ تەقدىرىدىكى ئوخشاشلىقنى سەز-گەن. شۇ سەۋەبتىن، ئاتوم ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئېلېمېنت-لار، رادىئاكتىپ نۇر ئىلمى ۋە چوڭقۇر قۇدۇق ئاستىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش چارىلىرى توغرىسىدىكى كىتاب، ژورنال، ھۆججەتلەرنى يېڭىباشتىن كۆرۈۋاتاتتىم. لېكىن ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ 3000 مې-تىر چوڭقۇرلۇقتىكى كىرىن تۇرۇبىسىنى قىسىپ ئارتىۋې-تىلىشتەك ئاددىي ئىش ئەمەس. كىرىن تۇرۇبا — زەرەر-سىز پولات ماتېرىيال، تۇتقۇچمۇ بولسا، ھەر سېكۇنتتا بالا - قازا تېرىشقا تەييار تۇرغان «ئالۋاستى».

مەن ماقۇل بولدۇم.

لى گاڭ مۇلاھىزە قىلىپ مۇنداق دېدى:

— تۇتقۇچنى قانداقلا بولمىسۇن، قۇدۇق ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىش شەرت. چىقىرىۋېلىنمىسا، قۇدۇق-

نېفەت قاتلاملىرىنىڭ ئېنىقلىقىنى ئاساسلاش، يەر ئاستى قاتلاملىرىدىكى رادىئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى بېكىتىشتە كەم بولسا بولمايدىغان نازۇك، شۇنداقلا ئىشەنچلىك قورال ئىدى.

— سەن ئەمدى كەتمە، — دېدى روزى ئاكام ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — باش ئىنژېنېر لى گاڭمۇ، مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر قۇددۇسمۇ بۇ يەرگە كېلىدۇ ... «ئال ۋاستى» بەنت قىلىنغان پولات قاپچۇقتىن قېچىپ چىققىچە ئۇنى قوغۇشۇن ساندۇققا سولىۋېتىشىمىز كېرەك ...

دەرۋەقە، تۇتۇۋېسۇ ئاتوم ئائىلىسىگە تەۋە ئالاھىدە سايمان بولغانلىقتىن، بۇ ۋەقە، تۇزۇم بويىچە، دەرھال ئۇرۇمچىگە، بېيجىڭگە مەلۇم قىلىندى. يۇقىرىدىن بۇ سايماننىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قەررەرلىق دوكلات قىلىپ تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشتى. ھەربىي- ساقچىلار قۇدۇق ئەتراپىنى قامال قىلدى.

لى گاڭ بىلەن قۇددۇس يېتىپ كەلدى. ئىدارە، بورلۇۋاي باشقارمىسى ۋە ھەرقايسى تېخنىكا تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن ئىنژېنېرلار، مۇتەخەسسىسلەر يېتىپ كېلىشتى، چوڭ بەس- مۇنازىرە كۆتۈرۈلدى.

مۇنازىرىنىڭ تۇگۇنى تۇتۇۋېسۇنى 3600 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن بىخەتەر تارتىپ چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ- يوق؟ بولسا، قانداق قىلىپ؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت ئىدى.

بىر كۈنى قۇددۇس ماڭا دېدى:

— مېنىڭ يادىمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، سەن

لىشىغۇ قورقۇنچلۇق ئىدى.

مەن مۇشۇ ئېھتىماللارنىڭ ھەممىسىنى ھېسابقا ئې-
لىپ ئۆز لايىھەمنى تەييارلاشقا كىرىشتىم. روزى ئاكام
ھەمىشە دېگۈدەك، مېنىڭ لايىھەمنىڭ پۈتكەن - پۈتمى-
گەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇردى.

بىر كۈنى ئۇ چېدىرىمغا كىرىپ:

خوپ، لايىھەڭ نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ قۇدۇقنى سېمونت
قويۇپ كۆمۈۋېتىش ئاسانغۇ، بىراق، ئاپەتنى كەلگۈ-
سىگە مىراس قالدۇرۇپ، شۇنچە مول نېفىتلىكتىن ۋاز
كېچىش قانداق مۇمكىن؟ — دېدى.

مەن «نېمە ئىش بولدى» دېگەندەك قىلىپ روزى
ئاكىغا قارىدىم.

روزى ئاكام ھازىر ئوتتۇرىغا چۈشۈۋاتقان لايىھىلەر-
نىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. «قۇدۇقنى كۆمۈۋې-
تىش» تەشەببۇسى كۆپرەك ئىكەن. روزى ئاكام شۇنىڭغا
خاپا ئىدى.

مېنىڭ لايىھەم پۈتتى. بۇنى قۇددۇس بىلەن لى گاڭ
ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى. تۇنجى قېتىم ئىنژېنېر كېڭە-
شىگە قاتنىشىپ، ئۆز لايىھەمنى خېلى ئىشەنچ بىلەن
تەپسىلىي شەرھىلىدىم. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھە
دېگەندىلا بۇ لايىھە بەزىلەرنىڭ كۆلكىسىگە سەۋەب بول-
دى، ماڭا تونۇش بولمىغان بىر ئىنژېنېر:

— نېمە بۇ. لايىھەمىش! ئاددىي كىرىن تۇرۇبىسى
بىلەن رادىئاكتىپ ئىزوتوپنى قالايمىقان ئارىلاشتۇرۇ-
ۋەتكەنلىكقۇ بۇ؟ — دەپ، بۇ لايىھىگە ھېچقانچە قىزىق-

نى سېمونت قۇيۇپ كۆمۈۋېتىشكە. شۇنىڭ بىلەن يەنە قۇدۇق ئەتراپىدىكى تەخمىنەن 15 — 20 كۋادرات كىلومېتر يەردىكى چارلىنىپ بولغان مول نېفىتنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، قۇدۇق كۆمۈۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ تۇگۇۋىسۇنىڭ قۇدۇق ئاستىدا كۈچىدىن قالىدىغان ۋاقتى، كەم ھېسابلىغاندىمۇ، 200 يىل بولىدۇ. 200 يىلغىچە، داۋاملىق رادىئاكتىپ نۇر تارقىتىپ، ئەتراپنى زەھەرلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بۇ ئەتراپقا كېلىپ زەھەرلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ دائىرىنى قاشلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا قانچىلىك ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىش تەس. مەسىلە بىزنىڭ ئالدىمىزغا مۇشۇنداق قويۇلدى، شۇڭا «ئالۋاستى»نى تارتىپ چىقىرىپ، ئۆز ماكانىغا بەنت قىلىش كېرەك. مەن ئويلايمەن، سېنىڭ 3000 مېتر چوڭقۇرلۇقتىن كىرىن تۇرۇبىسىنى تارتىپ چىقىرىش تەجرىبەڭ مۇشۇ ئىشتا غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ بىردىنبىر يولى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

باش ئىنژېنېر ئىككى ئېغىر ئاقىۋەتنى دېگەن بولسىمۇ، ئۈچىنچى بىر ئېھتىمالنى تىلغا ئالمىدى، بۇ، كېيىنكى ئىش دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بىز بىر ئامال بىلەن تۇگۇۋىسۇنى قۇدۇق ئاستىدىن تارتىۋېلىش جەريانىدا، ئۇ، قۇدۇق ئاغزىغا يېقىن يەردە كاشىلىغا ئۇچراپ تۇرۇپ قالىدىغان ياكى پولات قاپچۇقتىن ئاجراپ كېتىدىغان بولسا، بۇ پاجىئەنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قى-

بىسىگە ئاساسەن، بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلى-
قىغا ئىشىنىمەن.

كېڭەشتىكىلەرلى گاڭغا قاراشتى. لى گاڭ بۇ يەر-
دىكىلەرنىڭ ئىچىدە بىردىنبىر ئىلىم نوپۇزلۇقى بو-
لۇپ، ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭ ئىلمىي ئاساسىغا ئۇنىڭ ھەسەت-
خورلىرىمۇ قايىل ئىدى.

مەن باش ئىنژېنېر نېمە دەركىن، دەپ ئۇنىڭغا
قارىدىم.

— ئەلىنىڭ لايىھەسى پۇختا، — دېدى ئۇ، بەزى-
لەرنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىقىپ، — بۇ لايىھە ئەڭ
يېڭى تېخنىكا ھەم قىممەتلىك تەجرىبە بىلەن بىرلەش-
تۈرۈلگەن. مەن بۇ لايىھەنىڭ ئىلمىي تېخنىكىلىق ئاساس-
ىغا، ئىشەنچلىكلىكىگە قايىل، مەسىلە چىقمايدۇ.

مەسىلە چىقىپ قالسىچۇ؟ — كىمدۇ بىرەيلەن خىرق-
راپ سورىدى.

— مەسىلە چىقمايدۇ، چىقىپ قالسا، بۇ مەسئۇلى-
يەت ماڭىمۇ تېگىشلىك، — دېدى لى گاڭ بېشىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ.

باش ئىنژېنېرنىڭ جاۋابى ماڭا قالتىس مەدەت
بولدى. بىراق، يىغىن خېلىغىچە تىمتاس بولۇپ كەت-
تى، ھېچكىم يا «ئاق»، يا «كۆك» دەپ زۇۋان سۈرمى-
دى. ئاخىر «ئىنقىلابىي كومىتېت»نىڭ ئەزاسى:

— بولدى، بۇ لايىھەنى ئىدارىنىڭ قاراپ چىقىپ
بېكىتىشىگە سۇنىمىز، — دەپ كېڭەشنى تۈگەتتى.

مايدىغانلىقىنى ئېيتادىلىدى.

يەنە بىر ئىنژېنېر:

— بۇ لايىھىدە روشەن يېڭىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلمىي تېخنىكىلىق ئاساسى كەم، — دەپ بېشىنى چايقىدى.

ئىنژېنېرلار كېڭەشكە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان «ئىنقىلابىي كومىتېت» نىڭ ئەزاسى توغرىدىن - توغرىلا:

— خوپ، سەن رادىئاكتىپ ئىزوتوپلۇق سايىماننى تارتىۋېلىشقا بولىدۇ، دەيدىكەنسەن، بۇ مۇمكىن. لېكىن سەن، توخۇپىسۇدا بىرەر چاتاق چىقىرىپ، زەھەرلىك نۇر ئاپەتى تېرىلىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېلىدىغان جاۋابكارلىقنى ئۈستىلىدىسىگمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن جاۋاب بەرمىدىم، ئۇ يەنە سورىدى.

— ناۋادا توخۇپىسۇ قۇدۇق ئاغزىدا كاشىلىغا ئۇچراپ، ھادىسە چىقسىچۇ؟

— ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئىشەنچ قىلىمىغىچە، قۇدۇق ئاستىغا قىسقۇچ سايىماننى چۈشۈرمەيمەن .... —

دېدىم مەن.

ئۇ، يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئىنژېنېرلارغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى. قۇددۇس سۆز ئالدى. ئۇ، كىرىن تۇرۇ-بىسى تارتىۋېلىش تەجرىبىسىنىڭ ئىلمىي تېخنىكىلىق قىممىتىنى يۇقىرى باھالاپ، بۇ تەجرىبىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىن دېدى:

— توخۇپىسۇنى بىخەتەر تارتىۋېلىشتا ھازىرچە، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، مەن ئەلىنىڭ ئاشۇ تەجرى-

9 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، تۈگۈشۈشۈنى تار-تىۋىلىش كۈنى قىلىپ بەلگىلەندى. ئېچكى جۇڭغاردىكى بۇ ئالاھىدە رايون سۈرلۈك تۈسكە كىردى. ھەرقايسى ئورۇنلاردىن كەلگەن نەچچە يۈز كۆزەتكۈچى بورىۋاي ئەتراپىغا توپلاندى. رادىئاكتىپ نۇردىن مۇداپىئەلىنىش كىيىملىرىنى كىيگەن، قارا كۆزەينەكلەرنى تاقىغان مۇتەخەسسىسلەر، ئىنژېنېرلار. توكلۇق كالتەكلەرنى ئاسقان ساقچىلار ۋە قوراللىق ھەربىيلەر قۇدۇق ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ كۆزى مەندە.

«ئالۋاستى» غا ھۇجۇم باشلىنىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.

لى گاڭ قۇددۇس بىلەن كۆزنۈچراشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ:

— باشلىساق بولارمىكىن، — دېدى.

— ۋاقىت يەتتى، — دېدى قۇددۇس.

ئەتراپقا قارىسام، پۈتكۈل مەيدان شۈنچىلىك جىمجىتلىق ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپتۇكى، مېنى تۇيۇقسىز سۈر باستى، يۈرىكىم تىترەپ، چېكەمدىن چىپىلداپ تەر چىقىپ كەتتى. بىردىن يېنىمدا روزى ئاكام پەيدا بولۇپ قالدى.

— باشلا، ئۇكا، — دېدى ئۇ بىر خىل قەتئىينىيەت بىلەن، — يەنە ئېيتىمەن، دىققەت قىل، ھودۇقما، ھېچنېمىنى ئويلىما...

روزى ئاكامنىڭ كېيىنكى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. قىسقۇچ سايمانىنى تۇرۇبىغا ئۇلاپ، قۇدۇق ئاستىغا

## 12. ئاقارغان چاچنىڭ سىرى

ھاشىم كىرانىڭ مەست بولۇپ قالغىنى قىزىق. ئۇنى ھېزىم تراكتور يۆلەپ ياتىقىمغا ئېلىپ كىردى:

— سەن ئەلى، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ ئاغزىدىن كۆپۈك چاچقان ھالدا، — ئۇكام، سەن ئالىم نېمە جۇمۇ، سېنىڭ لايىھەڭنى ئىدارە تەستىقلاپتىغۇ، ئەمما ... مەن شۇڭا ... ... ھاراق ئىچتىم، جىقراق ئىچىۋەتتىم، كېيىن تۇرۇبىسىنى قانداق تارتىۋالغانلىقىمىز ئېسىڭدە باردۇ؟... ھە، بۇ «ئالۋاستى» نىمۇ يەرنىڭ قەيرىدىن شۇنداق تارتىۋالىمىز ...

بىز كۈلۈشتۇق.

ئاخىر، ئىدارىنىڭ تۇڭۇيسۇنى قۇدۇق ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىش قارارى ئېلان قىلىندى. مەخسۇس كەسپىي گۇرۇپپا قۇرۇلدى. گۇرۇپپا تەركىبىدىكى ھەر بىر كىشى ئېنىق ۋەزىپە، قەتئىي نىيەت بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق.

قوغۇشۇن ساندۇقىدىكى تۇڭۇيسۇنىڭ قېلىپى بىزگە ئۇنى قىسىپ تارتىۋالىدىغان خەنجەر شەكىللىك سايماننى ئوڭۇشلۇق ياساپ چىقىشىمىزغا ئىمكان بەردى. قىسقۇچ پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئوچۇق مەيداندا سېمونت قۇيۇلىدىغان ئاگرېگاتنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپ سىنىدۇق: كابىلغا ئۇلانغان قىسقۇچ «تۇڭۇيسۇ» غا تەگكەندىن كېيىن «شاپپىدە» تۇتۇۋالدى. سىناق غەلىبىلىك بولدى.

— قېنى، ھاشىم ئاكا، تورمۇزنى تارت، سىلكىنىشكە يول قويما!

پولات تۇرۇبا يەر ئاستىدىن ئاستا — ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقماقتا. پولات سىمىنىڭ ئۈيۈم — يۈگىلىپ تارتىلىشىدىن «ئالۋاستى» نىڭ قارماققا ئىلىنغانلىقىنى ھەممە كىشى ئېنىق كۆردى.

شۇڭا پۈتۈن مەيداننى ھەم خۇشاللىق، ھەم ۋەھىمىلىك بىر كەيپىيات قاپلىۋالدى. قۇدۇق ئاستىدىن يېنىك تىترەپ چىقىۋاتقان تۇرۇبىدىن ھېچكىم كۆزىنى ئۈزمەيتتى. گويا چوڭقۇر قۇدۇق ئىچىدىن مىسلىسىز بەخت ئىلاھى بىلەن قورقۇنچلۇق ئاپەت ئىلاھى بىر-بىرىنى قوغلاپ سۈرۈپ، شىددەتلىك جەڭ قىلىشىپ، يۇقىرىغا چىرمىشىپ چىقىۋاتقاندەك، بىزگە قاراپ تۇرغان يۈزلىگەن ئۈمىدلىك، ئۈمىدسىز كۆزلەر ھاياجان ئىلكىدە قېتىپ قالغان ئىدى.

«ئالۋاستى» قۇدۇق ئاغزىغا يېقىنلاشتى.

«ئالۋاستى» نى چىرماپ تۇتۇۋېلىپ، گەجگىسىدىن تارتىپ چىقىۋاتقان قىسقۇچنىڭ قۇدۇق ئاغزىغا يېتىپ چىقىشىغا پەقەت 25 مېترلا ئارىلىق قالدى. مەن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۇرۇبىدىن كۆزۈمنى ئېلىپ، ئەتراپقا قاراپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم، بورىۋاي ئەتراپىدا قاراپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بىر مۇنچىسى غايىپ بولغان ئىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى قۇدۇق ئاغزىغا يېقىنلىشىپ قالغان «ئالۋاستى» نىڭ بالا تېرىپ، زەھەرلىك نۇر چېچىپ، ئۆزلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن

ماڭغۇزدۇم. 1000 مېتر، 1500 مېتر، 3000 مېتر...
3600 مېتر...

مەن دەرھال قىسقۇچ سايمان بىلەن قۇدۇق ئاستىنىڭ پەقەت ئون سانتىمېترلا قالغانلىقىنى ئېنىقلىدىم.

بۇ، كۆڭۈلدىكىدەك پەرق ئىدى. ناۋادا بۇ پەرق ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولسا، «ئالۋاستى» بىلەن قىسقۇچ سايمانىنىڭ ئارىلىقى يىراقلاپ كېتىپ، «ئالۋاستى» نى تۇتۇۋېلىش مۇمكىن بولمايتتى.

مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قۇدۇق ئاستىغا سىغىمزلىق ئېرىتمە بىلەن ئاتموسفېرا بېسىمى قويۇپ بەردىم. ئادەتتە، بورىۋاي نورمال ئىشلەۋاتقاندا، 60 — 70 ئاتموسفېرا بېسىمى بېرىلسە كۇپايە قىلاتتى ۋە بۇ، يەر ئاستى بوشلۇقىنىڭ نورمال ئالامىتىگە ئاساس ئىدى. لېكىن بايا مەن قويۇپ بەرگەن بېسىم تەدرىجىي ئۆرلەپ، بېسىم كۆرسەتكۈچى بىراقلا «260» سىفىر ئۈستىدە تىترەپ توختىدى.

ئايھاي!... بۇ، قىسقۇچ سايمانىنىڭ «ئالۋاستى» نى تۇتۇۋالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟

كۆزلىرىمدە خۇشاللىق، ئۈمىد، غەلىبە يېشى پارقىراپ كەتكەن چېغى، روزى ئاكام يەنە مەدەت بەرگىلى تۇردى:

— ئىنجىقلىق قىلما، بەردەم بول، «ئالۋاستى» نى قارماقتا ئىلىندۇرۇۋېلىش ئۇنى قوغۇشۇن ساندۇققا بەنت قىلىۋېتىشكە تەڭ ئەمەس.

مەن تورمۇز باشقۇرۇپ تۇرغان ھاشىم كرانىغا قاراپ بۇيرۇق بەردىم:

بىلەن باستى. قىسقۇچىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئىلىنغان «ئال-
ۋاستى» نۇر چېچىپ تۇرغان پىلانېتادەك پارقىراپ، ئال-
دىمدا تىترەپ تۇختىدى.

ئادەمنىڭ خىيالى نېمە دېگەن قىزىق – ھە؟ مەن
شۇ دەقىقىدە روزى ئاكامنىڭ ئۇنى نېمىشقا «ئالۋاستى»
دەپ ئاتىغانلىقىنىڭ سەۋەبىگە قىزىقىپ قالدىم.
بىراق، شۇ تاپتا بۇ ھەقتە ئويلاشقا نەدە پۇرسەت بول-
سۇن؟ ئايھاي!... نېمە دېسىمۇ مەيلى، ئاخىر بۇ
«ئالۋاستى»نى تۇتۇۋالدۇق! نېفىتلىكنى پاجىئەلىك
ئاپەتتىن قۇتۇلدۇردۇق، نەچچە يۈزلىگەن نېفىت قۇدۇقلى-
رىنىڭ پىلان بويىچە نورمال بۇرغىلىنىشىغا كاپالەتلىك
قىلالايدىغان بولدۇق ئەمدى!...

خەنجەر شەكىللىك قىسقۇچىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئىلىن-
غان «ئالۋاستى» غا بىر قاراپلا يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ
كەتكەندەك بولدى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىۋات-
قاندەك خۇشاللىق ھاياجىنى كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقىچە ئا-
رىلىقتا قورقۇنچلۇق ۋەھىمىگە ئايلىنىپ كەتتى! بار –
يوقى يەتتە سانتىمېترلا ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ «ئوت چاچار
ئەجدىھا» ئۆزىنى مەھكەم ئوراپ تۇرغان پولات قاپ-
چۇقتىن چىقىپ كەتكەن ئىدى، ناھايەت، ئۇنىڭ كىچىككىنە
بىر يېرىلا قاپچۇقتا ئاران – ئاران ئىلىنىشىپ
تۇراتتى.

ئۇنى پولات قاپچۇقسىز، ئاددىي مۇداپىئە پەلىيى
كىيگەن قول بىلەن تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس. تەۋەككۇل
قىلىپ تۇتۇش — ئوت چېچىپ تۇرغان «ئالۋاستى»نىڭ

قورقۇپ «غېپپىدە» تىكتۇەتكەن بولسا، بەزىلىرى بورىتۋاي قېچىشىدىن بەش- ئالتە يۈز مېتر يىراقلىقتا بېرىتۋېلىپ، قوللىرىغا دۇربۇن ئېلىپ «ئالۋاستى» نىڭ ئاخىرقى «ئويۇنى» نى تاماشا قىلماقچى بولۇپ، ئېغىر سېكۇنلاتتا بىزگە قارىشىپ تۇراتتى.

«بىز» دېگىنىم — ئۈچ كىشى، مەن، ھاشىم كىران ۋە روزى ئاكام.

بۇ ئۈچ كىشى شۇ مىنۇتتا قۇدۇق بېشىدا ۋەزىپە ئۆتىمىسە بولمايتتى، قالغانلار ھەر ئېھتىمالغا قارشى بورىتۋاي سەھنىسىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان. 50 مېترچە يىراقلىقتا پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىزگە قاراپ تۇرغان باش ئىنژېنېر لى گاڭ بىلەن مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر قۇددۇسنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ قېشىدا ئەزىمەتمۇ تۇراتتى. كۆڭلۈمدە: «قىزىق، بۇ «يۇقىرى سۈرئەتچى» يىراق تەكلىماكان قىرغىقىدىن بۇ يەرگە قاندلق بولۇپ كېلىپ قالدىكىنا» دېگەن خىيال كەچتى. ئەزىمەت بولسا، ماڭا قاراپ، ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆلۈمسىرىگەن ھالدا، دوستلۇق، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، بىزگە غەلىبە تىلەۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدى...

ئىسقۇچ سايمان ئاخىر «ئالۋاستى» نى قۇدۇق ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى!

— ھاشىم ئاكا، تورمۇزنى تارت، سىلكىتمە!

ھاشىم كىران «ماڭا ئۆگەتمە» دېگەندەك قىلىپ شاپ بۇرۇتلىرىنى تىلى بىلەن يالماپ قويىدى - دە، تورمۇزنى دەل تۇتقىسىغا يېتىپ كەلگەندە ماھارەت

ەرگە كېلىپ تۇرمۇشتىن نېمە لەززەت كۆرگىنىم يادىمدا
وق. لېكىن، مېنىڭ قانداق كۆپ ئارزۇ - ئارمانلىرىم،
انداق كۆپ پىلانلىرىم بار ئىدى - ھە! مەن بۇ
پىلانلىرىمنىڭ تېخى بىرىنىمۇ ئورۇنلىغىنىم يوققۇ؟...

بۇ چاغدا، بۇرۇلچىلىك بوتكىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان
روزى ئاكام بىلەن ھاشىم كىران پولات قاپچۇقتىن ئاج-
رىلىپ چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالغان «ئالۋاستى»غا قاراپ،
ئاپئاق تاتىرىپ قېتىپلا قاپتۇ. لى گاڭ بىلەن قۇددۇس
ئېغىر پالاكەت يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىپ مەن تەرەپكە
يۈگۈرۈپ كەلمەكتە، ئەزىمەت بولسا، قولىنى كۆتۈرۈپ،
ئېمىندۇر دەپ ۋارقىراپ ماڭا قاراپ يۈگۈرمەكتە. لېكىن،
ئۇلار يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، شۇ تاپتا ماڭا نېمە
قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن؟

شۇ چاغدا، «ئىنقىلابىي كومىتېت» ئەزاسىنىڭ:
«تۈگۈنىنى قۇدۇق ئاغزىدا ھادىسە چىقارسىچۇ؟» دەپ
زەردە بىلەن سورىغان سوئالىغا: «مەن تۈگۈنىنىڭ بىخە-
تەرلىكىگە ئىشەنچ قىلمىغىچە قۇدۇق ئاستىغا قىسقۇچ
سايمان چۈشۈرمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىمنى
ئەسلىدىم - دە، ۋۇجۇدۇمدا قانداقتۇر بىر غەزەپ ئوتى
لاۋۇلداپ ياندى. «ئالۋاستى» نى قولۇم بىلەن «كاپ»
قىلىپ تۇتتۇم - دە، ئۇنى قىسقۇچتىن ئاجرىتىۋېلىپ،
بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىمچە بورىۋاي سەھنىسىدىن
پەسكە چۈشتۈم، چۈشتۈم - دە، 50 مېترچە يىراقلىقتىكى
ئىسكىلاتقا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدىم ۋە تۈگۈنىنى ئىس-
كىلاتتىكى قوغۇشۇن ساندۇققا سېلىپ، ئاغزىنى ھىم قى-
لىپ ئەتتىم...

مېنىڭ ئېسىمدە قالغىنى شۇ...

-خەنجىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇش دېگەن سۆز.

ئەمما، شۇ تاپتا ئۇنى قول بىلەن تۇتۇشتىن بۆلەك چارە يوق. چېكىنىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇ سېكۇنتتىكى ھەر بىر دەقىقە بۇ يەردىكى مول نېفىتلىكنىڭ مەڭگۈ خاراب بولۇشى ياكى گۈللەپ ياشنىشىنى بەلگىلەيتتى.

«ئەلى، ئەلى، بەردەم بول، سىناق بۇ، ئېسىڭنى يىغ، جاسارىتىڭ يېتەمدۇ؟» دېگەن بىر سادا ئەنسىز سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولدى. كۆز ئالدىمدىن غىل - پال قىلىپ شۆيۈەندىكى مېھرىبان ئوقۇتقۇچىلىرىم، لى گاڭ، قۇدۇس، روزى ئاكام، ھاشىم كىران، ھېزىم تراكتور ھەتتا «يۇقىرى سۈرئەتچى» ئەزىمەتلەرنىڭ ماڭا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى يامغۇرلۇق كېچىدىكى چاقماق نۇرىدەك يالتىراپ ئۆتۈپ كەتتى...

مەن بىلىمەن، پولات قاپچۇقتىن چىقىپ كەتكەن تۇڭۇيسۇنى قول بىلەن تۇتۇشۇم بىلەن تەڭ رادىئاكتىپ ئىزوتوپتىن شىددەت بىلەن تارىلىۋاتقان كۈمۈش رەڭ نۇر بەدىنىمگە، پۈتكۈل تومۇرلىرىمغا ئۆتىدۇ، ئالدى بىلەن تومۇرلىرىمدىكى ئاق قان دانىچىلىرىنى قىرىپ تاشلايدۇ، ئاندىن ھوشسىزلىنىمەن، ئاندىن... ئاندىن...

ئاھ، ئاندىن كېيىنكىسىنى ئويلاش قانداق دەھشەتلىك!... ياش - ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا نېمە خۇشلۇق كۆردۈم؟... ئاھ، بىلىم تەشنالىقى بىلەن ئۆتكەن ياشلىقىم! مەن بۇ

كېيىن دوختۇرخانىدا كۆزۈمنى ئاچتىم. ئەينەككە
اراپ، ئۆزۈمنىڭ چاچ - كىرپىكلىرى ئاپئاق مويسىپىت
ۋوايغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى كۆردۈم.

دوختۇرلار ماڭا بۇنىڭ «ئالۋاستى» نىڭ چاقچاقى
ىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

شۇ پەيتتە، مەن ياتقان خانىغا روزى ئاكام،
لى گاك، قۇددۇس، ھاشىم كران، ھېزىم تراكتور ۋە
ەزىمەتلەر كىرىپ كېلىشتى. روزى ئاكام بىر دەستە
ەغەزنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، كارۋىتىم يېنىدىكى تومپۇچكا
ۈستىگە قويدى:


— ئەلى، قارىغىنا بۇلارغا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى
ېرىنداش تېخنىكلار سېنى ۋە «ئالۋاستى» بىلەن ئېلىش
ان غەلىبىمىزنى تەبرىكلەپ تېلېگراممىلار ئەۋەتىپ
ۇ، — دېدى.

ھە دېگەندىلا، تۆت سەر قېقىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن
ھاشىم كران بولسا، چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ، قىزىق-
چىلىق قىلدى:

— چاچ - ساقاللىرى ئاق ئىكەن دەپ ساڭا
تەگمىگەن قىزنى ماڭا كۆرسىتىپ قوي. بۇنىڭ نىمە
ۇش ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىپ، راسا تويغۇزۇپ قويـ
مەن!... بىلىپ قوي، ساڭا لەقەم ئىزدەپ يۈرەتتىم،
بۈگۈندىن تارتىپ سېنى ئىنژېنېر ئەلى ئەمەس، «ئاقباش
ئەلى» دەپ ئاتايدىغان بولدۇم!


ھەممىمىز پاراقلاپ كۈلۈشتۇق.

1986 - يىل 4 - ئاي، قاراماي.



لىق سايمانلىرىم قاچىلانغان چامادانىمنى ساقلاش ئور-
ىغا ئۆتكۈزۈۋېتەي دەپ تۇرغىنىمدا، مەرمەر تۈۋرۈككە
ئېسىپ قويۇلغان رادىئو كانىيىدىن تۇيۇقسىزلا:
— يولۇچىلار دىققەت، خوتەنگە بارىدىغان يولۇ-
چىلار دىققەت! خوتەنگە يۆتكەيدىغان بىر كېسەل كىشى
بار. ئۇنىڭ ئەھۋالىدا بۈگۈن ئازراق ئۆزگىرىش بولۇۋا-
ۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇچىنىڭ بېلىتى بولمىغاچقا،
ئىشى ئالدىراش بولمىغان يولۇچىلارنىڭ بېلىتىنى ئۆتنۈ-
نۈپ بېرىشىنى سورايمىز، خالىغۇچىلار دەرھال ئۆزۈڭ-
لارنى مەلۇم قىلىڭلار، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ
قالدى.
بۇ سۆز گويا ماڭىلا قارىتىلىپ ئېيتىلغاندەك، ئور-
نۇمدا ئىختىيارسىز توختاپ قالدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ
ئەتراپقا قارىسام، ھەممىلا ئادەم ماڭا سىنچىلاپ نەزەر
سېلىۋاتقاندەك، قانداقتۇر مېنى دەڭسەپ «ئىمتىھان»
ئېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى... «قانداق قىلىش كېرەك؟...
ئىشقۇ راست جىددىي ئىكەن، كېسەل كىشىگە ھەمراھ
بولمىسا بولامدۇ؟ بىراق...»
مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئارىسالدى بولۇپ
تۇرغىنىمدا، رادىئو كانىيىدىن يەنە:
— يولۇچىلار دىققەت! ئۈچ كىشى ئۆزىنى مەلۇم
قىلدى. قايتا - قايتا تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن يولداش
مەتسايىتنىڭ بېلىتىنى قوبۇل قىلدۇق، بىز ئۇنىڭغا رەھمەت
ئېيتىمىز، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىردىنلا يېنىكلىشىپ ئەركىن

# ئاسماندىكى ھېكايە



## 1. ئۇلار يۇرتىمغا كېتىۋاتىدۇ

ئەتىسى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئايرودرومغا چىقتىم. كۈتۈش زالى يولۇچىلار ۋە ئۇزاتقۇچىلار بىلەن تولغان بولۇپ، كىشىلەر ئۆزئارا خوشلىشىش، ئاق يول تىلەش ۋە يۈك - تاقلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

مەن كىيىم - كېچەك، فوتو ئاپپارات ۋە يېزىقچى-

...ەڭگە سىنچىلاپ قارايتتى.
شۇ ئارىدا ئۇنىڭ كۆزى ماڭا چۈشتى:
— ئوھو!... مۇخبىر يولداش، ماۋۇ ئىشنى قاراڭ.
...ەپەر قاياقتا، خوتەنگىمۇ؟... — ئۇ قىزغىن كەيپىيات
...چىدە قولۇمنى قاتتىق قىستى، كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، —
...ازىمۇ ياخشى بولدى - دە! ئىش ئۇڭىدىن كەلدى
...بكەن سۆز. قارىڭا سىزنى، بۇ قېتىم نېمىشقا مېنى
...ىزدىنمىدىڭىز؟ راست گەپنى دەڭ.بەش - ئالتە يىلدىن
...ۈيان سىز قاچان، قەيەرگە بارسىمەن دېسىڭىز بىللەت
...بلىپ بەرمىگەن يېرىم بار؟ تېلېفون بېرىپ قويسىڭىزلا
...ۈتىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟... خوپ، بۇ گەپ مۇشۇ
...ەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. شۇ تاپتا، مېنىڭ، بىلە مىسز
...ىزگە جىددىي ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى. قېنى، بۇ بىر
...جۈپ قىز - يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قويۇڭ...
ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرى
بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىن كىمنىدۇر ئاختۇردى ۋە دېرىزە
ئالدىدا ئايروپىلان سۈپىتى تەرەپكە قاراپ پاراڭلىشىۋاتـ
...قان بىر جۈپ قىز - يىگىتنى قولى بىلەن شەرەت قىـ
...لىپ چاقىردى.
يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىگە بېقىپ كۈلۈمسى...
...رىشىپ قويۇپ بىز تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى.
مەن شۇ چاغدىلا، ئۇلارنى بايا رادىئو كانىيدىن
ئاۋاز چىقىدىشى بىلەن تەڭ، كۈتۈش زالىنىڭ ئىككىنچى
قەۋىتىگە ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىـ
...سىدا كۆرگەنلىكىمنى ئەسكە ئالدىم.

نەپەس ئالدىم. بىراق، يەنە نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. شۇ غەشلىك ئىچىدە چامادانىمنى ساقلاش ئورنىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ۋاز كەچتىم - دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىر بوش ئورۇندۇقنى تېپىپ ئولتۇردۇم. غەلىتە مىجەزىم باركەن، ۋۇجۇدۇمنى بارغانسېرى بىر خىل پەرىشانلىق قاپلىۋالدى. كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن كۆزۈمنى قاچۇرغاندەك، بېشىمنى سىلىپ ئولتۇرىمەن. كۆڭلۈمدە ھاجەتسىز تېرىكىپ، «نېمانداق ئۇزاق كۈتۈش بۇ؟ ئايروپىلان خىزمەتچىلىرىگە ۋاقىتنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوقمىكىنا!... بىزنى تېزراق يولغا سېلىۋەتسە بولماسمىدى...» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزىمەن.

شۇ ئەسنادا كۈتۈش زالىنىڭ 2 - قەۋىتىدىن ماڭا تونۇش بىر ئايرودروم خىزمەتچىسى ئالدىراپ چۈشۈپ كەلدى.

ئېگىز بوي، بىر ئاز ئورۇق ۋە خۇشچىراي بۇ خىزمەتچى قىزغىن مۇئامىلىسى، تېتىكلىكى، ئۆز كەسپىنىڭ ئېپى - جېپىنى پۇختا بىلىدىغانلىقى بىلەن كۆپتىن بېرى يولۇچىلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. ھەتتا مەن ئۇنى زىيارەت قىلىپ، خېلى بۇرۇنلا گېزىتكە بىر نەسىرمۇ يازغان ئىدىم.

بىراق، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىدىن قانداقتۇر بىر خىل بىئاراملىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك ئىدى. قولىدا بىر دانە ئايروپىلان بېلىتى بولۇپ، گويا بېلەتنىڭ ئېگىسىنى ئىزدىگەندەك، تېز - تېز كۆز يۈگۈرتۈپ، ئەتراپقا، ھەر بىر ئۆتكەن - كەچ-

انۆنى پۇتتۇرۇپ، يېڭىلا خىزمەتكە چىققان ياش زىيا-
يلار دەپ ئويلاۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ ئۇنداق ئەمەس،
لەمسىز، بۇلار روناق تاپقان كەسپىي ئائىلىنىڭ ئەزا-
رى، زامانىمىزنىڭ يېڭى كىشىلىرى، يەنە كېلىپ تازىمۇ
املاشقان بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار دەڭا!...

قىز «ئاشىق - مەشۇق» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ۋىل-
ىدە قىزىرىپ، چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئويىنىغاچ كۆزىنى
ەتكە ئالدى ۋە يەنە ھېچنېمىنى پەسەنتكە ئالمىغان-
ەك، بېشى بىلەن يىگىتنىڭ مۈرىسىگە يۆلەندى. يىگىت
ولسا، سەل تەمتىرەپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمدىپ -
چىمدىپ قويۇپ قىزنىڭ بىلىكىنى تۇتتى.

ئايرودروم خىزمەتچىسى داۋام قىلدى:

— بىز بۇنىڭدىن ئىككى ئايچە ئىلگىرى مۇشۇ
يەردە تونۇشقان، ھازىر خېلى قەدىناسلاردىن بولۇپ قال-
دۇق دەڭا! توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن،
يولداش مەتسايىت بوۋىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تۇنسا-
يىمنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. بوۋاي ئۇلارغا
«جاھاننى كۆرۈڭلار، دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ بې-
قىڭلار» دەپتۇ. ئۇلار پويىزغا ئولتۇرۇپ شىمەندىن دال-
يەنىكچە نۇرغۇن شەھەرلەرنى سەيلە قىلدى، بېيجىڭدە
بولدى، مانا ئەمدى ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇۋاتىدۇ.
ئويلاپ بېقىڭ، قانداق مەنىلىك، يېڭىچە ھايات!..
خوپ، ئۆز كېچمىگە كەلسەم، بايا يولداش مەتسايىت
ئۆزىنىڭ ئايروپىلان بىلىتىنى بىر جىددىي كىشىگە ھەم-
راھ بولغۇچىغا بېرىۋەتتى...

يىگىت 22— 23 ياشلاردا بولۇپ، بېشىدا چىمە
دوپپا، ئۇستىدە زېغىر رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن كا
تۇم - بۇرۇلكا، بويىنىدا تېگى كۆك، ئاق يولى ب
گالىستۇك، پۇتىدا پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم بەتىنكە ب
ئىدى. ساغلام، گۆشمۇستەك بەستىگە كىشىنىڭ زوق
كېلىدۇ. ئۆتكۈر كۆزلىرى ئەتراپقا نېمىشقىدۇر ئەيمە
نىپزەك قارايتتى. قولىنى نەگە قويۇشنى بىلمىگەنىدەك
تۇرۇپ كاستۇمىنىڭ تۈگمىلەنگەن قېتىغا، تۇرۇپ يانچۇ
قىغا سالاتتى؛ تۇرۇپ قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۇچىنى
چىمدىپ - چىمدىپ قويسا، تۇرۇپ، ئىختىيارسىز ھال
قىزنىڭ ئاپئاق بىلەكلىرىنى تۇتۇۋالاتتى.
قىز بولسا، ئەكسىچە، ئۆزىنى پۇتۇنلەي ئەركى
تۇتاتتى، يىگىتكە پات - پات مۇھەببەتكە تولغا
كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قارايتتى، كۈلۈمسىرەيتتى.
مەن قىزغا سەپسالدىم. ئۇ گويا كۆچار «مىك
ئۆيى» نىڭ تاملىرىغا سىزىلغان پەرىزاتلاردەك گۈزەل
ئىدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىگە، قان تەپچىپ تۇرغان
دەك قىپقىزىل مەڭىزلىرىگە بېشىدىكى زەر دوپپا، ئۈس
تىدىكى ھاۋارەڭ دىلون كاستۇم - يوپكا ۋە مۇرىسىدىكى
گۈللۈك كەشمىر رومال خوپ ياراشقان ئىدى.
— قېنى، تونۇشۇڭلار، بۇ يولداش مەتسايىت،
بۇ قىز تۇنسايىم، — ئايرودروم خىزمەتچىسى بىزنى
ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا
قاراپ دېدى:
— ھە، مۇخبىر يولداش، سىز ھەقچان بۇلارنى

— يولداش، بولمايدۇ. ئاۋارە بولماڭ، بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشەنمەيسىز؟ بىز دېھقان، ئەلگە نەپ تەگكۈزمەيدىغانلاردىن ئەمەس، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ جو-ۋۇپ كەتكەن بارمۇ؟ — دېدى خىزمەتچىگە قاراپ.

— يۈرۈڭ، گەپ دېگەن بىر! — دېدى قىزمۇ يىگىتنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ. ئەمما، ئايرودروم خىزمەت-چىسى بوش كەلمىدى:

— بولدى، تالاشماڭلار. يولداش مەتسايىت، مەن بۇ مۇخبىرنىڭ ھەرقاچان كۆڭلىنى ئېلىۋالالايمەن. قېنى، تارتىشماڭلار، كەتتۇق، — دېدى - دە، مەتسايىت بې-لەن تۇنسايىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، بىلەكلىرىدىن تارتقىنىچە، ئايروپىلان سۇپىسى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى...

## 2. يېڭىلىشىش

كۆڭلۈمدىكى پەرىشانلىق كۆتۈرۈلۈپ، خېلى يېنىك-لىشىپ قالدىم. ئايروپىلان تېخى ئۇچمىغاچقا، شەھەرگە قايتىدىغان ماشىنىلارنىڭ قوزغىلىشىغا بىر ئاز ۋاقىت بار ئىدى. مەن گۈللۈك ئالدىدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم - دە، خاتىرە دەپتىرىمگە بايىقى بىر جۈپ قىز - يىگىت مەتسايىت بىلەن تۇنسايىمنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىۋالدىم، تەكلىماكان بويلىرىغا بارغاندا ئۇلارنى قانداقلا بولمىسۇن، ئىزدەپ تېپىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم.

«ھە... ئۆزىنىڭ بىلىتىنى باشقىلارغا ئۆتۈن
بەرگەن مەتسايىت مۇشۇ يىگىتكەن - دە!...»
— بىراق، — دېدى ئايرودروم خىزمەتچىسى نېمىدىن
قىسلىۋاتقاندەك سەل تۇرۇۋېلىپ، — ھازىر قىزنى ئۇزاتاق
گىت، يىگىتنى ئۇزاتاق قىز قىپقالىدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ ئى
كۆرمەمدىغان، ئۇلارنى قانداقمۇ ئايرىۋەتكىلى بولا
شۇ تاپتا ئۇ يەردە قىممەتلىك بوۋاي كىيىلىنى بىل
نەۋرىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن قانداق تەقدىر
بولۇۋاتىدىكىن؟ كىم بىلىدۇ تېخى، بۇچاغقىچە ئۇ يەر
ئۇرۇق - تۇغقان، خولۇم - قوشنىلار جەم بولۇشۇ
چوڭ توينىڭ راسكالىقىغا چۈشۈپ كەتتىمۇ، سويۇلىدىغا
قوي - كالىلار باغلىنىپ، قازانلارمۇ ئېسىلغاندۇ... با ي
سىزگە ھاجىتىم چۈشتى دېگىنىم مۇشۇ گەپ ئىدى...
«ياپىرىم... بۇ خىزمەتچى ئەۋلىيادەك ئىش قىلىۋ
تىدىغۇ! ئۇ، بۇ ئۈچۈق كۆڭۈللۈكلىكى بىلەن مېنى ئېغ
كۆڭۈل غەشلىكىدىن ئازاد قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەمدى
كىنا!» مەن دەرھال بېلەتنى چىقىرىپ بەردىم.
— مەن ئۆتۈنەي، ئۇلار بىللە ماڭسۇن...
بىراق قىز بۇنى ياقتۇرمىدى. بويىنىنى يېنىك قېقىپ
بىردىن جىددىيلىشىپ قالدى، كۆزلىرىدە نارازىلىق ئۇچ
قۇنلىرى يالتىراپ، ئىتتىك مەتسايىتقا قارىدى. مەت
سايىت بولسا، گويا خەققە قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ئۆتىنى
سىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئالدىراپ سەت ئىش قىلىپ قويغان
ئادەمدەك ھودۇقۇپ كەتتى ۋە ئادىتى بويىچە بۇرنىنىڭ
ئۈچىنى چىمدىپ - چىمدىپ قويۇپ:

مۇخبىرلار راستلا تاجسىز پادىشاھ- دە، يەنە ئىشىڭىز ئوڭدىن كەلدى. يۈرۈك، سەپەر قىلىدىغان بولدىڭىز...

مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم.

— مۇنداق گەپ، — دېدى ئۇ، ئىزاھلاپ، — خوتەنگە بارىدىغان ئىككى تىك ئۇچار ئايروپىلان چىقىپ قالدى دەڭا! بىرى ھەربىي ئايروپىلان، يەنە بىرى، ئىجارىگە بېرىلگەن ئىلمىي تەكشۈرۈش ئايروپىلانى. مەن سۆزلىشىپ ماقۇل قىلدىم. سىز ھەربىي ئايروپىلانغا ئولتۇرسىڭىز، ناھايىتى خوتەنگە ئىككى سائەتلا كېچىكىپ بارىسىز...

مەن ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. زالغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش ئۈچۈن 2 - قەۋەتكە چىقىپ كەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىنلا يېنىپ چۈشۈپ، مېنى قولتۇقلاپ ئايروپىلان سۇپىسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. دەل شۇ پەيتتە، رادىئو كانىيىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ:

— سىزگە جىددىي تېلېفون، دەرھال 2 - قەۋەتكە چىقىڭ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

ئۇ بىر ئاز ئارىسالدى بولۇپ ماڭا قارىدى:

— سىز مېڭىپ تۇرۇڭ، ئاشۇ ئايروپىلان شۇ. مەن ھازىرلا يېتىپ كېلىمەن...


مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئايروپىلان سۇپىسى تەرەپكە ماڭدىم.

ئالدىمدا ئىككى تىك ئۇچار ئايروپىلان تۇرۇپتۇ. بىرى يېقىن، يەنە بىرى چەتتىرەك ئىدى. يېقىنراق

ئەلۋەتتە، بۇ قېتىمقى مۇخبىرلىق سەپىرى مېنى
بەكمۇ قىزىقتۇراتتى، چۈنكى مەن ئۇ يەرگە نام - شە
رىپى ئىككى ئاي ئىلگىرى گېزىتتە خەۋەر قىلىنغان
ھېلىقى «100 مىڭ جىڭچى» كەسپىي ئائىلە — بىنى
ئوغلى، بەش كېلىنى ۋە قولى ئىشقا ياراپ قالغان
يەتتە نەۋرىسى بىلەن تەكلىماكان ئىچىگە ئىچكىرىلەپ
كىرىپ، چۆلنى ئېچىپ، ئىگىلىك تىكلىگەن يېڭى خوجا
يىن روزىمەت تاغىنى زىيارەت قىلغىلى كېتىۋاتىمەن
روزىمەت تاغىنىڭ قانداق قىلىپ، ئۈچ - تۆت يىلدىلا
«10 مىڭ» جىڭدىن «100 مىڭ» جىڭغا سەكرىگەنلىكىنى
ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن، يەنە نېمىلەرنى قىلماقچى بول
غانلىقىنى بىلىش — ئېنىقكى، بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ
مەقسىتى. بۇنىڭغا، كۆتۈلمىگەندە، مەتسايىت بىلەن
تونۇشۇپ قېلىپ قوشۇلدى. ئايرودروم خىزمەتچىسى
دېگەندەك، راستلا ئۇلار «زامانىمىزنىڭ يېڭى كىشىلىرى»
ئىكەن، بىراق، ئۇلارنىڭ قايسى يۇرت، قايسى ماكاندا
تۇرىدىغانلىقىنى نېمىشقا سورىۋالمىغاندىمەن؟...

خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە، ئايروپىلان پەرۋاز
قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسماندا،
سەھەر قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان
كۈمۈش لاچىنلارغا نەزەر سېلىپ تۇرغىنىمدا، كۈتۈش
زالىنىڭ چوڭ ئىشىكىدىن بايىقى خىزمەتچى ئالدىراپ
چىقىپ كەلدى:

— مانا، مانا، قارىڭا سىزنى، بىر دەمدە نەگە
قاچتىڭىز؟ خوش دەپمۇ قويماپسىز ماڭا! بىلەمسىز سىلەر



تۇرغان ئايروپىلاننىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، ئايروپىلان ئىشىكىدە ئوتتۇرا بوي، قارا قاش كەلگەن بىر ئۇيغۇر يىگىت ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى.

مەن قانداقتۇر بىر ئىشەنچ بىلەن شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، ئايروپىلانغا كۆتۈرۈلۈپ چىقتىم. ئايرو-پىلان ئۆيدە ئۇيغۇر يىگىتتىن باشقا، يەنە ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلار سىنئالغۇ ئاپپاراتى، فوتو ئاپپاراتلار، ھەر خىل يىراقتىن ئۆلچىگۈچى سايمانلار، دۇربۇن ۋە خەرىتىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئالدىراپ تەرتىپكە سالماقتا ئىدى.

بايا قاراقاش ئۇيغۇر يىگىتنى يىراقتىن كۆرگەندە، ئەجەبمۇ ئوبدان بولدى، ئۆزۈمگە پاراڭلىشىپ ماڭىدىغان ھەمراھ تېپىلدى، دەپ خۇشال بولغان ئىدىم. بىراق مەن ئايروپىلانغا چىقىپ بولغاندا، ئۇ ماڭا ھېچبىر ھىممەت كۆرسەتمىدى. ئەكسىچە، بىر نېمىدىن تەڭقىس بولۇۋات-قاندەك، زۇۋانىمۇ سۈرمەي، بىردە ماڭا، بىردە ھەم-راھلىرىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

شۇ چاغدا، سايمانلارنى رەتكە سېلىۋاتقان كەڭ كۆزەينەكلىك، چاچلىرى ئۆچتەك ئاقارغان بىر موي-سىپىت كىشى بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى ۋە باش - ئاي-غىغا سەپسالغاندىن كېيىن، خېلىلا روشەن شاڭخەي تەلەپپۇزىدا:

— ياخشىمۇ سىز؟... بايا ئايرودروم خىزمەتچىسى دېگەن كىشى سىزغۇ دەيمەن، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ.

لېكىن بۇ كۆڭۈلدىكىدەك يېڭىلىنىش ئىدى. چۈنكى مەن ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا مومام ئاغزىدىن نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان ۋە بىر قېتىم كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغان ئاجايىپ سىرلىق تىلىسمات — بىپايان قۇم ئالەمىنى بىۋاسىتە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇۋاتاتتىم.

مومامنىڭ نەزەرىدىكى تەكلىماكان، مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، ئۇنداق سىرلىق، ئۇنداق قورغاق دەشتى - باياۋان ئەمەس، بەلكى بۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق گۈزەل بىر ئىقلىم ئىدى. مومامنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ يەردە «ئىشىك - دېرىزىلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن، بىنا - ئىمارەتلىرى كۆك ئەينەك، يېشىل كاھىش، مۇنار - قۇببىلىرى رەڭلىك قاش تېشىدىن ياسالغان قەسىرلەر، ئوردا - سارايلار، يوللىرى مەرمەر تاش بىلەن بېزەلگەن ئاۋات رەستىلەر، قايناق گۈزەرلەر بار ئىدى؛ ھەممە يەر يېشىل تال - باراڭ بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئېقىن سۇلىرىدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى...».

مەن مومامنىڭ چۆچەكلىرىنى ئەسلەپ، غايىبىي بىر ئالەمدىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرغىنىمدا، ئايروپىلان يەر - جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرۈپ يېنىككىنە كۆتۈرۈلدى. 20 مېتىرچە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە، ئەينەكتىن بايىقى ئايرودروم خىزمەتچىسىنىڭ ئايروپىلان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ھەدەپ قوللىرىنى ئېگىز - پەس پۇلاڭلىتاتتى. پۇلاڭلى-

— بىز ئۇنىڭغا دېگەنتۇققۇ، — دېدى ئۇ، — دۇ-
رۇس، بىز خوتەنگە بارىمىز، لېكىن بۇگۈن ئەمەس.
ئەتە بېرىشىمىزمۇ ناتايىن...

— ماشا بەرىبىر، ئۆگۈنلۈككە يېتىپ بارساقمۇ
بولۇۋېرىدۇ...

ئاق چاچلىق كىشى بىر خىل قىزىقىش بىلەن
قاراقاش ئۇيغۇر يىگىتكە «قانداق قىلدۇق؟... دېگەندەك،
كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

ئۇيغۇر يىگىت ماشا قاراپ.

— سىزنىڭ قولىڭىزدا...، — دەپ توختاپ قالدى.

مەن دەرھال تۆش يانچۇقىمدىن مۇخبىرلىك كىنىش-
كامنى ئېلىپ تەڭلىدىم، ئۇيغۇر يىگىت كىنىشكىدىكى
رەسىمگە غىل - پال كۆز يۈگۈرتتى - دە، ئۇنى ئاق
چاچلىق كىشىگە بەردى.

— مۇنداق دەڭ، مۇخبىر ئىكەنسىز - دە! — ئاق
چاچلىق كىشى خېلى ئىلتىپات بىلەن مېنى ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلدى، — ياخشى، قارشى ئالىمىز، مەن سىزگە
دېسەم، — دېدى ئۇ، قىزغىن بىر كەيپىياتتا، — بىزنىڭ
بۇ ئاسماندا مەشغۇلات قىلىدىغان گورۇپپىمىز ئۈچ ئاي-
دىن بۇيان تەكلىماكان چۆللىكىنى قىدىرىپ يۈرىدۇ.
بىزگە بۇچاغقىچە بىرمۇ مۇخبىر ھەمراھ بولغان ئەمەس.
ئاۋادا سىز خوتەنگە بىر - ئىككى كۈن كېچىكىپ بې-
رىشتىن ئەندىشە قىلمىسىڭىز، مەيلى، بىللە كەتتۇق...

مەن بۇ تىك ئۇچار ئايروپىلانغا يېڭىلىشىپ چىقىپ
قالغانلىقىمنى بىلدىم.

قىلدۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ تىلىغا «چىك» دېگەن بىر سۆز ئادەتتە يېپىشىۋالغان ئىكەن، لېكىن ئۇ بۇنى زادىلا سەزمەيتتى.

— سىز، بۇ كىشىنى، چىك، بوش چاغلىماڭ، — دېدى ئۇ، ئاق چاچلىق مويسىپىتنى كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ، — ئۇ دېگەن مېنىڭ پروفېسسورىم، مەخسۇس تەكلىماكان بىلەن ھەپىلىشىدۇ. بىلىسىز، تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىغا خاس بولغان قۇم جىنسلىرىنىڭ خۇبىي تۈزلەڭلىكتە پەيدا بولغانلىقىنى، چىك، ھەممىدىن بۇرۇن بايقىغان كىشى مۇشۇ... ئاسان ئەمەستە! ئۇ، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچۇم ئىدى، مانا ئەمدى خىزمەتداش بولۇپ قالدۇق دەڭا!..

ئالىمجان بىر خىل پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن كۈلۈمسىرەپ داۋام قىلدى:

— مەن گېئولوگىيە شۆبىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ بىرەر ئايچە بولغاندا ئۇ مېنى ئۆيىگە چاقىرىپ، مېنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن، ئۇزاق سۆھبەتلەشكەن ۋە ئاخىرىدا دەپتىرىمگە ماكسىم گوركىينىڭ «تۇرمۇشنىڭ مەنىسى گۈزەللىك ۋە نىشانغا ئىنتىلىدىغان كۈچتە» دېگەن سۆزىنى يېزىپ بەرگەن ئىدى. ھازىر بۇ ھېكمەت ھەر ئىككىمىزنىڭ ئورتاق غايىسى بولۇپ قالدى، تەكلىماكاننى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ياشانغانلىقىغا قارىماي، «504» ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىگە قاتناشتى، مەخسۇس تەكلىماكان قۇملۇقىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ

تىشىنىڭ يا مېنى ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى ياكى تەشۋىشلىنىۋات-
قانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا قاراپ: «قەدىرلىك
يولداش، رەھمەت سىزگە، بىلەمسىز، سىزنىڭ ھەممە ها-
جەتمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان خىزمەت سەنئە-
تىڭىز مېنى بىر ئۆمۈرلۈك ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈۋاتىدۇ»
دەپ پىچىرلىدىم.

## ·3 بىز ئۇچۇۋاتىمىز

بىز ئاسماندا ئۇچۇۋاتىمىز، ئاسماندا سۆزلى-
شىۋاتىمىز.

مەن قاراقاش ئۇيغۇر يىگىت بىلەن بىردەمدىلا
چىقىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ئالىمجان بولۇپ، 1981-
يىلى گېئولوگىيە شۆبىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن،
«504» ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىگە قاتنىشىپ، جەنۇبىي
شىنجاڭنى، بولۇپمۇ تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنى ئومۇم-
يۈزلۈك قىدىرىپ تەكشۈرۈش پىلانىنى ئىجرا قىلى-
ۋاتقان ئىكەن.

ئالىمجان مەن ئويلىغاندەك «زۇۋان سۈرمەس»
ئەمەس، بەلكى خۇش چاقچاق، ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان،
ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىشكە
ماھىر سۆھبەتداش بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆز كەسپداش-
لىرىغا، بولۇپمۇ شاڭخەيي تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان ئاق
چاچلىق كىشىگە ئالاھىدە ئىخلاس بىلەن مۇئامىلە

بېيجىڭدىكى گۆھەر بولۇپ قالىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى، بۇ گەپ، چىنىك، ھازىر قۇرۇق تەسەۋۋۇر ئەمەس!..

مەن بۇ سۆھبەتكە شۇنچىلىك قىزىققان ئىدىمكى، ئەپسۇس، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك بولماي قالدى.

ئايروپىلان ئاقسۇ ئايرودرومىدا يېتەرلىك ماي قاچىلىۋالغاندىن كېيىن، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، توپ-توغرا چوڭ قۇملۇق تەرەپكە قاراپ ئۇچتى. ئايروپىلان ئىچىدىكى خادىملار ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئالىمجانىڭ مەن بىلەن سۆزلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ماڭا قاراپ قويۇشقىمۇ چولىسى تېگىدىغاندەك ئەمەس. تۇرۇپ پېشقەدەم پروفېسسور بىلەن نېمىنىدۇر مەسلىھەتلىشەتتى، تۇرۇپ بىردە خەرىتىلەرگە، بىردە دۇربۇن بىلەن كۆزنەكتىن يەرگە قارايتتى، تۇرۇپ، سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى بىلەن يەر ئۈستىدىكى پونكىتلار بىلەن ئالاقە قىلىشاتتى ۋە يەنە خەرىتە ئۈستىگە قانداقتۇر بەلگىلەرنى سىزاتتى. قۇلاقىمغا ئۇنىڭ «چىك - چىك» دېگەن تاۋۇشى پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن نائىلاج ئايروپىلان ئەينىكىگە مەڭزىمنى ياقتىم - دە، مومام ئاغزىدىن ئاڭلىغان سىرلىق ئالەمنى ئېگىزدىن تاماشا قىلىشقا باشلىدىم.

كۆز ئالدىمدا چېكى يوق قۇملۇق يېيىلىپ ياتىدۇ، قاتمۇ قات گىرەلەشكەن قۇم بارخانلىرى بەزىدە ئۆزلۈكسىز دولقۇنلىنىپ تۇرغان شاۋقۇنلۇق دېڭىزغا

مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئالدى. مانا ئۈچ يىل بولدى، چىك، بۇ چېكى يوق قۇملۇقنى بەزىدە ماشىنىدا، بەزىدە تۆگىدە، بەزى چاغلاردا پىيادە مېڭىپ تەكشۈرۈپ يۈرۈمىز، سانسىز جاپا - مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلدۇق، لېكىن، بىلىمەيدۇ، نېمىدۇر بىر نېمە ئۆزىگە تارتىپلا تۇرىدۇ، چىك...

مەن ئويلىنىپ سورىدىم:

— ئالىمجان، ئېيتىڭا، تەكلىماكاننى تەكشۈرۈشتىن بىرەر ئۈمىد بارمۇ؟

— نېمە، چىك! ئۈمىد دەمسىز؟! — ئالىمجان بىردىن كۆزلىرى چاقنىغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — قانداق سوئال بۇ، چىك؟ بايا سىز خان تەڭرى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋېتىپ، غەلىتە ئىش، تەڭرىتېغىنىڭ شىمال تەرىپى بەئەينى يېشىل مەخمەل - گۈل - گىياھ، يېشىل قارىغايلار بىلەن قاپلانغان ئىكەن، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى نېمىشقا تېرىسى سويۇۋېلىنغان ئورۇق كالىدەك سىدام - تاكىراك؟ دەپ سورىغانتىڭىز. دەرۋەقە، چىك، تەكلىماكان دېسە، خەقلەر ئەزەلدىن ئۇنى ئەتراپقا يامراپ تېشىۋاتقان تىزگىنسىز قۇم دېڭىزى دەپ بىلىدۇ. مەنمۇ بىر چاغلاردا، چىك، ئاشۇنداق ئويلىغان، كۈنلەردىن بىر كۈنى بەگۋاش قۇملۇق جەنۇبتىكى بوستانلىق يېزا - كەنتلەرنى يەپ كەتمىگىدى دەپ ئەنسىرىگەن. هازىر بىز، چىك، ئۇنداق ئويلىمايمىز، پروفېسسور ئۇنى ئاستى غايەت زور نېفتلىك ۋە يېقىلغۇ گازى بىلەن تولغان، پات ئارىدا جەنۇ-

راقلىق، ھەتتا چوڭ قۇملۇقنىڭ غەربىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆمۈش لېنتىدەك «يالت - يۇلت» قىلغان بىر دەريامۇ ئارقىدا قالدى.

شۇ پەيتتە، كۆنگەي تەرەپتىكى قۇم بارخانلىرى كويا ئۈستىگە سانسىز ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن - كۆمۈش ئۇۋاقلىرىنى چېچىۋەتكەندەك، ئۇشتۇمتۇت يال - قۇلىنىپ يالتىراپ كەتتى. كۆزۈمنى قاماشتۇرغان بۇ مەنزىرە شۇنچىلىك گۈزەل ۋە سېھىرى ئىدىكى، گوياكى مەن مومام دەپ بەرگەن ھېلىقى «ئىشىك - دېرىزىلىرى ئالتۇن - كۆمۈشتىن، ئىمارەتلىرى كۆك ئەينەك، يېشىل كاھىشتىن، مۇنار - قۇببىلىرى رەڭمۇ رەڭ قاش تېشىدىن ياسالغان قەسىرلەر، ئوردا - سارايلار» نى كۆرگەندەك بولدۇم.

بىراق، ئايروپىلان بۇ مەنزىرىگە ئانچە تارتىشمىدى. ئۇ ھامان بىردە ئېگىز، بىردە پەس، بەزىدە ئۇدۇل، بەزىدە بىر نۇقتىنى قايتا - قايتا ئەگىپ ئۇچۇپ، ئۆز مەشغۇلاتى بىلەن بەنت ئىدى...

كۈن پېشىندىن ئۆتتى، ئايروپىلان تۇيۇقسىز پەسلەپ بىر دائىرىنى چۆگىلەپ قالدى. باياتىن بېرى ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدىغان بىر خىل قۇم مەنزىرىسىگە قاراۋېرىپ كۆزۈم تالغانلىقتىن، بىردەمچىلىككە كۆزۈمنى يۇمۇۋالغان ئىدىم. ئايروپىلاننىڭ پەسلەۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئالدىراپ كۆزۈمنى ئېچىپ يەرگە قارىدىم.

«پاھ، بۇ نېمە كارامەتكىنا؟!»

ئوخشاپ كەتسە، بەزىدە قېتىپ قالغاندەك تىمتاس، سۈزۈلۈك بىر قىياپەتكە كىرىپ قالاتتى.

بىردىن قۇلۇقنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ، چۆل ئىچىدە بولۇۋاتقان غەلىتە بىر «توپىلاڭ» غا كۆزۈم چۈشتى. نەچچە ئون يەردە ئاسمانغا بوي سوزغان سېرىق، قىزغۇچ قۇم مۇنارلىرى شىددەتلىك پىرقىراپ، قېنىغا پاتمىغان لەھەڭلەردەك، ھەدەپ ئايروپىلانغا خىرىس قىلاتتى...

ئەلۋەتتە، بۇ چۆل قۇيۇنى ئىدى.

مومام بۇ كۆچتۈڭگۈر چۆل قۇيۇنلىرىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىگە روبىرو كېلىپ قالغان ئات، تۆگىلىك، ھارۋىلىق كارۋانلارنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشىۋېلىپ، كۆزگە كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن قاماللاپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، قۇرۇق غازاڭدەك پىرقىرىتىپ نەچچە كۈنلۈك يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. مومام راست ئېيتقان ئىكەن، شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ جان - جەھلى بىلەن تىلىنى سوزۇپ ئايروپىلانغا ئېتىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ زەربىسىدىن ئايروپىلاننىڭ دىرىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

قۇيۇنلار كەينىمىزدە قالدى. بىز خېلى ئۇزاققىچە تىسپتىنچ سۇررەڭ قۇملۇقلار، كرىستالدەك پارقىرىغان شورلۇقلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتۇق. چېچەكلىرى تۆكۈلگەن قىزىل يۇلغۇنلۇق، قۇم دېڭىزى ئىچىدىكى يالغۇز ئارالدەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان قەدىمكى توغ-

— ئالىمجان، بۇ نېمە؟ قارىغا، قوم بارخانلىرى
ئارىسىدا مەن نېمىنى كۆرۈۋاتىمەن؟ خۇددى مەكتەپكە
ئوخشايدىغۇ، ئەينەكلىك ئۆيلەر، تال ئۈزۈم، كاۋا-
قاپاق باراڭلىقى، جا باغلانغان قۇدۇق، ئەرلەر، ئايال-
لار، باللار... قوغۇن - تاۋۇزلۇق... قوناق، كېۋەزلەر...
ئورمان بەلباغلىرى... پاھ، پاھ، بەئەينى يېشىل سې-
پىل!... ئوھۇ... تراكتور، ماشىنىمۇ بار ئىكەن! ئەنە قاراڭ،
تونۇرغا يۆلەپ قويغان ئۇچ ۋېلىسىپىتنىمۇ، قول تراكتورنىمۇ
ئېنىق كۆردۈم... چۆل ئىچىدە ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ؟...

ئالىمجان پېشقەدەم پروفېسسورغا قارىۋېلىپ،
دېدى:

— ھەيران قېلىۋاتامسىز، چېك؟ ئالدىرىماڭ،
سىزگە ئاجايىپ بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي. بۇنى
ئاسماندا ئېيتىلغان ھېكايە دېسىڭىزمۇ بولىدۇ...

ئايروپىلان قوم ئالىمگە زىننەت بېرىپ تۇرغان
ئېكىنزارلىقنىڭ ئۈستىدىن لەرزان ئەگىپ ئۇچۇپ ئۆز
يولىغا چۈشتى. بىز شۇ كۈنى كەچتە چۆللۈك ئىچىدىكى
بوستانلىقتا ئانچە يىراق بولمىغان دەريا ساھىلىدىكى
نېفىت چارلاش ئەترىتىنىڭ باش شتابىغا چۈشۈپ مېھ-
مان بولۇپ تۈنىدۇق. ئەتىسى خوتەنگە يېتىپ بارغىچە
ئالىمجان ئاسماندا تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئېيتىپ
بەردى:

## 4. ھېكايە مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ

— چېك، ئەلۋەتتە بۇ تۆت يىل بۇرۇنقى ئىش،

ئالدىمدا رەڭدار خوتەن گىلىمىدەك جۇلالىنىپ، گويا شۇ تاپتا غايىبتىن ئاپىرىدە بولغاندەك، بىر پارچە ئېكىنزارلىق پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. تۆت ئەتراپى سۇ ۋە رەڭ قۇملۇق بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بۇ ئېكىنزارلىق چۆل ئىچىدە خۇددى يېشىل مەرۋايىتتەك نۇرلىنىپ چاقناپ، كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى.

مەن ھەيران بولۇپ، ئىتتىك ئالىمجانغا قارىدىم. شۇ دەقىقىدە ئالىمجانمۇ، ئىساق چاچلىق پروفېسسورمۇ ئېكىنزارلىققا قاراۋاتاتتى. ئالىمجان پېشقەدەم پروفېسسوردىن سوراپ قالدى:

— ئەسلەۋاتامسىز؟ چىك، زادىلا ئۇنتۇمايسىز - ھە؟

— ياشىسىز - دە، يىگىت، — دېدى پروفېسسور ئېكىنزارلىقتىن كۆزىنى ئۈزمەي، — ئۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇش مۇمكىن! بۇ دېگەن ھاياتلىق قىرغىقى. ناۋادا تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ مۇشۇ قىرغاق قۇتۇلدۇرۇپ قالمىغان بولسا، ھەممىمىز ئاللىقاچان قۇم ئاستى شەھەرلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتۇق!

ئالىمجان چاقچاق قىلدى:

— ئۇ چاغدا ئىش تازىمۇ ئوڭاي بولاتتى، چىك. يەر ئاستى قاتلاملىرىدا نېمىلەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىۋاسىتە كۆرگەن بولاتتۇققۇ دەيمەن...

— بەلكىم...

ئۇلار كۈلۈشتى. مەن تېخىچە ھېچنەرسىنى ئۇقالماي ئەجەبلىنىپ سورىدىم:

قۇم دۆڭىنىڭ يېرىمىگە چىقا - چىقمايلا يۈز كۆزىمىزگە كۈچلۈك شامال كېلىپ ئۇرۇلدى: «ئايىھاي... شامال كۆردۇق، تىنچىقتىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق!...» دېيە-شىپ قالدۇق.

ئەمما، يول باشلىغۇچىمىزنىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدە غەلىتە بىر ئەنسىزلىكنىڭ سايە تاشلاپ ئۆتكەنلىكىنى سەزدىم.

شۇنداق بولسىمۇ، مەن ھەمراھلىرىمغا بىرەر خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش تەقەززاسىدا مۇدۇرۇپ - يىقى-لىپ يۈرۈپ، ھەممىدىن بۇرۇن دۆڭنىڭ ئۈستىگە يامى-شىپ چىقىۋالدىم - دە، ئالدىمدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ، ھاياجاندىن سەكرەپ كەتتىم:

— دەريا!... يولداشلار، دەريا! قاراڭلار، نېمە دې-گەن كاتتا دەريا!

نېمىسىنى دەيسىز، كۆز ئالدىمدا بىر كىلومېتىرچە كەڭلىكتىكى تەكشى كەتكەن ساي ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ چوڭ كۆلدەك دەريا چىراي ئاچقان، چېك. يۇقىرى تەرەپتىكى قۇم بارخانلىرى ئۈستىدىن لەيلىشىپ، شى-ۋىرلاپ چۈشۈۋاتقان كەلكۈن ساي ئىچىدە قوشۇلۇپ، چوڭ ئېقىن ھاسىل قىلىپ، لۆمۈلدەپ ئاقماقتا ئىدى، چېك.

كەينىمدىن يېتىشىپ چىققان پروفېسسور بۇ مەنزى-رىنى كۆرۈپ، بارماقلىرى بىلەن ئاپئاق چاچلىرىنى كەينىگە تاراپ تۇرۇپ:

— راستلا دەرياغا ئوخشايدىكەن، — دېدى.

9 - ئاي مەزگىلى، پەرغىسىم ئاپتاپ، ھاۋا تىنجىق ۋە قۇرغاق، چارلاپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىمىز تەكلىماكاننى تۈنجى قېتىم كېسىپ ئۆتۈۋاتاتتى. پىيادە كېتىۋاتىمىز. يول باشلىغۇچى بىلەن قوشۇلۇپ ھەممىمىز بەش كىشى ئىدۇق. يول باشلىغۇچىمىزنىڭ مۆلچىرىگە قارىغاندا، ئادىمىزات بار دېيىلگەن جاي ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، ئاسانلا يېتىپ بارىمىز دەپ ئويلىغان ئىدۇق. چىك، ئەپسۇسكى، سەپىرىمىز 5 - كۈنىگە قەدەم قويغاندىمۇ، قىرغاقنىڭ چېكى ۋە ئادىمىزاتتىن ئەسەر بولمىدى. ئۇزۇقلۇق، بولۇپمۇ ئىچىدىغان سۈيىمىز تۈگەپ كەتتى. ئاچلىق ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىپ، پۇتىمىزنى ئاران - ئاران سۆرەپ مېڭىۋاتقانلىقىمىزنى ئۆزىمىز بىلىمىز. لېكىن بىر - بىرىمىزگە تىنمايمىز، چىك. 6 - كۈنى ھەممىمىزنى بىر خىل ئەنسىزلىك، ۋەھىمە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئالدىمىزدىكى نىشان غۇۋا، كەينىمىزگە قايتىش مۇمكىن ئەمەس، چىك. ھەممىمىزنىڭ كۆزى يول باشلىغۇچىدا، ئۇ بولسا زادىلا گەپ قىلىشنى خالىمايتتى. بەزەن - بەزەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا مۇنداقلا بىر قاراپ قوياتتى - دە، تېگى يوق خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن ئادەمدەك، پۇشۇلداپ، ئېغىر غەم بېسىپ كېتىۋېرەتتى.

شۇ كۈنى چۈش بولغاندا، يول باشلىغۇچى بىزنى توغرىسىغا سوزۇلغان ئېگىز قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىگە باشلىدى. ھەممىمىز گويا بىر نىجاتلىق يولى تېپىلغاندەك، تۆت ئاياغلىق بولۇپ ئالدىراپ قۇم دۆڭىگە ياماشتۇق.

— دۇرۇس، — دېدى ئۇ، — سايىنىڭ يۇقىرى تەرىپى قارىيىپ قالدىغۇ، تېزراق سايىنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتۈۋالايلى. مەن ئۇ يەردە قىرغاقنى كۆرۈۋاتىمەن. قېنى، ماڭدۇق...

بىز ئېگىز قۇم دۆڭىدىن سىرىلىپ سايغا چۈشتۇق. يول باشلىغۇچى ئالدىمىزدا كېتىۋېتىپ، پات - پات:

— پەخەس بولۇڭلار، ئېقىۋاتقان قۇم قېلىن ئەمەس. لېكىنزە، ئازراق بىخەستەلىك قىلساق، كۆزيۇمۇپ - ئاچقىچە كۆمۈلۈپ قالىمىز، — دەپ ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇمايتتى. چىك.

لۆمبۈلدەپ ئېقىۋاتقان كۆلرەك دەريا راستىنلا ئوشۇقىمىزغا كەلمەيتتى. لېكىن ئۇ، قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن كىشىنى ئۆزىگە تارتاتتى. مۇز ئۇستىدە مېڭىۋاتقاندەك، پات- پات يېيىلىپ يىقىلاتتۇق. ئەگەر دەرھال قەددىمىزنى رۇسلاپ ئورنىمىزدىن تۇرۇۋالمىساق، چىك، قۇم ئۇستىدە قۇرۇق يوپۇرماقتەك لەيلەپ ئاياغ تەرەپكە سوزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى سەزمەي قالاتتۇق.

مۇشۇ تەرىقىدە، بارغانسېرى غالجىرلىشىۋاتقان قۇم، قۇم كەلكۈنىنى بىر قەدەم- بىرقەدەمدىن كېچىپ ئۆتۈپ، چىك، مىڭ تەسلىكتە نېرىقى قىرغاققا چىقىۋالدۇق.

بىراق، قىرغاققا پۇتىمىزنى قويۇشىمىز بىلەن تەڭ، ئاسماننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ئۇستىمىزدىن دەھشەتلىك قۇم بورىنى بېسىپ كەلدى. چېلەكلەپ قۇيۇلغاندەك

مەن كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، يول باشلىغۇچىغا قارىدىم.

يول باشلىغۇچى ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق، قاچىغۇ كۆز، ساقاللىق ئادەم ئىدى. بىز ئۇنى ھۆرمەتلەپ بەزىدە «ئاتا»، بەزىدە «ئاقساقال» دەپ ئاتايتتۇق. ئۇ، پېشقەدەم پروفېسسوردىن باشقا ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى، لېكىن، يول باشلاشتا ئۆزىنى بىر يەرنىڭ ھېچكىمنىڭ دەخلى - تەرۇزىگە ئۇچراتمايدىغان خوجايىنىدەك تۇتۇپ، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەپ، باشقىلارغا زادىلا قۇلاق سالمايتتى؛ قارارىدىن يانمايتتى، ئاچچىقى كېلىپ قالسا، بېشىدىكى يوڭلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان سالۋا تۇمىقىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ھەدەپ مىجىقلاۋېرىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

مانا ھازىرمۇ، چېك،ئۇ ئالدىدىكى دەرياغا قاراپ، تۇمىقىنى مىجىقلاشقا كىرىشتى، رەڭگى - روھى ئۆچكەن ھالدا بېشىنى تەۋرەتتى:

— نېمە تۇرغۇلۇقكەن ماڭلى، پېشكەلچىلىك. قۇم ئېقىۋېتىپتۇ، بۇ دېگەن ئالاھىزەل بورانىنىڭ شەپىسى، ئەستا، ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان! يەنە بەردەمدىن كېيىن دەريانى ئەمەس، تۇپان بالاسىنى كۆرىسىزا... دەريا! دەريا! نەدىكى دەريا؟... بۇ، قۇم دەرياسى يەنە بىردەمدىن كېيىن يەردە ئەمەس، ئۈستىمىزدە ئاقىدۇ! — دېدى.

پېشقەدەم پروفېسسور ئالقىنىنى كۆزىنىڭ ئۈستىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتىۋاتاتتى.

چۈشۈۋاتقان قۇم يامغۇرى يەلكىمىزنى بېسىپ ۆكچەيتتى، كۆزنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن، چىك.

قورقۇنچلۇق بىر ۋەھىمە ئەتراپنى ئارىلاپ يۈرگەندەك، يۈرەكلىرىمىز تىترەپ، چۈشىنىكسىز بىر ئەنسىزلىك ھەممىمىزنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. پېشقەدەم پروفېسسورنىڭ تەكلىپى بويىچە ھەممىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ بىلەكلىرىنى چىڭ قاماللاپ گىرە- لىشىۋالدۇق. ئەمما، چىك، يول باشلىغۇچىنى بۇ چارىنى ماقۇل تاپمىدى بولغاي. جاۋغايلىرىغا چاپلىشىپ قالغان قۇمنى تىلى بىلەن يالماپ تۈكۈرۈۋېتىپ، يېنىدىن بىر يۇڭ تانا چىقاردى. ھەممىمىزنىڭ بېلىدىن چېتىپ باغلاپ، بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتتى. ئاندىن:

— ئاللانىڭ دەرگاھىغا ۋاقىتسىز كەتمەيلى دېسەڭ- لار، — دېدى بار ئاۋازى بىلەن خىرقىراپ، — ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، پۇتۇڭلار بىر ئىزدا توختىمىسۇن! مىدىر- لاڭلار، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىڭلار!...

بىز ھېچنېمىنى كۆرمەي، مۇدۇرۇشكىنىمىزچە يول باشلىغۇچىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمىز. يول باشلىغۇچىمىز بولسا، پات - پات تانىسىنى تارتىپ - تارتىپ قويۇپ، نېمىندۇر دەپ غۇدۇرايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نېمە دەۋات- قانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى، چىك. بىراق، ھەممىمىز ئۇنىڭ «مىدىرلاڭلار، پۇتۇڭلار بىر ئىزدا توختىمىسۇن» دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتۇق.



قۇتۇلدۇرماقچى بولغانلىقى ئېنىق!...

بىراق، ئاسمانى قىبلىنى قوۋم پەردىسى بىلەن قاپلىغانلىقتىن، بىزنىڭ ئۇنى، ئۇنىڭ بىزنى كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋارقىراش، ئوق ئېتىپ بەلگە بېرىش، چاپانلىرىمىزنى سىلىپ بېشىمىز ئۈستىدە پىرقىرىتىشلاردىن ھېچنېمە چىقمىدى. بۇلارنىڭ شۇتاپتا بەھۇدە ھەرىكەت ئىكەنلىكى ئۆزىمىزگىمۇ مەلۇم، ئايروپىلان بېشىمىز ئۈستىدە ئۇزاق غوڭۇلداپ ئايلانغاندىن كېيىن، قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. بىز لەسسىدە بولۇپ قالدۇق. يول باشلىغۇچى تاھىرنى سىلكىپ:

— مېڭىڭلار، بىر ئىزدا تۇرماڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

پېشقەدەم پروفېسسور يول باشلىغۇچىنىڭ قولىقىغا ئاغزىنى يېقىپ تۇرۇپ:

— ئاغا، بىز نەگە كېتىۋاتىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ ۋە ئاتنى تارتىپ تارتىپ قويدى. — گەپ قىلماڭلار، پۇتۇڭلار بىر جايىدا توختىمىسۇن، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىڭلار...

بىز مېڭىۋاتىمىز، چىك. توختاشنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىمىزگە مەلۇم. لېكىن، بىز زادى نەگە كېتىۋاتىمىز، قانچىلىك يول باستۇق، ھازىر كېچىمۇ - كۈندۈزمۇ؟ ئېنىق ئەمەس. بىر كەمدە بوران ئازراق بېسىلغاندەك قىلدى، شۇنداقتىمۇ، كۆزنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس

ۋۇجۇدۇمنى ھارغىنلىق، يېڭىش تەس بولغان تولىمۇ شىرىن ئۇيقۇ قامالىۋالدى. پات - پات بېشىمنى سىلكىپ ئۆزۈمنى سەگەك تۇتماقچى بولىمەن. شۇچاغدا، خىيالىمغا ئالدىنقى كۈنى كەچتە پېشقەدەم پروفېسسورنىڭ يۇمشاق قۇم ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىپ، زوق بىلەن سۆزلەپ بەرگەن بىر ھېكايىسى كېلىپ قالدى. «روبىنزۇن كىروزۇ».

پېشقەدەم پروفېسسور روبىنزۇن كىروزۇغا قايىل ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە سۆزلىگەندە، بولۇپمۇ، چىك، روبىنزونىڭ «ئىشقا بەنت بولۇش — ھاياتلىق دېمەكتۇر، ھورۇنلۇق — ماماتلىق دېمەكتۇر، قاتىللاگچىلىق — شادلىق دېمەكتۇر، بىكارلاغايلاش — چۈشكۈنلۈك، روھسىزلىق دېمەكتۇر» دېگەن سۆزىنى ھاياجان بىلەن قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. كۆ ئالدىمغا ئادەمسىز يالغۇز ئارالدا، چىك، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ۋە ئۈمىد بىلەن ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقتىنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ ئادەم — روبىنزۇ كىروزۇكەلدى. ئۆزۈمنى بىپايان قۇم دېڭىزىدا تېنەپ يۈرگە روبىنزۇن كىروزۇدەك ھېس قىلىپ، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدىم

دەل مۇشۇ پەيتتە، بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا يەر - جاھاننى تىترىتىپ گۈركىرىگەن بىر سادا ئاڭلاندى.

مەن بۇ سادانى دەسلەپ قۇم بورىنىنىڭ ھەيۋىسىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، چىك. كېيىن ھەممىمىز كۆزىمىزنى قىلىشىۋاتقان قۇمغا پەرۋا قىلماي، جۈرئەت قىلىپ ئاسمانغا تەمشەلدۇق. ئايروپىلان !... ئوھو ... ئايروپىلان كەپتۇ...! ئۇنىڭ بىزنى ئىزدەۋاتقانلىقى، بىزنى

مەن شۇچاغدىلا، چىلەك، راسا چارچاپ بىر كېچە
ۇل مېڭىپ قۇم ئاقار دەريا قىرغىقىدىن 50 قەدەممۇ
ىرى كەتمىگەنلىكىمىزنى، «مەككار» يول باشلىغۇچىنىڭ
ىزنى پۈتۈن بىر كېچە بىر دائىرىنى ئايلاندۇرۇپ چۆر-
ىلتىۋەرگەنلىكىنى سەزدىم.

قارىغاندا، يول باشلىغۇچى ئۇخلىمىغان ئوخشايدۇ،
ەتراپىمىزنى ئۇنىڭ يۇمشاق تېرە چورۇق كىيگەن
ۇتلىرىنىڭ سان - ساناقسىز ئىزلىرى يۆگەپ تۇراتتى،
چىك.

مەن كىيىملىرىمنى قېقىشتۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇۋې-
ىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم:

— ئاتا، بۈگۈن كېچە راسا يول مېڭىپتىمىز - دە!

— مېڭىپ! نەگە مېڭىپ؟ — ئۇ، ئىككى ئالقىنىنى
كۆزىنىڭ ئۈستىگە سايىۋەن قىلىپ يىراق ئۇپۇققا،
ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان نامەلۇم نىشانغا سەپ-
ېلىپ خىرقىرىدى،— مېڭىش، نەدىكى مېڭىش بولسۇن!
مۇنداق زۇلمەت قاراڭغۇسىدا ئېزىتقۇ بورانغا ئەگىشىپ
تەۋەككۈل قىلىش كالىسى قوچۇلۇپ قالغان ئادەمنىڭ
ئىشى! مۇنداق قۇم بورىنىدا ھېلىغۇ چۆل، ئىشىكى
ئوچۇق ئۆيگىمۇ تەۋەككۈل قىلىپ كىرگىلى بولمايدۇ.
قۇم يالماپ يۇتۇۋەتسە قانداق قىلىسەن؟... ئەمما
مىدىرلىماق لازىم، قۇم كەلكۈنى شۇنداق نەرسىكى،
مىدىرلىمىساڭلار، تېگى يوق سازلىققا پېتىپ قالغاندەك،
قان چىقارماي جان ئالىدۇ، توگەشكىنىڭ شۇ...

يول باشلىغۇچى شۇ گەپنى دەۋېتىپ بىردىنلا:

ئىدى. راستىنى دېسەم، شۇ مىنۇتلاردا ئۆزۈمنى باشقۇ-
رالمايلا قالدىم. قۇمغا يانپاشلىنىپ قانداق ئۇخلاپ قال-
غانلىقىمنى بىلمەيمەن، چېك. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەن-
لىكىمۇ ماڭا نامەلۇم. بىر كەمدە كىمنىڭدۇر:
— بولدى ئەمدى ئەپەندىملەر، ئۇخلاۋەرمەڭلار،—
دېگەن بوغۇق ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى.
ئاچچىق قۇم بىلەن چىڭقالغان كۆزلىرىمنى تەستە
ئاچتىم. ئالدىمدا ساقاللىق يول باشلىغۇچى ئۆرە تۇراتتى،
چېك. پۈتكۈل جاھان گويا ئەينەك سۇنۇقلىرى چېچىۋەت-
كەندەك چىمىرلاپ كۆزۈمنى قاماشتۇردى. ئايھاي!...
تۇپان بالاسى جىمىپ، ھاۋا ئېچىلىپ كېتىپ
تۇ!...
ئاسمان سۈپسۈزۈك، قۇياش يالتىراپ نۇر
سەپمەكتە. يېنىمدا پېشقەدەم پروفېسسور، ئۇنىڭ ئىككى
تەرىپىدە يەنە ئىككى خىزمەتدىشىمىز، ئۇلارمۇ ماڭا
ئوخشاش بېلىگىچە قۇمغا كۆمۈلگەن ھالدا يېتىپ تېخىچە
سەھەردىكى «خان ئۇيقۇسى» نىڭ كەيپىنى سۈرمەكتە
ئىدى، چېك.
مەن بوينۇمنى سوزۇپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم ۋە
بىردىنلا بىزنىڭ ئارقا تەرىپىمىزدىن تونۇگۈن كۆرگەن
كۆلرەك دەريانى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ شۇتاپتا ئۇيۇپ
قالغان قوغۇشۇندەك، سۇرلۇك بىر تەرزدە تىپتىنچ
سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىز تونۇگۈن سىرىلىپ چۈشكەن
دۆڭمۇ «دەريا» نىڭ ئۇ قېتىدا مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ
تۇراتتى، چېك.

— قېنى ئەمسە، تىمەنىرەك بولۇڭلار، كەتتۇق.
— جاھان ئاتەشكە ئايلانغىچە بۇ كەربالا دەش- يەر - تىدىن چىقىۋېلىشىمىز كېرەك! — يول باشلىغۇچى بۇ كەمگىچە ئاڭلاپ باقمىغان بۇيرۇق ئاھاڭىدا خىتاب قىلدى.

بىز ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق. يېرىم كېچىدىن بۇيان راھەتلىنىپ ئۇخلىغانلىقىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلبىمىزدە قاندىقتۇر ئۈمىد مەشئىلى يانغانلىقى ئۈچۈن، قەدەملىرى- مىز خېلى تېتىك ئىدى. يول باشلىغۇچى بولسا ئۆز نىشانىدىن كۆز ئۈزمەي ئالدىمىزدا ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتاتتى. خېلى بىردەمدىن كېيىن، چىك:

— ئادەم... كۆرۈۋاتامسىلەر، ئۇمۇ بىزگە قاراۋا- تىدۇ، — دېدى.

— ئادەم ؟...

ئۇنىڭ «ئادەم» دېگىنى يىراق قۇرغاق چۆل باغرىدا كۆزگە تەستە ئىلىنىشىپ تۇرغان بىرتال قارا چېكىت ئىدى. لېكىن «ئادەم» دېگەن بۇ سۆز بىزگە ئۈمىد - جاسارەت بەخش ئەتتى. «ئادەم» بىلەن دىدارلىشىش ئىستىكى قەدەملىرىمىزنى قاناتلاندۇرۇۋەتتى: بىر پەستىن كېيىن چىك، بۇ قارا چېكىت ئاستا - ئاستا چوڭىيىپ، چۆل قېتىدىن ئۈنۈپ چىققانىدەك، راستلا بىر يىگانە ئادەمگە ئايلاندى، چىك.

مەن ئۇنىڭ ئېگىز بوي، قارا چاچ ئادەم ئىكەن- لىكىنى، ئۈستىدە چاقماق يوللۇق كالتە يەك كۆڭلەك بارلىقىنى، ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغانلىقىنى ئېنىق

— توختاڭ، توختىڭا... كۆرۈۋاتامسىز؟ ... ئوھو ... ئادەم! ياپەرۋەردىگارىم، قارىڭا، بۇ ئېنىقلا ئادەمغۇ! ... — دېدى.

## 5. ئادەم

«ئادەم»

«ئادەم» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم ئىختىيارسىز تېپچەكلەپ كەتتى. تەخمىنەن بىر ئايدىن بۇيان چەكسىز قۇم ئالىمىدە، چىك، ئۆزىمىزدىن باشقا ئادىمىزاتنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن «ئادەم» نى كۆرۈش تەقەززاسى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى يېقىملىق تۇيغۇلار بىلەن تولدۇردى. ئالمان - تالمان يول باشلىغۇچىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بوينۇمنى سوزۇپ، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم، چىك. لېكىن ئۇ يەردە ھېچنېمە، ھەتتا بىر تال گىياھمۇ كۆرۈنمەيتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، مەن قۇم ئۈستىدە خۇشال تېپىرلاپ:

— يولداشلار، ئادەم! تۇرۇڭلار، ئادەم كۆرۈنۈۋاتىدۇ! — دەپ سۈرەن سېلىپ، شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ھەمراھلىرىمغا خوش خەۋەر يەتكۈزدۈم.

ھەمراھلىرىم ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يول باشلىغۇچى كۆرسەتكەن تەرەپكە ئىنتىزارلىق ھېسسىياتى بىلەن قاراشتى. لېكىن ھېچكىم بىرەر نەرسە كۆردۇق دەپ زۇۋان سۈرۈشمىدى، چىك.

نىڭ تۆتقىنىچە ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. لېكىن، ئۆتكۈر ۋە ھەممە نەرسىگە جىددىي قارايدىغان يۇملاق كۆزلىرى گويا بىزنىڭ كىملىكىمىز توغرىسىدا ئۆزىچە خۇلاسە چىـ قىرىۋاتقاندەك، ھەر بىرىمىزگە ئىنچىكىلەپ سەپسالماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئاق چاچلىق پروفېسسورغا يېنىپ - يېـ نىپ قارايتتى، تەكشۈرەتتى. ئۇنى كۆز قىرىدا دەڭسەپ كۆرۈۋاتقاندەك ئىدي. لېكىن، قىزغۇچ كالپۇكلىرى مىـ دىرلاپ تۇرسىمۇ، گەپ قىلمايتتى.

بىز گويا سوراققا تارتىلىۋاتقان ئەيىبكاردەك، بېشـ مىزنى سىلىپ ئۇنىڭدىن زۇۋان چىقىشىنى كۈتۈپ جىم تۇرۇۋەردۇق. چىك، بىر كەمدىن كېيىن، نېپىز كۆن تاسما بىلەن مۈرىسىگە ئېسىلغان ياكلاشكىسىنى يانپىشـ دىن ئالدى تەرەپكە سۈرۈپ قويۇپ سورىدى.

— نېمە ئادەمسىلەر؟

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق.

— ھەببەللى، تىلىڭ بار ئىكەنغۇ ئۇكام،— يول باشلىغۇچى سالۋار تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ رازىمەنلىك بىلەن جاۋاب بەردى،— نېمە ئادەم بولاتتۇق دەيسەن. تەكشۈرگۈچى - دە! چوڭ قۇملۇقنى تەكشۈرىمىز، تەكلىـ ماكاننى!...

— نېمە، تەكلىماكاننى؟... تەكشۈرۈپ نېمە قىلماقـ چى، سىلەر زادى كىم؟...

— گەپ شۇ ئەمەسمۇ،— دېدى يول باشلىغۇچى ۋە قۇرۇغان تىلى بىلەن چاڭگىلاشقان بۇرۇتلىرىنى يالاپ قويـ دى،— كىملىكىنى ئۆزلىرى دېسۇن، لېكىن مەن كۆرگە

كۆردۈم، چىك.

— ئاھ... ئادەم!...

بىز ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ سىلكىپ - سىلكىپ كۆرۈشۈش، دىدارلىشىش ۋە ئۇنى باغرىمىزغا بېسىپ قۇچاقلاپ سۆيۈش ئارزۇسى بىلەن ئىختىيارسىز ئالغا قاراپ قوم كېچىپ يۈگۈردۇق، بىچىك. مانا ئۇنىڭغا ئون قەدەم، بەش قەدەملا قالدى.

بىراق، ئۇ بىزنى كۆرۈپ سىدىرلاپمۇ قويمىدى. تۇرقىدىن بىزنى قارشى ئالىدىغاندەك كۆرۈنمەيتتى. چىك. ئەكسىچە، قوشۇمىسىنى سەل - پەل تۈرۈۋېلىپ، خۇددى بىزدىن بىرەر ئەيىب تاپماقچى بولغاندەك، ھەر بىرىمىزگە سىنچىلاپ قارىماقتا ئىدى. يول باشلىغۇچىمىزنىڭ:

— ئۆزلىرى بۇ يەردىكەنلا، بىز بولساق، بۇ كىشىلەر بىلەن...، — دېگەن سۆزىنى نەزەر-گۆزىرىگىمۇ ئالمىدى.

«نېمە دېگەن تەكەببۇر ئادەم! — ئىچىمدە ئويلىدىم مەن، — ئۇنىڭ ئىنسانىي ھېسسىياتى قېنى؟ ئۆزىنى بۇ بىپايان چۆلنىڭ يىگانە خوجايىنى چاغلامدىكىنا! بىزنىڭ نېمە كۈنلەرنى بېشىمىزدىن كەچۈرگەنلىكىمىزنى، ئادىمىيزاتنى قانداق سېغىنغانلىقىمىزنى بىلسە كاشكى! ياكى بىزنى چۆل قاراقچىلىرى (پاناھسىز قاچقۇنلار) دەپ ئويلاۋاتامدىغاندۇ، خۇددى بۇتتەك، بىر ئېغىز گېپىمۇ ئاياۋاتقىنىنى قارىمامدىغان!...»

مەن بىتاقەت بولۇپ ئاخىر ئېغىز ئاچتىم:

— يولداش...، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ، — سىز... چىك...

ئۇ باياتقىدەكلا مەغرۇر ئىدى. كېلىشكەن قەددىنى

پاكلاشكەندىكى سۆنى بەشىمىز ھايت - ھۆيت دې-
چە ئىچىپ تۆگىتىۋەتتۇق. يول باشلىغۇچىمىز جاۋغىي-
تىلى بىلەن ياللاپ تۇرۇپ، چىك، ئۇنىڭدىن سورىدى:
— ئۇكام، ئۆزلىرى كىم بولىلا، نەدىن سورايمىز؟
— قېنى، ماڭا يىلى، بۇ ھەقتە كېيىن سۆزلىشەيلى، —
دېدى ئۇ، — ئەمدىكى يولنى مەن باشلاي، مېڭىڭلار.
پروفېسسور ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغان ئىدى. ئۇ ماڭا
قاراپ ئىنگلىز تىلىدا:
— ئالىمجان، سىز ئۇۋاتامسىز، ھاياتلىق قىرغىقىغا
يېتىپ كەلگەن بولساق ئەجەب ئەمەس، — دېدى.
بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خېلى ئۇزۇنغىچە تىمتاس
مېڭىشتۇق. پېشقەدەم پروفېسسور ئۇنىڭ تەلپىگە ئاساسەن،
بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتىنى، نەتىجىلى-
رىنى سۆزلەپ بەردى. مەن، چىك، ئۇنىڭ بۇ بېگىلىقتىن
ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. بىر ئازدىن كېيىن
ئۇ، پېشقەدەم پروفېسسورنى قولتۇقلىۋالدى. بىز بىر ساي،
ئىككى قۆم دۆڭىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بېلىق دۈمبىسىدەك
بىر قۆم بارخاننىڭ ئۈستىگە چىقتۇق، ئالدىمىزدا گويا
غايىپتىن پەيدا بولغاندەك، تۇيۇقسىز كەڭرى بىر ئېكىن-
زارلىق چىراي ئاچتى. چىك.
ئۇ، بۇ ئېكىنزارلىققا قاراپ، شائىرانە بىر ھېسسى-
يات بىلەن مۇنداق دېدى:
— قاراڭلار، چوڭ قۇملۇقتىكى پاش باھار!... ئىشەن-
مەيسىلەر، بىزمۇ تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلىۋاتىمىز. بۇ
قەدىمكى ماكاننى ئاخىر ئاچىمىز! گۈل- گۈلىستان بولىدۇ،

ىسمىنى دەيمەن. بۇ ئەپەندىلەر قىزىق. تەكشۈرىدىكەن، تەكشۈرمەيدىغىنى يوقكەن. ھەتتا، قۇمنىڭ كۆچۈشىنى، ئېقىشىنى، شامال - بورىنىنى، ئاسمىنى بىلەن تېگىنىمۇ تەكشۈرىدىكەن، يازىدىكەن، تالىشىدىكەن، تالاي دەپتەرنى توشتۇرىدى. ھەممىسىلا شۇ گەپ...

مەن بۇ گەپنىڭ قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەك ئۈچۈن، چىك، ئېتتىك ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدىم، ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى يەنىلا پېشقەدەم پروفېسسوردا ئىدى. پروفېسسورنىڭ قۇم تىقىلىپ قىزىرىغان كۆزلىرىگە، قۇرۇپ گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا، قۇم ئاستىدىن ئېچىۋالغاندەك تاتارغان يۈزلىرىگە ۋە سەل پۈكۈلگەن قەددى - قامىتىگە، چىك، ئاجايىپ ھەۋەس بىلەن قارىماقتا ئىدى.

مەن بۇ قاراشتا قانداقتۇر رازىمەنلىك، ھۆرمەتتەك بىر نەرسىنىڭ غىل - پال جىلۋىلەنگەنلىكىنى بايقىدىم - دە، چىك، ئۇنىڭغا بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈۋاتقان ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بىر تارماق گۇرۇپپىسى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتماقچى بولۇپ ئاغزىمنى ئەمدىلا ئۆمەللىۋېدىم، ئۇ تۇنجى قېتىم ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى - دە، گويا پېشقەدەم پروفېسسورنىمۇ چۈشەنسۇن دېگەندەك قىلىپ، ساپ خەنزۇ تىلىدا:

— بولدى، بولدى. چۈشەندۇرۇپ ئاۋارە بولماڭ، جاپا چېكىپسىلەر، جاپا چەككەنلىكىڭلار، تېنەپ قالغانلىقىڭلار كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، قېنى سۇ ئىچىڭلار، - دەپ، باكلاشكىنى ئاق چاچلىق پروفېسسورغا سۇندى.

ەپىگە يۈگۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئادەملەرنى - بىزنى كۆر-
ەنلىكىدىن خۇشال بولغانلىقى ئېنىق.
شۇ ئاردا كەيىدىن ئاپئاق ساقاللىق بىر مويسى-
ت كىشى چىقىپ كەلدى. نېمە دېگەن كېلىشكەن ئادەم!
ەبىئەت ئۇنىڭغا ھېچ ئايىماي تولۇق ئىككى كىشىلىك
ەددى - قامەتنى، مۇستەھكەم ئۇستىخان تەقدىم قىلغان
ىكەن. بىز بوۋايغا ھەۋەس قىلىپ بىر - بىرىمىزگە
قاراشتۇق. شۇ چاغدا، كەيىدىن يەنە بىر مۇنچە ئەر -
ئايال كىشىلەر چىقىپ كەلدى. ئۇلارمۇ بېجىرىم، قەددى-
قامەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چاڭگا ساقاللىق،
مەيدىسىنى تۈك قاپلىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرمۇ، بۇرۇتى
ئەمدىلا خەت تارتقان ياش يىگىتلەرمۇ، بېشىغا ئاق
لېچەك سالغان، چېكىسىگە كىچىككىنە ئۆرە تۇماق كىيىۋال-
غان خوتۇنلارمۇ، بەستى تولۇق، يۈزلىرى ئاق سۈزۈك،
بىلەكلىرى توم چوكانلارمۇ بار ئىدى.
ئاق ساقاللىق مويسىپىت بىزگە نېرى - بېرى قارى-
دى - دە، قانداقتۇر قىزغىن بىر ھېسداشلىق بىلەن ئىككى
قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، گۇس - گۇس دەسسەپ بىز تە-
رەپكە ماڭدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بالىلىرىم، قۇم كېزىپ بۇ
يەرگە كەلمەك ئاسان ئەمەس، بەلەن مېھمان ئىكەن-
لىكىڭلار كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، رىسىق - نېسىۋەڭلار تارتقان
چېغى، كەپىگە — ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭلار.
بىز بوۋايغا ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدا سەپ تارتىپ تۇر-
غان ئەر - ئاياللارغا ئادەت بويىچە قول باغلاپ ھۆر-

قاراڭلار، قايتا ياشارغان چۆل ۋە ھاياتلىق!...

## 6. ئايدىڭ كېچىدىكى شېرىن پاراڭ

ئالىمجان سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەن بى
تاقەت بولۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدىم:

— ئېيتىڭا، ئالىمجان، شۇنداق قىلىپ بايىقى ئادە
كىم بولۇپ چىقتى ئاخىرى؟

— ھاكىم...

— نېمە!... ھاكىم دەمسىز؟

— شۇنداق، چىك.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، چۆلدىمۇ ھاكىم بولامدۇ؟ـ
مەن ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتامدىكىن دەپ ئويلىدىم.

— شۇنداق، چىك، — دېدى ئۇ، كۈلۈپ، — مېنىڭ
گېپىمدە چاقچاق يوق، ئۇ راستتىنلا مۇشۇ ناھىيىنىڭ ھاكى
مى بولۇپ چىقتى دەڭا، چىك!

مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي قاراپلا قالدىم.

— شۇ كۈنى، چىك، — دەپ داۋاملاشتۇردى ئالىم
جان ھېكايىسىنى، — ئۇ بىزنى باشلاپ قۇم بارخانلىرى
ئارىسىدىن كەڭرى ئېكىنزارلىققا، يېڭى مەھەللىگە ئېلى
چىقتى. قونا قلىقلار، كېۋەزلىكلەر، قوغۇن - تاۋۇز ۋە ئوتياش
لىقلارنى ئارىلاپ ماڭدۇق. ئالدىمىزدا شاخ - شۇمبا
كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئىككى ئۆي، جا باغلانغا
قۇدۇق كۆرۈندى، چىك. قۇدۇق ئەتراپىدا ئويناپ يۈر
گەن بىر مۇنچە كىچىك بالىلار بىزنى كۆرۈپ چۇرقىرىشى

لاشقىنىغا ئارىلا ئىككى يىل بولغان، چىك. كۆڭلىدە
شۇ يىلى كۈزدە «10 مىڭ» جىڭلىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنى
نىيەت قىلغان. مانا، چىك، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ
كەتتى، ئىسمى - جىسمىغا لايىق كەسپىي ئائىلە بولۇپ
قالدى.

مەن يەنە بىتاقەت بولۇپ سورىدىم:

— شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئاخىرى نې-
مە بولدى ئەمدى؟

— نېمە بولىتتى، ئالدىرىماڭ،— دېدى ئالىمجان،—
ئاجايىپ ئىش، چىك، ھېكايىنىڭ ئىچىدىن ھېكايە چىقتى،
نوتا سوراپ شاخ چىقتى. راست گەپنى ئېيتسام، بۇ ۋەقەنى
سۆزلەپ بېرىشكە ئۆزۈممۇ بەك ئامراق. سىز ئاخىرغىچە
ئاڭلاشنى خالىسىڭىز، مەن ئۆز ئىچىمدىن ھېچنېمىنى قوش-
ماي ئەينەن دەپ بېرىشكە ۋەدە بېرىمەن، ناۋادا، چىك،
سىزمۇ بىرەر نەرسە يېزىپ قالسىڭىز ھېچنېمىنى قوشماس-
لىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ۋەدە بېرەمسىز؟

بىز كېلىشتۇق، ئالىمجان ھېچنېمىنى چۈشۈرۈپ قوي-
ماسلىققا، مەن ھېچنېمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە ۋەدىلەشتۇق.

— مەن،— دەپ باشلىدى ئالىمجان ھېكايىسىنى،—
روزىمەت تاغىنىڭ كەپىسىدە مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ، بۇ
ئائىلىدە ئۆز كىچىدەك بىر تەرتىپ ھۆكۈم سۈرىدىغانلىقىنى،
بوۋاينىڭ سۆز- ھەرىكىتى مۇتلەق دەخلىسىز ئىكەنلىكىنى
بايقىدىم، چىك. بوۋاينىڭ ئوغۇل - كېلىنلىرىدىن تارتىپ،
نەۋرىلىرىگىچە ھەممەيلەن يۈكۈنۈپ، ئىككى قولىنى خۇددى
نامازدا ئولتۇرغاندەك ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،

ﻪت بىلدۇرۇپ، بېشىمىزنى ئېگىپ سالام بەردۇق، چىك
بوۋاي بىزنى چوڭ ئاپىۋانغا باشلىدى. يىگىتلە
يۈز-كۆزىمىزنى يۇيۇشقا سۇ بەردى، چوكانلار ئالدىمىز
داستىخان سېلىپ، مەزە قويۇپ، قوغۇن-تاۋۇزلار بىلەن
مېھمان قىلدى. چىك، بىز ئۇلارنىڭ قىزغىن، تۈزۈت-تە
كەللۇپسىز پاراڭلىرىدىن بايا بىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەل
گەن كىشىنىڭ مۇشۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئىكەنلىكىنى، تۈنۈ
گۈن كېچە مۇشۇ ئۆيدە بوۋاي بىلەن مۇڭدىشىپ يېتىپ
تۈنىگەنلىكىنى، بۈگۈن تاڭ سەھەردە ئەتراپنى كۆزدىن كۆچۈرۈ
ۋېتىپ، بىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى بىلدۇق. چىك
داستىخان ئۈستىدە مەتنۇر ھاكىم:
— قېنى، ئۆز ئارا تونۇشۇپ قويۇڭلار، بۇ كىشى
روزىمەت تاغا بولىدۇ،— دەپ بىزگە ئاپئاق ساقاللىق
كىشىنى كۆرسەتتى.
«روزىمەت تاغا؟!...بەللى، تونۇشلا ئىسمىغۇ بۇ؟!...»
مەن تېگىرقاش ئىچىدە ئالىمجاننىڭ ھېكايىسىنى بۆلۈپ
سورىدىم:
— توختىڭا، ئالىمجان، نېمە، روزىمەت تاغا دەمـ
سىزا؟ قايسى روزىمەت تاغا، ھېلىقى گېزىتتە نامى چىقـ
قان مەشھۇر «100 مىڭ جىڭچى» شۇ ئەمەستۇ؟
ئالىمجان بېشىنى ئىرغىتىپ ماقۇللىدى:
— مانا، چىك، سىزمۇ بىلىدىكەنسىز، سىز ئۇنى
گېزىتتىن كۆرۈپسىز، بىز بولساق، چىك، ئۇنى ھەر يىلى
بىر-ئىككى قېتىم كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ يوقلاپ تۇرۇ
ۋاتىمىز. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ چاغلاردا روزىمەت تاغا
تېخى «100 مىڭ جىڭچى» ئەمەستى. قۇملۇققا كېلىپ ئورۇنـ

ۋېلىپ، داستىخاندىن سۇغۇرۇلۇپ قوپتى دە، ئالدىراپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ ئىشىكتىن چىقىپ، قۇدۇق بېشىغا يېتىپ بېرىشىغا قىزمۇ يېتىپ كەلدى ۋە ئاتتىن چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چۈشۈپلا، يىگىتتىن ئالدىراپ نېمىندۇر سورىدى.

كۆتۈلمىگەندە، يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. قىز ئاتنىڭ تىزگىننى سىلكىپ، تېرىككەندەك قاش - كۆزىنى سۈزۈپ يەنە نېمىندۇر دېدى، يىگىت ھامان كۈلەتتى، كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ تەڭلا قوشۇلۇپ كۈلگەن ئاۋازىدىن قۇدۇق ئەتراپىدىكى قۇشقاچلارنىڭ پۇرردە ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم.

روزنەمەت تاغا كېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى:

— ياش باللار - دە، بۇ قىزنىڭ ئىسمى تۇنسايىم، ئۆزبالا . دادىسى ئاۋۇت ئاخۇن مەن بىلەن ئۇزاق زامانلار- دىن بۇيان قەدىناس بۇرادەر، چۆگىلەپ كېلىپ بۇ يەر- دە قوشنا بولۇپ قالدۇق...

«نېمە، تۇنسايىم! قايسى تۇنسايىم؟ يەنە بىر تو- نۇشلا ئىسىم چىقىپ قالدىغۇ!...» — مەن ئەجەبلىنىپ، ئالىمجاننىڭ ھېكايىسىنى بۆلدۈم:

— توختاڭ، توختىڭا، ئالىمجان ،تۇنسايىم دېدىڭىز- ما؟ ئەجەب ئىش. ھەقىچان بۇ قىزنىڭ مەتسايىت ئىسمى- لىك كۆيۈۋىسىمۇ باردۇر تېخى!

ئالىمجان مەن بىلەن سەپەرداش بولغاندىن بېرى، ھېچقاچان شۇ تاپتىكىدەك بىرەر نەرسىگە ھەيران بول- غان ئەمەس:

ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. بوۋاينىڭ سۆزلىرىگە «خوپ»، «شۇنداق» دېگەندىن باشقا جاۋاب قايتۇرمايتتى. روزى مەت تاغا ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرغاندا، ھەر بىر ئوغۇل دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئاۋۋال بوۋايغا، ئارقىدىن بىزگ قاراپ:

— ھارمىغايلا، خىزمەت - خىزمەت...، — دېيىشەتتى چىك.

پېشقەدەم پروفېسسور بىزنى روزىمەت تاغىغا تونۇش تۇرۇۋاتقاندا، داستىخان چۆرىسىدىكىلەر بىردىن بويۇنلىرى نى سوزۇشۇپ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىك تەرەپكە قارىشىپ قالدى. مەن ئىختىيارسىز ئىشىك تەرەپكە قارىدىم - دە، ئېكىنزارلىقنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قۇملۇق ئىچىدىن ئاق بوز ئاتقا مىنگەن بىر قىزنىڭ بىز تەرەپكە قاراپ بو راندەك چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. قىزنىڭ پېشانى سىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان سېكىلىكى، مۈرىسىدىكى چۇچىلىق غىجىم رومىلى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىك.

روزىمەت تاغا ئاق بوز ئاتلىق قىزغا كۆزىنىڭ قى رى بىلەن مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، نېمىشىدۇر ئويلاندى - دە، مېنىڭ يېنىمدا يۆكىنىپ ئەدەب ساقلاپ ئولتۇرغان، بۇرۇتى ئەمدىلاتىن خەت تارتقان 20 ياشلاردىكى بىر يىگىتكە قاراپ:

— ھىم...قېنى، ئوغلۇم چىقىپ باققىنا، بۇ قىز بۇ تەرەپلەرگە ئاسانلىقچە كەلمەيدىغانغۇ؟— دېدى.

يىگىت سەل ئوڭايسىزلانغاندەك، ئەتراپقا بىر قار

قۇم دۆڭى كۆرۈندى. يامىشىپ ئەمدىلا ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقاي دەپ تۇرغىنىمدا، دۆڭنىڭ كەينىدىكى تەكشى يېيىلىپ ياتقان قۇملۇق ئىچىدىن گويا رىۋايەتلەردىكىدەك تولىمۇ گۈزەل بىر قىز ئاستا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى. قىزنىڭ مۈرىسىدىكى ئاق شايى رومال خۇددى پەرۋاز قىلىپ ئۇچقان تۇرنىنىڭ قاناتلىرىدەك ئىككى مۈرىسىدە كۆپۈپ لەپىلدەيتتى، چىك. شۇ پەيتتە دۆڭنىڭ باغرىدا ئاسماندىن چۈشكەندەك، تۇيۇقسىز بىر يىگىت پەيدا بولدى - دە، ئۇمۇ قىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، يىگىتنىڭ پۇتلىرى ئۇزۇن بولۇپ، يۈگۈرگەندە گويا بەش قەدەم يەرگە چامدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار چىمىرلاپ تۇرغان قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچراشتى، بالقىپ تۇرغان تولۇن ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ، بىر- بىرىگە سىڭىشىپ گويا بىر ئادەمدەك بولۇپ قېلىشتى...

مەن ئىچىدە بۇ بىپايان قۇم ئالىمىنىڭ ئاشىق - مەشۇقلىرىغا خەيرلىك كېچە تىلەپ، كەينىمگە — كەپىگە قايتماقچى بولدۇم.

بىراق، شۇ پەيتتە، ئۇلار قولتۇقلىشىپ ئۇشتۇمتۇت مەن تەرەپكە بۇرالدى - دە، چىك، دۆڭ تەرەپكە تىكلىنىشكە باشلىدى. مەن مەڭزىمنى مۇزدەك قۇمغا يېقىپ، دۆڭگە چاپلاشقىنىمچە يەنە بىر ئاز كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇلار ماڭا يېقىنلا يەرگە كېلىپ، قۇمغا ئۆزىنى تاشلاپ سۇنايلىنىپ ئوڭدا يېتىشتى.

ئەتراپ جىمجىت. ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا بې-

— بەللى، مۇخبىر يولداش، چىك! سىلەر مۇخبىرلارنىڭ قۇلىقى نېمانداق ئۇزۇن — ھە؟ — ئۇ، كۆزنى چوڭ ئېچىپ، قاشلىرىنى سەكرىتىپ ماڭا قارىدى.— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، چىك! مېنىڭ يېنىمدىن قوپقان ھېلىقى يىگىت دەل ئاشۇ قىزنىڭ ئاشىقى. مەتسايىت ئىكەن، ئەمەسمۇ؟... شۇ كۈنى، چىك، بىز كۈندۈزى روزمەت تاغنىڭ مېھمىنى بولۇپ يەپ-ئىچىپ، قانغىچە ئۇخلىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن، كېچىسى زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. كەپىنىڭ ئىشىكىدىن تالاغا قاراپ يېتىپ، سۈتتەك ئاي نۇرىنىڭ قۇملۇق ئۈستىدىكى ئاجايىپ جىلۋىسىنى، قۇم يۈزىنىڭ گويا زەرچاچقۇسى بىلەن پۈركەنگەندەك، بىر خىل سېھرىي كۆرۈنۈشتە چىمىرلاپ يالتىراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. تەكلىماكاننىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى زوقۇمنى تارتتى، چىك. ھەمراھلىرىمغا بىلىندۈرمەي، ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىكتىن چىقتىم — دە، قۇملۇق تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم.

يىراقتىن قارىغاندا، قۇم يۈزى تۇرۇپ، يېشىل مەرۋايىتتەك، تۇرۇپ، قىزغۇچ كېپەك ئالتۇندەك يالتىرايتتى، يېقىنلاپ بارسام، بىردىنلا ھالرەڭ پەردە يېپىلىپ قالغاندەك، قۇم يۈزىدە ھېچنېمە چاقنىمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، چىك، جىمجىت، گۈزەل ئايدىڭ كېچىگە، چىمىرلاپ كۆزنى قاماشتۇرغان قۇملۇققا قىزىقىپ كەينىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنلىكىمنى سەزمەي قاپتىمەن، چىك.

بىر پەستىن كېيىن ئالدىمدا ئانچە ئېگىز بولمىغان

تۆۋلىپ قۇدۇقنى ماشىنىلاشتۇرىمىز، قۇم يەپ كەتكەن
كونا ئېرىقنى بىر ئامال قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرىمىز،
دەيدۇ. پۈتۈن خىيالى شۇنىڭدا. ناۋادا بىز توي قىلساق،
سىلەرنىڭ ئۆيگە يۆتكىلىپ بېرىشىمغا توغرا
كېلىدۇ، دادام بىر مۇھىم ئەمگەك كۈچىدىن ئايرىلىدى
دېگەن سۆز. بىر قولىنى ئۇن قىلالمايۋاتقاندا، دادامنىڭ
بۇنىڭغا كۆنۈشىگە ئىشەنگىم كەلمەيدۇ...

— مۇنداق دەڭ...

— بۇ كەمدە قىز بالا ئاتا - ئانىغا يۈك ئەمەس.
بەلكى تېخى... دادامنىڭ رايىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭغا يەنە ئۇن
قىز، ئۇن ئوغۇل بولسىمۇ ئازلىق قىلىدىغاندەك...

— توختاپ تۇرۇڭ، قىزىق ئىش، خەناخە مەن
سىلەرنىڭ ئۆيگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ بارسامچۇ؟

— گەپىسكەن! دادامدىمۇ ئەقىدە، نومۇس دېگەن
نەرسە باردۇ! سىلەرنىڭ شۇنچىۋالا چوڭ ئىشقا تۇتۇش
قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى، ئارىمىزدىكى مۇساپىقىنى بىلىپ تۇ-
رۇپ روزىمەت تاغامنىڭ قولىنى چولاق قىلىشنى دادام-
نىڭ ئەقىدىسى كۆتۈرەمدۇ؟ مەنمۇ راۋا كۆرەمدىمىنا؟...
(ئارىدا ئۇزاق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى).

— ھە، راستلا، ھېلىقى ئەپەندىلەر بۇ يەرگە نېمە
دەپ كەپتۇ؟— دەپ يەنە جىمجىتلىقنى بۇزدى تۇ-
نسايىم.

— ئەپەندىلەر ئەمەس، تەكلىماكان قۇملۇقىنى
چارلاپ تەكشۈرگۈچىلەر.

قسپ، ترلۇنشاينى تاماشا قىلىشۋاتقانلىقى ئىدى.
— تۇنسايىم، جېنىم...
— مەتسايىت، جېنىم...
(ئېھتىمال سۆيۈشۈۋاتقان بولسا كېرەك، ئېلېكتر دولقۇنلىرىدەك، تارىلىشۋاتقان تىترەك ئاۋاز يېرىم مىنۇتچە ئۈزۈلۈپ قالدى).
— تۇنسايىم، قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتەمىز؟
— قارىغا، ئاي قانداق ئۈز، قانداق كۆركەم-ھە!
— ئاي؟ مېنىڭ كۆزۈم ئاينى كۆرمەيدۇ؟
— يۇلتۇزنىچۇ؟ ئاھ، قارىغا، بىر يۇلتۇز ئېتىپ چۈشتى! قايسى شورپېشانىنىڭ يۇلتۇزى بولغىيدى-ھە...
— مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىشىم يوق. نەدىكى گەپنى دەيسىز؟
— جېنىم ئېيىشقا دادامنىڭ مىجەزىنى چۈشەنمەيدىغانسىز، ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇسابىقە شەرتىدە ئىككىمىزنىڭ ئىشى يېزىلمىغان تۇرسا... بۇ ئىش ھازىر دادامنىڭ خىيالىدا يوق.
— ئەكسىچە، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر، بوۋام...
— بۇ يەردە بىر ھېساب بار.
— قانداق ھېساب؟
— دادام «10 مىڭ جىڭلىق» ئۆتكەلدىن ئۆتكەندىن بىلەن تىش تاشلاشمايدۇ، كۈزلۈككە كىچىك تراكتور سېتىۋالىمىز، چۈۋۈق كەپە گۈرىگە كەتسۇن، راۋۇرۇس ئالاھىدە ئىمارەت سېلىش، باغ بىنا قىلىش كېرەك، ماتور سېپ-

چۈشۈپ چىقتى، كېيىن بىرگە: «سۇ خېلى مول ئىكەن، ئەپسۇسكى ھازىر بىزدىن سىلەرگە نەپ تەگمەيدۇ، بۇ يىلقى پىلانىمىز چوڭ قۇملۇقنىڭ ئۈستىنى تەكشۈرۈش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ تەكلىماكاننىڭ ئاستى بى- لەن ھەپىلىشىمىز، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاستىدا نېمىنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى، سۇ مەنبەسىنىڭ قانچىلىك ئى- كەنلىكىنى بىلىمىز، بىزمۇ سىلەرگە ئاز - تولا ئىش قى- لىپ بېرەلەيمىز،» دېدى. سىز ئويلاپ بېقىڭ، ناۋادا دەريانىڭ سۈيى بىلەن قۇدۇقنىڭ سۈيىدىن تولۇق پايدىلىنالى- ساق، ئەيھەي ... ھازىرغىچە ئېچىلغان يەرنىڭ ئايىغىدا نەچچە مىڭ مو قاراچىلان تۆپىلىق يولغۇنلۇق تۇرۇپتۇ، ئۇ يەرنى ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇش ھېچگەپ ئەمەس. ئۇ چاغدا بۇ يەردە...

مەتسايىت بىلەن تۇنسايىم قىرلۇنئايلىق كېچىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، قۇملۇقنىڭ پارلاق ئەتىسى ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، ئاستا پىچىرلىشىشقا باشلىدى. مەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن بەخت تىلەپ ھەمراھلىرىم ياتقان كە- پىگە قايتتىم...

## 7. سېرىق شامال

نېمە ئامال بار؟ مەن يەنە ئالىمجاننىڭ ھېكايىسى- نى بۆلۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم:

بىر سىر يېشىلمىدى، تۇنسايىمنىڭ ئاق بوز ئاتقا مىنىپ ئەتىگەندىلا بۇ يەرگە كېلىشىدىكى سەۋەب

— چارلاپ تەكشۈرگۈچىلەر؟ قانداق چارلاپ تەك-
شۈرگۈچىلەر؟ چۈشەنمەيدىكەنمەن. ئالدىنقى كۈنى مەتنۇر
هاكىم بىزنىڭ كەپىدە بىر كېچە تۈنەپ، دادام بىلەن
تاڭ ئاتقىچە مۇڭدىشىپ چىقتى. ئەسلىدە دادام قۇدۇقتىن
سۇ تارتىشنى ماشىنىلاشتۇرىمەن دەپ سىقىپ – تىجەپ
پۇل يىغىپ يۈرگەن. مەتنۇر هاكىم دادامنى قۇم كۆمۈپ
تاشلىغان كونا ئېرىقنىڭ ئىزىنى بويلاپ دەريا بويىغا بىر
قېتىم ئاپىرىپ كېلىشۋېدى، دادام زادىلا تۇرالماي قالدى.
شۇ سۇنى ئەكىلەيلىگە چۈشتى، مەتنۇر هاكىم دادامغا:
«سىلەر ئىككى ئائىلىنىڭ مۇسابىقىسى جىق كىشىلەرنىڭ
ھەۋىسىنى قوزغىدى، قوملۇققا كىرىۋاتقانلار بارغانچە
كۆپىيىۋاتىدۇ، هازىرقى گەپ يەنىلا سۇدا قالدى. قۇم
يەپ كەتكەن ئېرىق – ئۆستەڭلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش،
ئۇنى دەرياغا تۇتاشتۇرۇش زۆرۈر. بۇ ھەقتە ناھىيىنىڭ
پىلانى بار. لېكىن دەريانىڭ سۈيى ئاساسەن كەلكۈن مەز-
گىلىدىلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا، قۇدۇقنى
ماشىنىلاشتۇرۇش پىلانىڭلارغا قوشۇلىمەن، ھۆكۈمەت بۇ-
نىڭغا چەزمەن مەدەت بېرىدۇ. ماتور بىلەن بىر ئاز تو-
رۇبا سېتىۋالساڭلار، قۇراشتۇرۇپ بېرىشنى سۇ ئېلېكتر
ئىدارىسى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ» دېگەنىدەك گەپلەرنى قىل-
دى. بايىقى ئەپەندىلەر بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدىمۇ؟
— نېمىشقا دېمىسۇن، بوۋام مۇشۇ ھەقتە مەتنۇر
هاكىم بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى
ئاق چاچلىق ئالىم كىشى بىزنىڭ چاقپىلەكلىك سۇ تار-
تىش قۇدۇقىمىزنى قايتا – قايتا تەكشۈردى. ئىچكىمۇ

— بۇ ئىشقا، — دېدى ئۇ، — روزىمەت تاغا،
ئاۋۇت ئاكىلار بايراق كۆتۈردى. بۇ بايراقتا ئۇمىد چوڭ.
قىسقىسى، تىزگىنسىز قۇمىلۇقلارنىڭ بوستانلىق يېزا -
كەنتلەرنى خالىغانچە يەپ كېتىۋېرىشىگە ئەمدى خاتىمە
بېرىلىدۇ، پات ئارىدا بۇ يەرلەردە ئاۋات مەھەللىلەر،
مەكتەپلەر، شەھەرلەر قەد كۆتۈرىدۇ...

ھاكىم ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىشقا بەل باغلىغانلىقىنى
قىلچە يوشۇرمىدى، چىنى.

بىز كەپىدىن چىقىپ تاكى ئۇنىڭ قۇملۇقتا چوڭ -
چوڭ ئىز قالدۇرۇپ ئاستا تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان قاۋۇل بە-
تى، مۇرىسىدە لەپەڭشىپ تۇرغان چىغ قالپىقى كۆزدىن غايىب
بولغۇچە قاراپ تۇردۇق، مەتنۇر ھاكىم، چىنى، چەكسىز
قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا غايىب بولغان بولسىمۇ، لېكىن
مېنى ئۆزىگە بەندت قىلىۋالغان بىر تېپىشماق كۆڭلۈمگە
زادى ئارام بەرمىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن روزىمەت
تاغا بىزنى ئۆزىنىڭ ئېكىنزارلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا، قو-
غۇنلۇقىنى سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

مەن ئېكىنزارلىقنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ھېلىقى تې-
پىشماقنى سورىدىم.

— روزىمەت تاغا، «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم»
دېگەن كىم؟

روزىمەت تاغا ماڭا قىزىقىش بىلەن قاراپ قوي-
دى:

— مەتنۇر ھاكىم شۇغۇ!

— نېمە، مەتنۇر ھاكىم؟ ئۇ ساندۇقتىن چىققانمۇ؟

نېمە ئىكەن؟

— مەن، چېك، سىزگە ئېيتسام، — دېدى ئالىمجان، — قىزقۇدۇق بېشىدا مەتسايىت بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈۋاتقاندا، مەن روزىمەت تاغامنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىشنى ئەپ كۆرمەي تالاغا چىقتىم، قىز ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ماڭا «لاپ» قىلىپ بىر قاراپ قويدى - دە، مەتسايىتتىن:

— بولۇڭ، ھېلىقى «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم» مۇشۇ يەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەتسايىت «شۇنداق» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى ئەگدى. قىز يانچۇقىدىن بىر كونۋېرتنى ئېلىپ مەتسايىتقا سۇنۇپ تۇرۇپ نېمىسىندۇر دېدى، مەتسايىت قىزغا بىر نېمە دەپ پىچىرلىدى، قىز پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ چەبدەسلىك بىلەن ئاتقا مىندى - دە، قۇملۇق تەرەپكە چېپىپ كەتتى، چېك.

مەتسايىت خەتنى مەتنۇر ھاكىمغا ئەكىرىپ بەردى. ھاكىم كونۋېرت ئىچىدىكى سىزىقلىق قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان، شۇ تاپتا سىلەرنى پۈتۈن ناھىيە ئىزدەۋېتىپتۇ، سىلەرنىڭ قۇملۇقتا يوقىلىپ كەتكەنلىكىڭلار توغرىلىق تېلېگرامما كەپتۇ، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

بىز مەتنۇر ھاكىم بىلەن بىر سائەتچە بىللە بولدۇق. ئۇ بۇ يەردىكى قۇم تاشقىنى ۋە ئۇنىڭغا قارشى يېڭى باشلانغان كۈرەش توغرىسىدا كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان چوڭقۇر مەنىلىك پاراڭلارنى قىلىپ بەردى.

— كۆڭلىمىزنى پاراكەندە قىلغان ھېلىقى بەدنىيەت-لەر ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، ئىككى يىل ئۆتتى. ئەتىياز-نىڭ بىر كۈنى مەھەللە - كويدىكىلەر:

— روزىمەت تاغا، ئاڭلىدىڭىزمۇ، گۇڭشېمىزغا يې-ڭى شۇجى كەپتۇدەك، ياپياشلا بىر كىشى دەيدۇ،

دېيىشتى.

— كەلسە نېمە بوپتۇ، كەتسە نېمە بوپتۇ. ئۇنىڭ نېمە قىزىقچىلىقى بولسۇن! ھەتتا ئۇنداق شۇجىلار بولمىسا نېمە بوپتۇ،— دېدىم مەن ئۇلارغا.

شۇ كۈنلەردە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان نەۋرەم مەتسايىتمۇ ھەر كۈنى يېڭى شۇجى توغرىلىق بىر يېڭى گەپنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان بولدى، بىر كۈنى بىر نەز-مىنى قايتا - قايتا يادلاۋەردى، زەڭ قويسام:

تۇۋا دەيمەن، ئاشۇ ئۇن يىلغا بۈگۈن،
كۈپكۈندۈز ھەممىنى باستى قارا.
ئاچىمىز جەننەتكە ئۇدۇل يولنى دەپ،
تاسلا قالدۇق كەتكىلى دوزاخ ئارا...

دېگەن نەزمە ئىكەن. نەزمە ماڭا ياقتى، جىق ئىشلارنى يادىمغا سالدى. مەن نەۋرەمدىن:

— ئوغلۇم، سەن بۇ نەزمىنى نەدىن تاپتىڭ؟— دەپ سورىدىم، نەۋرەم:

— مەن تاپمىدىم، يېڭى شۇجى دەپ بەردى، — دېدى.

— يېڭى شۇجى؟ يېڭى شۇجى نەزمە توقۇمدى-كىنا؟!

— شۇنداق، ساندۇقتىن چىققان.

— ساندۇقتىن چىققان؟ چۈشەنمىدىم، بۇ ئەمدى، چىك...

بۇ گەپكە پېشقەدەم پروفېسسورمۇ، باشقا ھەمراھلىرىمۇ قىزىقتى، روزىمەت تاغا ئاق يەكتەكنىڭ ياقىسىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— دەپ كەلسەم ئۇزۇن گەپ. مۇشۇ كەمدە چوڭ قۇملۇقنىڭ چەت - چۆرىسىدىكى يۇرتداشلار: يېڭى سىياسەت روزىمەت تاغامغىلا ياراشتى، يارامىلىق بەش ئوغلى، بەش كېلىنى، يەتتە نەۋرىسى بىلەن ئاسمانغا چىقسىمەن دېسىمۇ چىقالايدىغان بولدى، دېيىشىدۇ. بۇ گەپنىڭ جېنى بار، راست. ئەمما بۇ ئىش ئاشۇ «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم» بىلەن چېتىشلىق ... قېنى، مانا قوغۇنلۇقىمۇ كېلىپ قالدۇق. ئىلتىپات قىلىشسىلا...

روزىمەت تاغا ئاپئاق ساقاللىرىنى تۇتۇپ قويۇپ، چوڭقۇر مېھماندوستلۇق ھېسسىياتى بىلەن ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ، بىزنى قوغۇنلۇققا تەكلىپ قىلدى. قارا پاقالاندەك يوغان ئىككى كۆكچىنى ئۈزۈپ كېلىپ، يۇمشاق قۇم ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ پىچتى، ئىككىدىن تۆتلا كاسا قىلىپ، ئۈستىگە پىچاق سانجىپ ئالدىمىزغا قويدى.

بىز شېرىن كۆكچىنى مەززە قىلىپ يېگەچ، روزىمەت تاغىنىڭ «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم» ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلىدۇق:

ھېلىقى بەدنىيەتلەر ئىنقىلابى جەريانىدىلا ئۇچى كېلىپ ئۇچى كەتتى. ھېچقايسىسى تۈزۈك ئىش چىقىرالمىدى. گەپ چوڭ، نەپ ئاز بولدى، جەننەتنى ۋەدە قىلىپ كېلىپ، دوزاخنىڭ سايىسىنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشتى، بارغانچە رودۇلىشىپ ئۇچ ئادەم بىر ئىشتان كىيىدىغان كۆنلەرگە قالدۇق!... بۇ قېتىم كەلگىنى يەتتىنچىسى ئىدى. بۇنىڭ نېمە قىزىقچىلىقى بولسۇن؟ شۇنداق بولسىمۇ مەن نەۋرەمدىن:

— خوپ، يېڭى شۇجىنىڭ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ، چوڭ بولغاندا كىم بولىمەن دېدىڭ؟ — دەپ سورىدىم.

مەتسايىت ھېچ ئويلىمىغان يەردىن:

— نېمە دەيتتىم، دېھقان بولىمەن، بوۋامنىڭ يولىنى تۇتىمەن دېدىم، — دېدى.

نەۋرەمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم غەش بولدى:

— بالام ئۇنداق دېمە، — دېدىم مەن، — دېھقان بولۇش بىز بىلەن كەتسۇن، يېڭى شۇجى بىلەن ئوبدانراق چىقىشىۋال، ھالىمىزغا يەتسە ئەجەب ئەمەس. ئوقۇيدىغانلا ئىش بولسا ئوقۇۋەر، يېمىسەكمۇ مەيلى، سېنى ئوقۇتىمىز، ئىشقىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىگە يېزىلىۋال، ھېچ بولمىغاندا، 30 — 40 كوي مائاش ئالىدىغان، ۋولۇڭ پۇل كۆرىدىغان ئىشنى قىل.

گېپىمنى ئاڭلاپ مەتسايىت پارقىراپلا قالدى:

— ياق، يېڭى شۇجى ئۇنداق دېمىدى. بىز مەدەنىيەتلىك يېڭى دېھقان بولىمىز، كالىنىڭ ئورنىغا تراكتور،

— قىزىقسەن - دە، بوۋا، — دېدى نەۋرەم مەتسايىت، — مەن نەچچە قېتىم دەپ بەردىمغۇ. يېڭى شۇجى نەزمە توقۇمايدۇ، ئۆزى ياقتۇرۇپ يادلىۋالغان نەزمىلەرنى بىزگە دەپ بېرىدۇ. بىز ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆگىنىپ قالدۇققۇ، ئۇنى كۆرسەكلا يايراپ كېتىمىز. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ پات - پات مەكتەپكە كىرىپ بىز بىلەن توپ ئوينايدۇ، قول قايرىپ كۈچ سىنىشىدۇ، قىزىق گەپلەرنى دەپ كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ، گۈڭشېغا چىقىپ ئەتىسىلا بىزنىڭ مەكتەپكە كىرگەن دېگىنە. ئەتىسىدىن باشلاپ مەكتەپ ئىچى شۇنداق ئۆرە - تۆپە بولدىكى، پۈتكۈل مەكتەپنى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا دۆۋىلىشىپ كەتكەن ئەخلەت - چاۋالارنى سىرىپ - سۈپۈرۈپ، سىنىپلارنى تازىلاپ چىنىدەك قىلىۋەتتۇق. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تەنەپپۇس ۋاقتىدا ئۇ بىزنىڭ سىنىپقا كىرىپ دەپتەر - قەلەملىرىمىزنى تەكشۈرۈۋېتىپ، ھەر بىرىمىزدىن چوڭ بولغاندا كىم بولماقچى، نېمە كويى تۇتماقچى ئىكەنلىكىمىزنى سوراپ كەتتى. غەزەل ئوقۇپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈندى، بىزمۇ ئۇنىڭدىن سورىساق يېڭى شۇجى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نېمە چارە ... تەقدىر ماڭا شۇ ئارتۇقچىلىقنى نېسىپ قىلماپتۇ، مېنىڭ ئاۋازىمدىن كالىنىڭ مۆرىشى ياخشىراق، مەن بىر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەي دەپ، ئاشۇ شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى، دېدى.

— يېڭى شۇجى... ھېسابلاپ كۆرسەم، بۇ يەردە خەلق كۆڭشېسى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئالتە شۇجى ئالمىشىپتۇ،

قولىنى تۇتۇۋېلىپ:
— توختاڭلار، سەۋر قىلىڭلار، كىتابلارنى كۆيدۈر-مەك ئاسان، ئەسلىگە كەلتۈرمەك تەس. بۇنىڭ ئىچىدە ئېسىل كىتاب، قىممەتلىك قولىيازمىلار باردەك قىلىدۇ، ئاۋۇ كىتابنى... «تارىخىي رەشىدىيە»... قولىيازمىكەن، ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىش... ئاپلا! يولداشلار، ۋىجدانىڭلار ئۆرتىنىدۇ كېيىن!...— دېگەن ئىكەن، بىلىكىگە قىزىل لاتا باغلاپ، بۇ ئىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان بىرسى تەلۋىلىك بىلەن:
— ھا- ھا- ھا!... مانا فېئودالىزمنىڭ جاھىل ھا-مىسىدىن بىرسى چىقتى! — دەپ ۋارقىراپتۇ-دە، مەتنۇر-نىڭ تەستىكىگە بىرنى ساپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كەينى-دە ئەگىشىپ يۈرگەن ياش بىرنىمىلەر مەتنۇرنى تۇتۇۋې-لىپ سازايى قىپتۇ. «گۇناھ ئۆتكۈزدۈم» دېگىلى ئۇنىما-غاچقا، تەرەپ-تەرەپتىن دۈشكەلەپ، بىكاردىن-بىكار ئۇر-ئۇر قىلىۋېتىپتۇ.
مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، مەتنۇرنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ، «ئىنقىلاب»تىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ. خەقلەرنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئاشۇ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە، پۇتى ئۇرۇپ سۇندۇرۇلغان كونا شۇجىنى كېچىسى ھاپاش قىلىپ ئوغرى-لىقچە دوختۇرخانىغا ئاپارغانمۇ، ھاياتى قىل ئۇستىدە قالغان ئىككى بوجاڭنى پىنھان يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ ئاش-نان بېرىپ باققانمۇ ئاشۇ مەتنۇر ئىكەن. يامان بولغىنى، بىر دورەملىك ئەلەم كۆرىشىدىن بىر تەرەپنىڭ ئىككى كاتتىبېشى كۆپكۆندۈزدىلا، يەنە بىر تەرەپنى قوللىغان بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆيىنى تالاڭ قىلىپ،

تۆلۈقنىڭ ئورنىغا كومبايىن، ھارۋىنىڭ ئورنىغا ماشىنا ئىشلىتىمىز، مەدەنىيەتلىك دېھقان شۇنداق بولىدۇ.

نەۋرەم بىلەن ئىككىمىزنىڭ پىكرى ئەزەلدىن بىر يەردىن چىقاتتى، لېكىن بۇ قېتىم كېلىشەلمەي قالدۇق. «دېھقاننىڭ ھالى بىزدەك بولسا، بۇ ئامراق نەۋرەم كەلگۈسىدە نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟» دەپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشتۈم. ئۇنىڭ يۇمران خىيالىنى كىم چالغىتتى؟ ئەلۋەتتە، يېڭى شۇجى! بۇ يېڭى شۇجى ئۆزى قانداق ئادەم ـ ھە؟ نېمىشقا مېنىڭ نەۋرەمنى ئېزىقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەرقىسما ئىگەپلەرنى قىلىدۇ ـ ھە!...

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن يېڭى شۇجىغا سەپسالىدىغان، تېگى پېيىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولدۇم. تىڭ ـ تىڭلاپ كۆزىتىشىمۇ، ناھىيىگىمۇ بېرىپ كەلدىم ـ يېڭى شۇجى دېگىنىم ئاشۇ مەتنۇر ھاكىم!

مەتنۇر بەدنىيەتلەر ئىنقىلابىدىن ئىككى يىل ئىلگىرى داشۆنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىدا ئىشلىگەن ئىكەن. «ئىنقىلاب» باشلانغاندا، ئۇمۇ بىلىكىگە قىزىل لاتا باغلاپ «تۆت كونا»غا ئوت ئېچىپتۇ، يېزىمۇ يېزا يۈرۈپ ئەمرى ـ مەرۇپ قىپتۇ. بىر كۈنى ناھىيە بازىرى ئالدىدىكى چوڭ جامە ئالدىدا خەقلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن يۇلاپ ـ تالاپ ئەپچىققان خىلمۇ خىل كىتاب، دەستۇر، قولىيازمىلارنى تاغدەك دۆۋىلەپ، ئۈستىگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋاتقان يەرگە بېرىپ قاپتۇ، بۇ ئىشقا باش بولۇۋاتقان بىرسى كىتاب دۆۋىسىگە ئەمدىلا ئوت ياقاي دەپ تۇرغان ئىكەن، مەتنۇر ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ

ىزىپ تۇرىمەن.

بىر كۈنى ئۇ مېنى ئىزدەپ ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى.

— روزىمەت تاغا، — دېدى ئۇ مۆكۈدىشىپ ئولتۇرۇپ، — مەن بىر تەجرىبىسىز ئادەم، مەسلىھەت بەرسىلە، نېمىشقا جاپاغا تۇشلۇق هالاۋەت يوق، سەۋەب نېمە؟ مۇشۇ كۈنلەردە نېمە خىياللاردا بولۇۋاتىلا؟ جىق پېشقەدەملەر بىلەن ئۇچراشتىم، بۇگۈن سىلىنىڭ پىكىرلىرىنى ئالاي دەيمەن.

— خىيال جىق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — قايسىبىرسىنى دېسەمكىن. كۆڭلۈمگە كىرىۋالغىنى، نېمىشقىكىن، مۇشۇ كۈنلەردە يەنە پات-پات يەر ئىسلاھاتىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

— يەر ئىسلاھاتى؟ — مەتنۇر شۇجى بىر ئاز هەيران بولۇپ كۆزۈمگە قارىدى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن، — يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئەيھەي ... قولىمىزغا تەگكەن يەرنىڭ تۇپىسىنى كۆزىمىزگە سۈرتكەن. پايدا-زىيانغا ئۆزىمىز ئىگە بولغان، جان تىكىپ ئىشلىگەن، هەر بىر چاپقان كەتمەننىڭ هالاۋىتىنى كۆزىمىز كۆرگەن، مۇشۇ يەر مېنىڭ-هە؟ مۇشۇ هوسۇل مېنىڭ-هە؟ دەپ ئويلىغان. يېڭى ئۆي-ئىمارەتلەرنى سالغان، باغۋاران بىنا قىلغان، پوخادىن چىققۇدەك توي-تۆكۈنلەرنىمۇ قىلغان... ئەيھەي... ئاشۇ كۈنلەر يەنە قايتىپ كېلەرمىدى-هە؟!...

نۇرغۇن پۇل ـ پوچەك، ئېسىل نەرسىلەرنى ئۆزلىرى بۆلۈشۈۋالغان ئىكەن. مەتنۇر بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، دەرھال ئىمزاسىز چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ، جامائەتكە پاش قىلىۋەتكەن، چوڭ خەتلىك گېزىتنى مەتنۇرنىڭ يازغانلىقىنى ھېلىقى ئىككىسى بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئاتام ئاڭلىمىغان بەدناملارنى چاپلاپ، ئىككى يىلغىچە قاراڭغۇ ئۆيگە سولىۋەتكەن... خۇلاسە: گۇڭشېمىزغا كەلگەن يېڭى شۇجى ئاشۇنداق بىر ئادەم ئىكەن. مەن بۇ ئادەمنى دەڭسەپ كۆرمەكچى بولدۇم، تۇرغان يېرى، ماڭغان قەدىمى نەزەرىمدە بولدى. شۇغىنىسى ئۇمۇ بۇ يەردە بىر يىلچە ئىشلەپ ھېچنېمە چىقىرالمىدى. دۇرۇس، ئۇنىڭ تالماس غەيرىتىگە، بىز بىلەن دىلكەشلىكىگە، ئۆي ـ پىلانلىرىنىڭ كۆپلىكىگە ھەممىمىز ئاپىرىن ئوقۇدۇق. چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا دىلغا ياقىدىغان جىق بەلەن گەپلەرنى دېدى، چېكىسىدىن تەر ئاقتۇزۇپ بىز بىلەن بىللە ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپتى، دادۇيگە بۇغۇلغان قەرزىمىز ۋە بىر مۇنچە يۈك ـ سېلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئۆزىنىلا سەمرىتىشنىڭ كويىغا چۈشكەن بىزەڭ كادىرلارنى تەختىتىن چۈشۈرۈپ، «قېنى، سەنمۇ قولۇڭغا كەتمەن ئېلىپ باق»دېدى.

لېكىن، گەپنىڭ پوسكاللىسى، يىل ئاخىرىدا قولىمىزغا تەگكەن دارامەت ھېساب بولىدىغۇ... يەنىلا چاپانىنىڭ پېشى تىزىمىزدىن ئاشمىدى، ياپىرىم، بۇنداق بىقۇۋۇللۇق پېشانىمىزغا پۈتۈلۈپ كەتكەنمىكىنا دەيمەن ئىچىمدە. مەتنۇر شۇجىنىڭمۇ بۇنىڭدىن بىئارام بولۇۋاتقىنىنى

زلىرىدە نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ
رۇپ:

— روزىمەت تاغا، تاملاردىكى شوئارلارغا قاراۋات-
تلىرىنى كۆردۈم، ھەممىسى مەركەزنىڭ ئاۋازى، قال-
س گەپ، سىياسەت يول ئاچمىسا، بىزنىڭ مىڭ پالاق-
غىنىمىزمۇ بىكار ئىكەن. ھۆججەت ئالدىنقى كۈنى قولىمىزغا
كدى. گۇڭشې پارتىيە كومىتېتى ئەزالىرى يىغىلىپ بىر
چە، بىر كۈندۈز ئۆگەندۇق. كۆزىمىز ئېچىلىپ قالدى.
كۈن ھەممىمىز بىللە ئۆگىنەيلى دېدۇق، — دېدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەتنۇر شۇجى مەركەزنىڭ
ليورۇقىنى يەتكۈزدى. سۆزمۇ سۆز يېشىپ چۈشەندۈر-
ى. چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن تالاش-تارتىش قىلدۇق.
-مىزدە قالغىنى: دېھقاننى بېيىتالايدىغانلا ئىش بولسا،
ۇڭشې كوپىراتىپ بولسىمۇ، شىركەت ھەمكارلىق گۇرۇپپا
ولسىمۇ، مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالسىمۇ، يەككە تېرىقچىلىق
لسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، دېگەن گەپلەر ئىدى. نېمە دېسەم
ولار، دەسلەپ ھاڭ-تاڭ بولۇشتۇق، تەمتىرەپ كەت-
ۇق، كېيىن تېگىگە يەتتۇق. ھەر بىر دېھقان ئۆزىنىڭ
كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت يەنە كەپتۇ! بىز
قايتا-قايتا كېڭىشىپ، يەرنى تەقسىملەپ، مەھسۇلاتنى
ھۆددە بېرىشنى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلدۇق.

مەتنۇر شۇجى خۇلاسە سۆزىدە ئۇغۇل بالىدەك گەپ
قىلىپ:

— ناھايىتى ياخشى. مۇنداق قېتىپ قالغان ھالەت-
نى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ، ئىسلاھات قىلىش كېرەك.

شۇ قېتىم مەتنۇر شۇجى بىلەن سىردىشىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، باش باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن كۈڭشې پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەكلىپ قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئەتىسى، شۇجى، دادۇيجاڭ، شياۋدۇيجاڭلار بىلەن بىللە كۈڭشېغا باردىم، ئالتە يۈزچە كىشى ئوتتۇرا مەكتەپ سەيناسىغا يىغىلدۇق. يېنىمدا ئولتۇرغانلار دەل-دەرەخ، تاملارغا چاپلانغان ئالا - يېشىل قەغەزلەرنى كۆرسىتىپ:

— باي بولۇش يوللۇق!

— ئىدىيىنى ئازاد قىلايلى!

— يول تېپىپ، باي بولۇشتا بەسلىشەيلى!

— ...

دېگەندەك شوئارلارنى ئوقۇپ بەردى. بۇ گەپلەرنى تىلغا ئېلىش ئۆتكەندە گۇناھ ئەمەسمىدى؟ كۆزۈم تورلىشىپ ھاڭۋېقىپ قاپتىمەن... «باي بولۇش يوللۇق !... يول تېپىش!...» بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى - ھە؟ يولمۇ، پۇلمۇ، كېچىككىنە جېنىمىزمۇ شياۋدۇينىڭ ئەمەسمىدى! ئۆزىمىز يول تاپساق بولامدىكىنا؟ «ھەركىم ئەقىل-پاراسەت ئىشلىتىپ، يول تېپىپ بېيىسۇن، ئەمگەكنىڭ قەدرىنى چاقسۇن» — مۇنداق گەپنى يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرى ئاغزىدىن 1 - قېتىم ئاڭلىغان. ماڭا ئەمدى، 2- قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن...

شۇ چاغدا بىركىم بىلىكىمدىن تارتقاندەك قىلدى. بۇرۇلۇپ قارىسام، مەتنۇر شۇجى ئىكەن.

مەتنۇر شۇجى بۈگۈن بۆلەكچە خۇشال ئىدى.

## 8. «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم»

شۇنداق قىلىپ، ئۈمىد نۇرىغا تولغان كۆڭلىمىز يەنە خىرەلەشتى. قولىمىز ئىشقا بارمايتتى.

بۇ كۈنلەردە مەتنۇر شۇجى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، كەتمىنىنى مۈرىسىگە سالغىنىچە ئېتىزغا چىقىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئىشلەيتتى، يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ، مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالغانلارنى ئىلھاملاندۇراتتى. ئەمما مەن مەتنۇر شۇجىنى كۆرسەملا، قىممەتلىك بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك، ئۆزۈمچە تىت - تىت بولۇپ بىرجايىدا تۇرالماي قالاتتىم.

بىركۈنى مەتنۇر شۇجى مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى سېزىپ:

— روزىمەت تاغا، بەل قويۇۋەتمەڭلار، مەركەزنىڭ دېگىنى ھېساب، — دېدى.

«مەركەزنىڭ دېگىنى ھېساب!» — بۇ گەپ شۇ كۈنلا ئۆيدىن - ئۆيگە، قۇلاقتىن - قۇلاققا تارىلىپ كەتتى. ھەممىمىز گۆھەر تېپىۋالغاندەك مۇشۇ گەپنىلا قىلىشتۇق: دۇرۇس، مەركەزنىڭ دېگىنى ھېساب. مەتنۇر شۇجىنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشىنىپ مەركەزنىڭ پەرمانىنى بىجا كەلتۈرگىنىدىن باشقا نېمە ئەيىبى بار ئىكەن؟ مەركەز دېھقانلار بېيىسۇن، روناق تاپسۇن، بۇنىڭ چارىسىنى ئۆزلىرى كېڭەشسۇن دېگەن تۇرسا! يىگىرمە يىلدىن بۇيان ياپسام «تۇتارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ بىر ئىزدا چۆرگىلەپ بىر نېنىمىزنى ئىككى قىلالمىدۇققۇ! كىم بىزنى نان تېپىدىغان يولغا

مەركەزنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھى بىزنىڭ كۆڭلىمىزغا تامامەن باب كېلىدۇ. ھەممىنى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزىمىز. كۆپچىلىكنىڭ رايىچە بولسۇن، — دەپلا كەتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتۈن گۇڭشې ئۆرە - تۆپە بولۇپ تېرىلغۇ يەرلەرنى بۆلۈشتۇق. ئەتىيازدىكى سېرىقتالچىلىقتىمۇ، جۇت - شۇۋىرغانمۇ كۆزىمىزگە كۆرۈنمىدى. «پالتۇ - كەكە»نى باشقىدىن قاتۇرۇپ يەرگە يېپىشتۇق. پۈتۈن يېزا - كەنتلەرنى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكىدەك قاينام - تاشقىنلىق قاپلاپ كەتتى. ئېتىز ئۈستىگە كەپە تىكىۋالغانلارمۇ، ئايىنى چىراغ قىلىپ كېچىسى ئېتىزدىن قايتماي ئىشلەيدىغانلارمۇ بولدى. ئەيھەي...

بۇ — مۆجىزە، بۇ — ئۈمىد، بۇ — يول! — دېيىشتۇق.

ئەمما - زە، كۆڭلىمىزدە «ئۆزگىرىپ قالارمۇ، ھۆكۈمەت كېيىندىن يېنىۋالارمۇ، خامان نەق بولغاندا ئەجىر قىلماي ئۈلۈشىدىغان شېرىك چىقىپ قالارمۇ» دېگەن ئەندىشىدىمۇ بولدۇق؛ ئىشلىرىمىز يۈرۈشكەنسېرى نېمىشقىدۇر ئەندىشىمىز كۈچەيگىلى تۇردى. نېمە دېگۈلۈك، ئورغاقلىرىمىزنى بىلەپ، ئېغاڭلاپ تۇرغان بۇغداي پايلىرىغا ئەمدىلا ئورغاق سالىمىز دەۋاتقاندا، ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك، ھېچبىر ئويلىمىغان يەردىن سېرىق شامال چىقتى: تۇيۇقسىز مەتنۇر شۇجىنىڭ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا يامان خەۋەر تارقالدى. قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك، ھەممىمىز لاسىدە بولۇپ قالدۇق!..

پىكىرلارنى ئارتىنماي دەۋلار. بۇ مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى
ئىزچىللاشتۇرۇشتا جەزمەن تۈرتكە بولىدۇ...

ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بىزنى چۈش-
تىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈشكە بىر سائەت قالغاندا
قوبۇل قىلدى.

بۇ ئادەم ماڭا تونۇش، ئۇ يەر ئىسلاھاتى مەزگى-
لىدە پومېشچىك - زومىگەرلەرنىڭ ھەيۋىسىنى ئەرەختىن-
پەرەختىن قىلىشۋەتكەن ئىدى. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن،
ھاردىم - ئالدىم دېمەي، يېزا - كەنتلەردە چېپىپ يۈ-
رۈپ، كۆپچىلىكنى تىرىشىپ ئىشلەپ باي بولۇشقا قوز-
غاپ، بىزنىڭ قالتىس ھۆرمىتىمىزگە ئىگە بولغان، كې-
يىن ناھىيىمىزنى ۋىلايەت بويىچە ھەممىدىن ئاۋۋال كو-
پېراتسىيىلەشكەن ناھىيىگە ئايلاندۇرۇپ داڭ چىقارغان.
شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ شۇجىنى كۆرمىگەن ئىدىم. قارى-
غاندا، ئۇ ھازىر خېلىلا قېرىپ قاپتۇ، ئەسلىدىكى يول-
ۋاس مىجەزلىكىدىن ھېچنېمە قالمىغاندەك ئىدى.

— مەتنۇر ئۈمىدىمنى يەردە قويدى. پارتىيىنىڭ
ئۈمىدىنى ئاقلىمىدى، — دېدى ئۇ، بىزنىڭ مەتنۇر شۇ-
جىنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىمىزنى چالا-
پۇلا ئاڭلىغاندىن كېيىن، — سىلەر ئۇنى ئاقلاپ
ئاۋارە بولماڭلار، بۇ ئۇنداق ئىش ئەمەس، شۇنداق
ئاسانمىكەن؟ مەتنۇر ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىدىن يول-
يورۇق سورىماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ خەقنىڭ كۆڭلىنى
پاراكەندە قىلىۋەتتى. يىگىرمە نەچچە يىل كۈرەش قى-
لىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە يۆلەپ تۇرغۇزغان كوللېكتىپ

باشلىسا، بىز شۇنىڭ پېشىنى تۇتىمىز. مەتنۇر شۇجىنى قايتۇرۇپ بەرسۇن! بىز ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئەپچىقال-مايدىغان شۇجىلاردىن جاق تويغان!...

بىز بۇ ھەقتە ناھىيە بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئارىمىزدىن بەش كىشىنى ۋەكىل قىلىپ سايلىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسىنى ئىزلەپ يۈرۈپ، بىز تونۇيدىغان يېڭى ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ كىشى بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، بەكمۇ قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

—ناھايىتى ياخشى. دەل ۋاقتىدا كەپسىلەر، يول-داش مەتنۇرنىڭ مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى كۆرگەندىن كېيىن قانائەتلىنىش راست. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئەمەسمۇ، بىر قارارلا مەركەزنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ يېتەلىدى، ئۇزاق يىل داۋام قىلغان قاتماللىقنىڭ يىلتىزىنى كۆرەلىدى. بۇنىڭغا سە-ۋىيە، جاسارەت بولمىسا بولمايدۇ! يولداش مەتنۇر يې-زا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا بەل باغلاپ، كونا رامكىلارنى بۇزۇپ، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆد-دە بېرىشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بۇ يېڭىلىق پۈ-تۈن ناھىيىدە چوڭقۇر زىلزىلە پەيدا قىلدى، دېھقانلار-نىڭ كۆڭلىگە تازىمۇ ياقتى، ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلى سىلەردە بولۇپ قالدى. ئەمما بەزى كىشىلەر بۇ ئىش-نىڭ ئەھمىيىتىنى تېخى يولداش مەتنۇردەك چۈشىنەل-مىگىنى يوق، ئەكسىچە، غەلىتىلىك ھېس قىلىشۋاتىدۇ. مەن سىلەرنى شۇجىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرەي، ئۆزەتەل-

پىڭلارنى ئارتىنماي دەڭلار. بۇ مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا جەزمەن تۈرتكە بولىدۇ...

ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بىزنى چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈشكە بىر سائەت قالغاندا قوبۇل قىلدى.

بۇ ئادەم ماڭا تونۇش، ئۇ يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە پومېشچىك - زومىگەرلەرنىڭ ھەيۋىسىنى ئەرەختىن-پەرەختىن قىلىۋەتكەن ئىدى. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ھاردىم - تالدىم دېمەي، يېزا - كەنتلەردە چېپىپ يۈرۈپ، كۆپچىلىكنى تىرىشىپ ئىشلەپ باي بولۇشقا قوزغاپ، بىزنىڭ قالتىس ھۆرمىتىمىزگە ئىگە بولغان. كېيىن ناھىيىمىزنى ۋىلايەت بويىچە ھەممىدىن ئاۋۋال كوپېراتسىيىلەشكەن ناھىيىگە ئايلاندۇرۇپ داڭ چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ شۇجىنى كۆرمىگەن ئىدىم. قارىغاندا، ئۇ ھازىر خېلىلا قېرىپ قاپتۇ، ئەسلىدىكى يولۋاس مىجەزلىكىدىن ھېچنېمە قالمىغاندەك ئىدى.

— مەتنۇر ئۈمىدىمنى يەردە قويدى. پارتىيىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىمىدى، — دېدى ئۇ، بىزنىڭ مەتنۇر شۇجىنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىمىزنى چالا-پىلا ئاڭلىغاندىن كېيىن، — سىلەر ئۇنى ئاقلاپ ئاۋارە بولماڭلار، بۇ ئۇنداق ئىش ئەمەس، شۇنداق ئاسانمىكەن؟ مەتنۇر ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىدىن يول-يورۇق سورىماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ خەقنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. يىگىرمە نەچچە يىل كۈرەش قىلىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە يۆلەپ تۇرغۇزغان كوللېكتىپ

باشلىسا، بىز شۇنىڭ يېشىنى تۇتىمىز. مەتنۇر شۇجىنى قايتۇرۇپ بەرسۇن! بىز ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئەپچىقالمايدىغان شۇجىلاردىن جاق تويغان!...

بىز بۇ ھەقتە ناھىيە بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئالدىمىزدىن بەش كىشىنى ۋەكىل قىلىپ سايلىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسىنى ئىزلەپ يۈرۈپ، بىز تونۇيدىغان يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ كىشى بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، بەكمۇ قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ناھايىتى ياخشى. دەل ۋاقتىدا كەپسىلەر، يولداش مەتنۇرنىڭ مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى كۆرگەندىن كېيىن قانات تىلانغىنى راست. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئەمەسمۇ، بىرقاراپلا مەركەزنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ يېتەلىدى. ئۇزاق يىل داۋام قىلغان قاتماللىقنىڭ يىلتىزىنى كۆرەلىدى. بۇنىڭغا سەۋىيە، جاسارەت بولمىسا بولمايدۇ! يولداش مەتنۇر يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا بەل باغلاپ، كونا رامكىلارنى بۇزۇپ، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بۇ يېزىلىق پۈتۈن ناھىيىدە چوڭقۇر زىلزىلە پەيدا قىلدى. دېھقانلارنىڭ كۆڭلىگە تازىمۇ ياقتى، ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلى سىلەردە بولۇپ قالدى. ئەمما بەزى كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخى يولداش مەتنۇردەك چۈشىنەلىگىنى يوق، ئەكسىچە، غەلىتىلىك ھېس قىلىۋاتىدۇ. مەن سىلەرنى شۇجىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرەي، ئۆزتەلى-

پوپوزا قىلدى...

كۈنلەر، ئايلار ئۆتتۈۋەردى، بىز «مەركەزنىڭ دېگىنى ھېساب» دېگەندە چىڭ تۇرۇپ، ھۆددە ئالغان يېرىمىزبىلەن ھەپىلىشىۋەردۇق. گوڭشېمىزغا ناھىيىنىڭمۇ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭمۇ خىزمەت گورۇپپىلىرى كۆپ قېتىم كېلىپ كېتىشتى. ئەمما يا «ياخشى» يا «يامان» دېگەن گېپنى قىلىشمىدى. ھەدېسىلا مەتنۇر شۇجىنىڭ ماڭغان - تۇرغان قەدەملىرىدىن بىر نېمە ئىزدەيتتى. بىزدە بولسا، ئۇنى «يامان» دەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق.

كۈزلۈك يىغىم - تېرىم راسا قىزىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەممىمىزنى سۆيۈندۈرۈۋەتكەن بىر خەۋەر گوڭشېنى قاپلاپ كەتتى:

— مەتنۇر شۇجى قايتىپ كەلدى!...

— مەتنۇر شۇجىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەپتۇ!...

— مەتنۇر شۇجى تامغىنى قولىغا ئاپتۇ!...

— ...

بىز ئارا - گۈرجەكلىرىمىزنى تاشلاپ، گوڭشې ئورگىنىغا يۈگۈردۇق. مەتنۇر شۇجىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاسمانغا ئاتتۇق، بەئەينى نورۇز، بەئەينى قىقاس-چۇقىنى پەلەككە يەتكەن توي!... ناھىيە تا شۇكەمگىچە ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى يا «توغرا» يا «خاتا» دەپ ئېنىق بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز كۆڭلىمىزدە بىلىملىك، جۈرئەتلىك شۇجىمىزنىڭ مەركەزنىڭ مۇددىئاسىنى توغرا چۈشەنگەنلىكىنى، سىناقتىن ئۆتەلىگەنلىكىنى دەررۇ پەملىۋالدۇق!...

ئەگىلىكىنى بىرلا قوۋيۇن چىقىرىپ ۋەيران قىلدى، ئىبىگىلاردا بولسۇنكى، بۇزماق ئاسان، قۇرماق تەس، مەتنۇر شۇجى بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ...

— مەتنۇر شۇجى بىزگە مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى يەتكۈزگەن، — دېدىم مەن ئەلەملىك خورسىنىپ، — مەركەزنىڭ ھۆججىتىدە...

— ھۆججەت! — شۇجى ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن بوغۇلۇپ كەتتى، — بىلىمەن، بىلىمەن، مەن ئۇ ھۆججەتنى كۆرمەپتىمەنمۇ، ئوقۇماپتىمەنمۇ؟ تازا كۆرگەن، ئوقۇغان!... ئەلۋەتتە، مەركەزنىڭ يوليورۇقى — قانۇن، لېكىن ھەر ئىشنىڭ ئۆز قەدەم - باسقۇچى، ھەر جاينىڭ ئۆز شەرت شارائىتى بولىدۇ. مەن تېخى ھايات. بۇ ھۆججەت توغرىسىدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىرەر نەرسە دەپ ئېغىز ئاچقىنىنى ئاڭلىمىدىم. ئاۋۋال باشقىلار قىلىپ كۆرسۇن، يۇقىرى پارتكوممۇ ئاق قەغەزگە قارا سىيادا بىر نېمە يېزىپ قىزىل تامغا بېسىپ، ئىجرا قىلىڭلار دەپ يوليورۇق چۈشۈرسۇن، بىز شۇنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن مىدىرلايمىز...


شۇجى شۇنىڭدىن كېيىن، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلىدى. بۇ گەپلەرنى باشلانغۇچ كوپېراتىپ مەزگىلىدىن تارتىپ تولا ئاڭلاپ قۇلىقىمىز پىشىپ كەتكەچكە، ئازراقمۇ يېڭىلىق ھېس قىلمىدۇق. ئەمما - زە، تاقىتىمىز - تاق بولۇپ تۇرغان سوئاللىرىمىزغا بولسا، شۇجى يېقىن يولاشنى خالىمىدى. ئەكسىچە، «مەتنۇرنى يەنە ئاقلايدىغان بولساڭلار ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىسىلەر» دەپ

ئۆمىكىمىزنى ئىزدەپ، ئۆزلىرى چۈشكەن ياتاق-مېھمانـ
خانىلارغا تەكلىپ قىلىپ، ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى سۆز-
لەتكۈزدى. مەتنۇر شۈجىنىمۇ دەڭسەپ باھالاشتى. مانا
دېمىدۇقمۇ، گەپ ئىسلاھاتچىدا ئىكەن، دېيىشتى.
شۇنداق قىلىپ، ھاكىم سايلاشنى باشلىۋەتتۇق.
ئەلۋەتتە، بىز بۇ قېتىملىق ئىسلاھات جەريانىدا
ياش، بىلىملىك، ئىقتىدارلىق بىر باشلامچىنىڭ تىرىك-
چىلىك يولىمىزنىڭ راۋان بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆر-
سىتەلەيدىغانلىقىنى، ئۈمىد — ئىسلاھاتقا باشلامچىلىق
قىلغۇچىدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدۇق. شۇڭا، قاي-
تا - قايتا كېڭىشىپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ھەممىمىز
بىردەك مەتنۇر شۈجىنى ھاكىم نامزاتى قىلىپ كۆرسەت-
تۇق، ئەسلىدە ئۇ نامزاتلار قاتارىدا يوقكەن.
كىم بىلسۇن، بۇنىڭدىن ناھىيىمىزدىكى بەزى رەھ-
بەرلەر ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ ياشانغان شۇ-
جىمىز ئۆزىنى باسالماي قالدى. تەرەپ - تەرەپكە چې-
پىپ، مەتنۇر شۈجىنى ھەدەپ ئەيىبلىگىلى تۇردى، تا-
لاش - تارتىش، تىركىشىش بىر كېچە ئىككى كۈندۈز-
گە سوزۇلدى...
ئۇلار: «مەتنۇر ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى›دا ئىسيان كۆ-
تۈرگەن، بۇنى ئېنىقلاش زۆرۈر» دېيىشتى، بىز: «ئىسيان
كۆتۈرگىنى راست. كېيىن ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى› دىن
نەپرەتلەندى، ئۆزىمۇ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى»
دەپ پاكىت سانىدۇق، ئۇلار: «مەتنۇر سولاققا چۈشكەن»
دېيىشتى، بىز زەردىمىز قاينىغان ھالدا «بۇ، ئۇنىڭ شە-

شۇ يىلى گۇڭشېمىز ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىم يۈرەك چىلاشقىدەك ھوسۇل ئالدى. ناھىيە بويىچە بىرىنچى بولۇپ غەللە - پاراقلىرىمىزنى تاپشۇرۇۋېتىپ، ئارتۇق ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دانلىرىمىزنى دۆلەتكە سېتىپ بەردۇق. ئاشلىق سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ تەييارلىقى بولمىغاچقا، سېتىۋالغان ئاشلىقنى سىغدۇرىدىغان ئىسكىلات تاپالماي، ساقلاپ بېرىشنى ئۆزىمىزگە ھاۋالە قىلدى. تېخى!

12 - ئايدا ناھىيە خەلق قۇرۇلتىيى چاقىردى. بىز بىر ئېغىزدىن مەتنۇر شۇجىنى بۇ قۇرۇلتايغا ۋەكىل قىلىپ سايلىدۇق. گەپنىڭ لىللاسىنى ئېيتسام، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن مەن كۆپ قېتىم خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان، ئۇ چاغلاردا مەن رەھبەرلىرىمىز بىز ئۈچۈن ئويلاپ، ھەممىنى پۇشۇرۇپ، تەلتۆكۈس تەييارلاپ قويىدۇ، دەپ چۈشىنەتتىم. شۇڭا، قۇرۇلتاي جەريانىدىكى مېنىڭ ۋەزىپەم ئۈچ ۋاخلىق ئېسىل پۇلسىز غىزانى تۈزۈت قىلماي يېيىش. ئىلگىرىكىلەرىدىن پەرقى بولمىغان بىر خىل مۇقامەدىكى ھېسابات دوكلاتىنى مۈگدەپ ئولتۇرۇپ ئاڭلاش، ھاكىملار نامزاتىغا ئېرى - بىرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قول كۆتۈرۈش بولغان دېسەم، قىلچە يالغان ئېيتقان بولمايمەن.

لېكىن-زە، بۇ قېتىم ئىش ئۇنداق بولمىدى. 467 ۋەكىل، قۇرۇلتاي جەريانىدا ھۆكۈمەتنىڭ دوكلاتىغا ئەمەس، ئەكسىچە، بىزنىڭ گۇڭشېدىكى ئىسلاھاتنىڭ ھاسىلاتىغا ھەۋەس قىلىشتى، ۋەكىللەر ھەدېسىلا بىزنىڭ ۋەكىللەر


سايلام ساندۇقى

دېمى!» دەپ كۆرسەتتۇق. تېخى «مەتنۇر رەھبەرلىك بى-
لەن قارشىلاشتى، باشباشتاق» دېگەنلەرمۇ بولدى. بىز
بۇ گەپكە «كونا قېلىپ ۋە ئۆلچەپ مېڭىشقا قارشى
چىقتى، تۈزۈكرەك كۈن كۆرۈشىمىز ئۈچۈن يېڭى يول
ئاچتى...» دېدۇق. «مەتنۇر بىر زىيالىي. زىيالىينىڭ قىز-
غىنلىقى ئۇزاققا بارمايدۇ» دېگەننى قارىمامدىغان! بىز
ئۇلارغا: «بۇ، ئەبجەقى چىققان كونا سەپسەتە. بۈگۈنكى
كۈندە زىيالىي بىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىمىز، ئارزۇ-
ئارمانلىرىمىزنىڭ ۋەكىلى» دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلىدۇق.
يەنە: «مەتنۇر تېخى ياش، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق
ئۆتمىگەن» دېگەنلەرمۇ بولدى. كۆپچىلىك بۇنىڭغا: «ياش
بولسا نېمە بوپتۇ، ياشلار جۈرئەتلىك كېلىدۇ، ئىسسىق-
سوغۇقنى قول سېلىپ ئىشلىگەن ئادەم باشتىن كەچۈ-
رىدۇ» دەپ رەددىيە بەردۇق... ئاساسىي قانۇن، ساي-
لام قانۇنى بولغاچقا چەكسىز تالاش - تارتىش قىلىۋې-
رىشكە بولمايتتى.

سايلام قەغىزىگە ئۆزىمىز ئىشىنىچ قىلغان كىشى-
نىڭ ئىسمىنى يازدۇق - تە، «سايلام ساندۇقى»غا تاشلى-
دۇق. ئەسلىدە، ۋاقىت چۈشكە تاقاپ قالغاچقا، ئاۋاز
بېرىپ بولغاندىن كېيىن، چۈشلۈك غىزاغا چىقساقمۇ
بولۇۋېرەتتى. لېكىن، بۇ دورەم ھېچكىم چۈشلۈك غىزانى
خىيالىغا كەلتۈرمىدى، خۇددى ساندۇقتىن كارامەت چى-
قىدىغاندەك ھەممەيلەن «سايلام ساندۇقى»دىن كۆزىنى
ئۈزمەيتتى. قەغەز تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، زالنىڭ
ئىچى بىر خىل سۈرلۈك جىمجىتلىق ئىچىگە چۆكۈپ
قالدى.

—يولداش مەتنۇر، —دېدى باش ئازارەتچى قەددى-
دىنى تىك تۇتۇپ، —431 ئاۋاز، ئاۋاز سانى بويىچە
بىرىنچى.

—يولداش ... ... 391 ئاۋاز، ئاۋاز سانى بويىچە
ئىككىنچى.

—يولداش... ... 387 ئاۋاز، ئاۋاز سانى بو-
يىچە ئۈچىنچى.

—يولداش ... ... ...

باشقا گەپلەر قۇلىقىمىزغا كىرگىنى يوق، كۆڭلىمىز
شادلىق بىلەن دولقۇنلاندى، دوپپا - تۇماقلىرىمىزنى
ئاسمانغا ئېتىپ، ئالقانلىرىمىز قىزىرىپ كەتكىچە چا-
ۋاك چالدۇق. قول سىقىشىپ، بىر - بىرىمىزنى مۇبا-
رەكلىدۇق، راسا يۇخادىن چىقتۇق. خۇشاللىقىمىزنى با-
سالماي، بۇ خەۋەرنى شۇ زامان ناھىيە ئىچىگە يېيىۋەت-
تۇق، بىزنىڭ ھاكىم ساندۇقتىن ئەنە شۇنداق چىققان!...

## ٩. جاراھەت

روزىمەت تاغا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىر-
دەم توختۇۋېلىپ بىزنى ئالدىمىزدىكى قوغۇنغا زورلىدى:

—قېنى يېقىڭلار، سىگىپ كېتىدۇ...

پېشقەدەم پروفېسسور رازىمەتنىڭ بىلەن روزىمەت
تاغىغا رەھمەت ئېيتتى:

—مەتنۇر ھاكىم مۇنداق ئادەم ئىكەن-دە، قوغۇنىمۇ
شېرىن، «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم»نىڭ ھېكايىسى تېخىمۇ
شېرىن بولدى، رەھمەت سىلىگە، شۇنداق قىلىپ،

—ئاۋاز بېرىش ئاياغلاشتى.— ئېلان قىلدى باش نازارەتچى،— ۋەكىللەرنىڭ تاماققا چىقىشىنى تەكلىپ قىلىمىز، سايلام نەتىجىسى چۈشتىن كېيىن ئېلان قىلىنىدۇ.

بۇ تەكلىپكە ھېچكىم مىدىر - سىدىر قىلىشمۇ قويـ مىدى. ۋەكىللەر «سايلام ساندۇقى»غا مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇۋەردى. بۇ ھال باش نازارەتچىنى تەمتىرىتىپ قويدى بولغاي، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمىگەندەك، كەينىگە بۇرۇلۇپ، سەھنىدە ئولتۇرغان شۇجىغا قاراپ قويدى. شۇجى ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەكىللەرگە قاراپ، بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋېدى، تۆۋەندە ئولتۇرغان ۋەكىللەردىن بىرى:

—غىزا ھېچنەگە قاچمايدۇ، سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ بەرسۇن!— دەپ ۋارقىرىدى.

پۈتۈن زالنى گۈلدۈرلىگەن چاۋاك، قىقاس - سۈرەن قاپلاپ كەتتى، باش نازارەتچى بىلەن شۇجى كۈتۈلمىگەن مالىماندىن ھودۇقۇپ بىر - بىرىگە قاراشـ تى. شۇجى بىر نەچچە قېتىم مىكروفون ئالدىغا كېلىپ نېمىندۇر دەپ توۋلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى «ئېلان قىلىپ بەرسۇن!» دېگەن سادا ئىچىدە كۆمۈلۈپ كەتتى.

خۇلاسە، سايلام بېلىتىنى ھېسابلاشتىن باشقا چارە قالمىدى. ھەممىمىزنىڭ كۆزى سەھنىدە ئىدى. كۆڭلىمـ مىزدە بېلەتلەرنى ھەممىمىز تەڭ سانايتتۇق. تەقەززالـ لىق ئىچىدە بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى، باش نا زارەتچى بىلەن باش بېلەت سانىغۇچى ئاۋازلار جەمـ لەنگەن بىر ۋاراق قەغەزنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى

بىرلەپ قاراپ ماڭدى. كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈندى بولغاي، بەقەسەم يوللۇق بىر قارا قاش قوغۇننى تەۋەككۇل قىلىپ ئۈزدى. مەن «ئىسىم دەپلا قالدىم. چۈنكى، قاراقاش كۆزلۈك قوغۇن بولۇپ، ئۇنىڭ پىشىشىغا تېخى بىرەر ئايچە ۋاقىت بار ئىدى.

پېشقەدەم پروفېسسور مۈڭگۈز ساپلىق پىچاقىنى قولىغا ئېلىپ قوغۇننى تىلدى ھەمدە ئالدى بىلەن بىر تىلىمىنى روزىمەت تاغىغا سۇندى. روزىمەت تاغا قوغۇننى تېتىپ كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

— تەم كىرىپتۇ، يامان ئەمەس، ئالما تاتلىقى بوپتۇ. بىزنىڭ قۇملۇقتىكى تىرىكچىلىكىمىزگىمۇ ئەمدىلا تەم كىردى، خۇدا خالىسا، يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەممە ئىش باشقىچە بولىدۇ. يازلىق، كۈزلۈك، قىشلىق قوغۇنلارنى ئۆز تۈرى بويىچە پاسىل قىلىپ ئايرىپ تېرىيمىز. ئۇ چاغدا، قولغا چىققاننىڭ ھەممىسى ناۋات تېتىيدۇ!...

ئاندىن كېيىن، روزىمەت تاغا بىزنى كېۋەز -قوناقلىرى ۋە كۈزگى بۇغداي تېرىش ئۈچۈن تەييارلىغان ئېتىزلىرىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

— ئاشۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدىن كېيىن، — دەپ باشلىدى ھېكايىسىنى روزىمەت تاغا، — غايىب بىرسى كېلىپ ئىگىلگەن قەددىمنى رۇسلاپ قويغاندەك، يىگىرمە يىل كەينىمگە يېنىپ كۆچكە تولغان بەردەم چاغلىرىمنى قايتىدىن تېپىۋالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئىچىمگە بىر ئوت كىرىۋالدى، پۈتۈن بىر ھۆكۈمەتنى ئۆزىمىز ئۆرە قىلالىغان يەردە، نېمىشقا خۇدا بەرگەن كاللا بىلەن قول-

روزىمەت تاغا، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نېمە بولدى؟

روزىمەت تاغا تىزىنىڭ ئۈستىگە ئىككى قولىنى قويغىنىچە بىر پەس تۇرۇۋېلىپ دېدى:

— ئاخىرى يەنە بار، مەن بۇنى ئاڭلايدىغانلا كىشى بولسا دەپ كېلىۋاتىمەن، ئازراق سەۋر قىلىڭلار، مۇنداق بولسۇن، بۇ يەر مېنىڭ چۇۋۇق كەپەم ئەمەس، قوغۇنلۇق. قوغۇنلۇققا ئاياغ بېسىپ كەلگەن مېھمان ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ يېمىسە ھېساب بولمايدۇ. بايىقىسى مېنىڭ مېھماندارچىلىقىم. ئەمدى ئۆزۈڭلار چۆنەك ئارىلاپ خالىغانچە تېتىپ بېقىڭلار، قېنى مەرھەمەت...

بىز قوغۇنغا تويغان ئىدۇق، رەھمەت ئېيتتۇق، لېكىن روزىمەت تاغا:


— ئۇنداق دېمەڭلار، مېھمان پىلەكتىن ئۆز قولى بىلەن بىر قوغۇن ئۈزۈپ يېمىسە، ئۈزگەن يەردە سويىسى ئۇن بولۇپ ئاۋىيدۇ، دېگەن گەپ بار. مېھماننىڭ رىسقى ئۆزى بىلەن بىللە ئەمەسمۇ، قېنى بەھۇزۇر ئىلتىپات قىلىڭلار...، — دېگىنىچە چەللە قاشانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

پىشقەدەم پروفېسسور كۈلۈپ: «بۇ، قىزىق ئادەمكەنـھە، ئالىمجان، قانداق قىلىمىز» دەپ ماڭا قارىدى.

— قېنى روزىمەت تاغىنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن، تەلىيىڭىزنى بىر سىناپ كۆرمەمسىز؟

پروفېسسور ئىشەنچسىزرەك قەدەم بېسىپ چۆنەككە چۈشتى. قايسىنى ئۈزسەمكىن دېگەندەك، پىلەكلەر ئارىسىدا ياتقان ھەر خىل رەڭدىكى قوغۇنلارغا بىر-

پۈتىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىمىزنى ئۆرە قىلالمايمىز، دەپ
ئويلىدىم. مەھسۇلاتنى ھۆددە قىلىش دېگەن نېمىكەن؟
شۇ يىلى مەھسۇلاتلا ئەمەس، يەرمۇ قولىمىزغا ئۆتتى.
لېكىن، دوپپامچىلىك بۇ يەر ئۆزۈمنى ئۆرە قىلىش ئار-
زۇيۇم بىلەن قانداقمۇ كېلىشەلىسۇن؟ قىرىق يىلدىن
بۇيان دىلىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا جاراھەت بولۇپ ساق-
لىنىپ كېلىۋاتقان بىر ئوي باشقىدىن لاۋۇلداپ يېنىپ
قالدى. بىر كۈنى ئوغۇللىرىم، كېلىنلىرىم ۋەنەۋرىلىرىم-
نى يىغىپ:
— باللىرىم، ئىشلىگەن چىشلەيدىغان زامان يېتىپ
كەپتۇ، داستىخان كىچىك كەپقالدى. قەدىمكى ماكانىمىزغا
بېرىپ بەگباش قۇم بىلەن يەر تالىشىمىز، ئۇ بىزنىڭ
بولىدۇ. ئۇ يەردە نى - نى ئىشلارنى قىلالايمىز، «گۆھەر
تەلمۈرۈپ ياتسا يىدا، بېرىپ قولىغا ئالمىساق نېمە
پايدا»، دېدىم.
ئوھو... ماۋۇ پېشكەلچىلىكنى كۆرمەمدىغان! مېنىڭ
بۇ گېپىم ھەدېگەندىلا پۈتۈن ئائىلىمىزدە چوڭ غەۋغاغا
سەۋەب بولدى، تىلى ئۇزۇنراق بىر كېلىنىم:
— دادىكا، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ «توپتىن ئايرىلغاننى
توپا يەپتۇ، ئەلدىن ئايرىلغاننى بۆرە»، دېگەن گەپ بار.
يەنە ئاشۇ ئالۋاستىنىڭ ئۇۋىسىغا بارىمىزمۇ؟ — دېدى
نارازى بولۇپ.
— دادا، بىزگە تەخىم قىلىنغان يەر ھېچكىمنىڭ
كىدىن ئاز ئەمەس، توپىسى بەزرەك بولسىمۇ، ئەجىر
قىلساق جەزمەن نەپ بېرىدۇ، بىزنىڭمۇ قولىمىزنىڭ پەن-



گۈلۈك، ئەرلىرى ماقۇل دېسە، خوتۇنلىرى تېرىكەتتى. خوتۇنلىرى بوپتۇ دېسە ئەرلىرى ئۇنىمايتتى. يامانلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە ھازىرلانغان كېلىنلەرمۇ، ئۆي ئايرىپ بۆلەك بولماقچى بولغان ئوغۇللارمۇ چىقتى.

قىسقىسى ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن، ئۆگىنىپ قالغان جامائەتتىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، كۆپرەكى يىگىرمە چاقىرىم چەتتىكى دەشتنى - باياۋاندىن نېمە چىقار، دەپ ئەنسىرەپ ھودۇقاتتى...

روزىمەت تاغا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، نېمىندۇر يادىغا ئېلىپ شۈك بولۇپ كەتتى. ساقال باسقان كالپۇكلىرى تىترەپ، سەل كومشەكرەك بۇرۇن چاناقلىرىنىڭ كېرىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم، ئۇ ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

— دۇرۇس، بۇ بىر ئىش سىلەرگە قاراڭغۇ، بۇنىمۇ دەپ بېرەي. خەقلەر مېنى: «يېڭى سىياسەت روزىمەت تاغامغىلا ياراشتى، گۇسمۇستەك بەش ئوغلى بىلەن ئاسمانغا چىقسىمەن دېسىمۇ چىقالايدىغان بولدى» دېيىشكەن ئىدى. لېكىن تولا كىشىلەر مېنىڭ ئوغۇللىرىمنىڭ ئەسلىدە بەش ئەمەس ئالتە ئىكەنلىكىنى، بۇنى ئويلىسام، ھېلىمۇ يۈرىكىم قانغا تولىدىغانلىقىنى ئۇلار نېمە بىلسۇن؟

روزىمەت تاغا ئۇچتەك ئاقارغان قاشلىرىنى ھۈرپەيتىپ، بىردىنلا قېرىپ قالغاندەك سولىشىپ، ھەپىلىسى قاچقان ھالدا تال بىلەن توقۇلغان كەپىنىڭ ئۇدۇلىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان چاقپەلەكلىك قۇدۇققا نادامەت بىلەن

جىسى بەش. سۇ - سەللىرى، باغ - ۋارانلىرى بار مۇشۇنداق يۇرت ئىچىنى تاشلاپ يەنە نەگە بارىمىز؟— دېدى چوڭ ئوغلۇم.

— ئەمدى ئۇھ دېدۇق، بىر چىشلەم يەرگە ئىگە بولدۇق، خۇدا ئۇرسۇن قوملۇقىنى!— دەپ ماي تارتتى ئوتتۇرانچى كېلىنىم.

— ئىسىت بالام، كۆز قارىچۇقۇم، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، سېنى ئاشۇ دوزاخ خازان قىلمىدىمۇ؟ مەن بۇ دەردكە قانداق قىلاي، قانداق چىداي؟ دېنى ئۇ يەرگە باشلىغىچە مۇشۇ يەرگىلا تىرىك كۆمۈشلار...— دەپ ھازا ئېچىپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى ئانىسى.

چوڭ ئۈچ ئوغلۇم، تۆت كېلىنىم خۇددى مەن ئۇلارنى بارسا كەلمەس كويىقاپقا ئىتتىرىپ كېتىۋاتقاندەك، غەزەپتىن يېرىلىپ، قەدىمكى ماكانىمىزغا قايتىشقا نەۋزەمبىللا ئۇنىمىدى. تۆتىنچى ئوغلۇم مەتتوختى بېشىنى سېلىپ ئولتۇرۇپ ھېچنېمە دېمىدى، ھەدەپ ئېغىر پۇشۇلدايتتى. پەقەت كەنجى ئوغلۇم مەتتۇرسۇن بىلەن نەۋرە ئوغلۇم مەتسايىتلا شەھەر كۆرۈشكە ئالدىرىغاندەك، بۇ ئىشقا ھەۋەس قىلىشتى.

مەتسايىت ھە دېگەندىلا:

— بېرىپ باقمايمىزمۇ، كۆرۈپ باقمايمىزمۇ، — دەپ تىپىرلاپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.

خۇلاسە، بىر كېچە، ئىككى كۈندۈز دەتالاش قىلدۇق. ئوغۇللىرىمۇ، كېلىنلىرىمۇ، ھەتتا چوڭ - كىچىك نەۋرىلىرىمۇ ئىككى قاش بولۇپ كەتتى. نېمە دې-

گۈلۈك، ئەرلىرى ماقۇل دېسە، خوتۇنلىرى تېرىكەتتى. خوتۇنلىرى بوپتۇ دېسە ئەرلىرى ئۇنىمايتتى. يامانلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە ھازىرلانغان كېلىنلەرمۇ، ئۆي ئايرىپ بۆلەك بولماقچى بولغان ئوغۇللارمۇ چىقتى.

قىسقىسى ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن، ئۆگىنىپ قالغان جامائەتتىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، كۆپرەكى يىگىرمە چاقىرىم چەتتىكى دەشتتى - باياۋاندىن نېمە چىقار، دەپ ئەنسىرەپ ھودۇقاتتى...

روزىمەت تاغا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، نېمىندۇر يادىغا ئېلىپ شۇك بولۇپ كەتتى. ساقال باسقان كالپۇكلىرى تىترەپ، سەل كومشەكرەك بۇرۇن چاناقلىرىنىڭ كېرىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم، ئۇ ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

— دۇرۇس، بۇ بىر ئىش سىلەرگە قاراڭغۇ. بۇنىمۇ دەپ بېرەي. خەقلەر مېنى: «يېڭى سىياسەت روزىمەت تاغامنىلا ياراشتى، گۇسمۇستەك بەش ئوغلى بىلەن ئاسمانغا چىقىمەن دېسىمۇ چىقالايدىغان بولدى» دېيىشكەن ئىدى. لېكىن تولا كىشىلەر مېنىڭ ئوغۇللىرىمنىڭ ئەسلىدە بەش ئەمەس ئالتە ئىكەنلىكىنى، بۇنى ئويلىسام، ھېلىمۇ يۈرىكىم قانىغا تولىدىغانلىقىنى ئۇلار نېمە بىلسۇن؟

روزىمەت تاغا ئۇچتەك ئاقارغان قاشلىرىنى ھۈرپەيتىتىپ، بىردىنلا قېرىپ قالغاندەك سولىشىپ، ھەپىلىسى قاچقان ھالدا تال بىلەن توقۇلغان كەپىنىڭ ئۇدۇلىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان چاقپەلەكلىك قۇدۇققا نادامەت بىلەن

جىسى بەش، سۇ ـ سەللىرى، باغ ـ ۋارانلىرى بار مۇشۇنداق يۇرت ئىچىنى تاشلاپ يەنە نەگە بارىمىز؟ ـ دېدى چوڭ ئوغلۇم.

— ئەمدى ئۇنە دېدۇق، بىر چىشلەم يەرگە ئىگە بولدۇق، خۇدا ئۇرسۇن قۇملۇقنى! ـ دەپ ماي تارتتى ئوتتۇرانجى كېلىنىم.

— ئىسىت بالام، كۆز قارىچۇقۇم، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، سېنى ئاشۇ دوزاخ خازان قىلمىدىمۇ؟ مەن بۇ دەردكە قانداق قىلاي، قانداق چىداي؟ سېنى ئۇ يەرگە باشلىغىچە مۇشۇ يەرگىلا تىرىك كۆمۈۋالار... ـ دەپ هازا ئېچىپ ئۆينى بېشىغا كىيدى ئانىسى.

چوڭ ئۇچ ئوغلۇم، تۆت كېلىنىم خۇددى مەن ئۇلارنى بارسا كەلمەس كويىغا قاپقا ئىتتىرىپ كېتىۋاتقاندەك، غەزەپتىن يېرىلىپ، قەدىمكى ماكانىمىزغا قايتىشقا نەۋزەمبىللا ئۇنىمىدى. تۆتىنچى ئوغلۇم مەتتوختى بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ هېچنېمە دېمىدى، هەدەپ ئېغىر پۇشۇلدايتتى. پەقەت كەنجى ئوغلۇم مەتتۇرسۇن بىلەن نەۋرە ئوغلۇم مەتسايىتلا شەهەر كۆرۈشكە ئالدىرىغاندەك، بۇ ئىشقا هەۋەس قىلىشتى.

مەتسايىت هە دېگەندىلا:

— بېرىپ باقمايمىزمۇ، كۆرۈپ باقمايمىزمۇ، ـ دەپ تىپىرلاپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.

خۇلاسە، بىر كېچە، ئىككى كۈندۈز دەتالاش قىلدۇق. ئوغۇللىرىممۇ، كېلىنلىرىممۇ، هەتتا چوڭ ـ كىچىك نەۋرىلىرىممۇ ئىككى قاش بولۇپ كەتتى. نېمە دې-

تى. ئېرىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوڭاي بولمىغاچقا، ھەممىمىز ئۇلىشىپ، بۇلاق كۆزىنى چەنلەپ قۇدۇق قازدۇق. قۇدۇق ئىچىدە ئادەم بويى سۇ توپلاندى، لېكىن قانچە قىلساقمۇ سۇ تۆپىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقالمىدى، چاقپەلەك ئارقىلىق تارتىپ چىقارماقچى بولدۇق، ھەممە تەييارلىق پۈتەي دېگەندە، بەگ ھاجى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى:

— بولدى، بەس. قۇدۇقنىڭ سۈيى مال - چارۋىغا كېرەك، ئاشقىنى ياي لاقنى سۇغارسۇن، سىلەر بۇ يەردىن كېتىڭلار، — دەپ بۇيرىدى.

ئۇ كەمدە كىممۇ ئۇنىڭغا گەپ قايتۇرالىسۇن! ئۇنىڭ دېگىنى قانۇن تۇرسا! شۇنداقتىمۇ «ئەمدى نەدە سەرسان بولۇپ يۈرۈيمىز، قۇدۇقنى بىز كولىدۇققۇ» دەپ تىركەشتۇق. بەگ ھاجى:

— بولدى، گەپ بىر. قۇدۇقنىڭ سۈيىدە ھەرقايسىڭ يەر سۇغارساڭ، چارۋا بىلەن ياي لاقنى مەن تەلپىكىمدە سۇ توشۇپ سۇغىرامدىمەن؟! — دەپ زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ زەردە بىلەن گۈلەيدى.

نېمە قىلغۇلۇق! دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتتۇق. كۆدە - كۆرپەمىزنى تېڭىپ يۇرتقا قايتىپ، بەگ ھاجىغا يىللىقچى - ئوتاقچى بولۇشقا مەجبۇر بولدۇق. قۇمىلۇقتىن كېتىشتىن ئىلگىرى بەگ ھاجى يىللىقچىلار ئىچىدىن ئۈچ كىشىنى تاللاپ، ئۇلارنى چارۋىسى بىلەن قۇدۇقتىن خەۋەر ئېلىشقا بەلگىلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇم مەتسىيىتمۇ بار ئىدى.

تىكىلدى - دە:

— ئۇ بالامنى كۆمۈۋەتكەن، ئاشۇ قۇدۇققا تىرىك كۆمۈۋەتكەن! — دەپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

مەن خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك، تېنىم شۈركىنىپ، ئىتتىك روزىمەت تاغامغا قارىدىم. ئۇ، ساقاللىرى تىترىگەن هالدا تامدەك تاتىرىپ، بېشىنى سىلىپ بىر هازاغىچە ئۈنى چىقمىدى.

— بۇنىڭدىن قىرىق يىل مۇقەددەم، — دەپ تىترەك ئاۋازدا هېكايىسىنى باشلىدى بوۋاي، — نېمىسىنى دەي، شۇ تاپتا سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ بىر تاناپ يەر نەدىمۇ مۇنداق يۇلغۇن، يانتاقلىق بولسۇن؟ خېلىلا كۆجۈم مەھەللە ئىدى. بۇ يەرلەر، ئۇنىڭ ئايىغىدا ئوتچۆپلىرى مول كەگرى يايلاق بولىدىغان. كەچكۈزدىن تاكى ئەتىيازغىچە مال - ۋارانىنى سۇغىرىشقا، ئۆزىمىز ئىچىشكە يەتكۈدەك سۈپسۈزۈك بۇلاقمۇ، ياز كۈنلىرى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ بىر ئېرىق سۈيىمۇ ئېقىپ تۇرىدىغان. يايلاق يۇرت كاتتىسى بەگ هاجىغا تەۋە بولۇپ، قىش - ياز ئۇنىڭ بىر قوتان ئۇزۇن يۇڭلۇق ئاق قويلىرى ئوتلايتتى. ئاز - تولا تېرىلغۇ يەردە بولسا، بىز ئون نەچچە ئۆيلۈك نامرات دېهقان سۇ - سەلىنىڭ يېتىشكە بېقىپ تىرىكچىلىك قىلاتتۇق.

بىر يىلى كويىقاپنىڭ تېمى ئۆرۈلگەندەك، بىر ھەپتىگىچە بوران قوتراپ، قۇم يۆتكىلىپ سۇ كېلىدىغان ئېرىقنى كۆمۈپ تاشلىدى، ئېرىقنىڭ ئۆزى تۇگۇل ئىزنىمۇ قالمىدى. بۇلاقنىڭ كۆزىگە قۇم تىقىلىپ كاردىن چىق-

ىزلىنىپ بىر ئازگالدا يېتىپ قالغان ئىكەن. ئەتىسى
تاڭ يورۇغاندا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، قۇملۇق ئىچىدە
نە پادىچى ھەمراھلىرى، نە قويلار كۆرۈنمەپتۇ. بىر ھا-
زا ئاختۇرغاندىن كېيىن، قانغا مىلەنگەن، بۆرە تالاپ
تىما - چىيما قىلىۋەتكەن قويلار بىلەن ئىككى پادىچى
قېرىنداشنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپتۇ...

بەگ ھاجى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، شۇ كۈنىلا ئېتىنى
چېپىپ يايلاققا يېتىپ كەپتۇ، ئاق قوي بەگ ھاجىنىڭ
جېنى بولۇپ، بىرەر - يېرىمىنىڭ زايا بولۇشىغا ئەسلا
يول قويمايتتى. كېسەل تېگىپ ئۆلگەن بىرەر قوي ئۈ-
چۈن، ئۆمۈر بويى بەگدىن قەرزىنى ئۈزەلمىگەن پادى-
چىنىمۇ كۆرگەن بىز. نېمىشقا دېسەڭلار، بەگ ئاق قوينىڭ
كەم ئۇچرايدىغان ئۈزۈن، ئىنچىكە يۇڭىدىنمۇ پاتمانلاپ
پۇل تاپاتتى. ئاشۇ بىر قوتان ئاق قوينى كۆز - كۆز
قىلىپ باشقا بايلار بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇراتتى. ئاق
قوي يۇڭىنى لاداخ يولى بىلەن قايسىبىر ئەلگە يۆتكەپ،
ھەر خىل گەزلىمىگە تېگىشىپ سودا - سېتىقمۇ قىلاتتى.

بەگ ھاجى قۇملۇققا كېلىپ، جېنى تومشۇقىغا كې-
لىپ قالغان مەتسېيىتنى تېپىپ سوراققا تارتىپتۇ:

— ھوي ئوغرى، سەن تېخى تىرىكمۇ؟! — دەپ ۋار-
قىراپتۇ. مەتسېيىت چىشىنى چىشىغا بېسىپ، كۆزى ئېلىشىپ
ئۈندىمەپتۇ، بەگ ھاجى:

— مەن ساڭا نېمە دېگەن - ھە! ئاق قويلار
بار - سەنمۇ بار، ئاق قويلار يوق - سەنمۇ يوق. جان-
غا جان ئالىمەن، قويلار ساڭا ھۆددە دېگەن ئىدىم! قوي

مەتسىيت شۇ چاغدا ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بولۇپ، يەر دەسسىگەندىن تارتىپ ماڭا قول - قانات بولۇۋاتقان بالا ئىدى. بەگنىڭ ئىشىغا ھىيلە قىلمايتتى، كۈندۈزى مالنىڭ كەينىدە چاپسا، كېچىسى دەردىمگە دەرمان بولاتتى، بىر پارچە يۇمشاق نان تاپسا ماڭا قىسىپ ئېلىپ كېلەتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ: «دادا ئەجەب ئىسكەن، قوينى بىز باقساق، ياغلىق گۆش ئۇلارنىڭ، جاپا تارتىپ يەرنى بىز تېرىساق، نېمىشقا بۇغداي بىلەن پاختىسى ئۇلارنىڭ؟» دەپمۇ قويىدىغان... گەپنىڭ پوسكاللىسى، بەگ ھاجى دېگەندىكىن نېمە چارە؟ قانىتىدىن ئايرىلغان قۇشتەك بويۇن قىسىپ مەتسىيتنى تاشلاپ يۇرتقا كەتتىم.

كېيىنكى بىر يىلى، جۇدۇنلۇق ئەتىيازنىڭ بىر كۈنى مال قوتىنىدىن شۇم خەۋەر كەلدى: كۆپكۈندۈزدە قارا بوران بېسىپ كېلىپ، يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېتىپتۇ، بوران بىلەن تەڭ، چۆل ئىچىدىن بىر توپ چىل بۆرىلەر ئېتىلىپ چىقىپ مال پادىسىغا چاڭ سېپتۇ، نەچچە يۈز ئاق قوي ساراسىمگە چۈشۈپ، ھۈركۈپ، تېنەپ يايلاقتىن چىقىپ قۇملۇق تەرەپكە تىرىپ قېچىپتۇ، بۆرىلەر ماللارنى ئالدىغا سېلىۋېلىپ، بوغۇزىنى بوغۇپ، قارنىنى يارغىنىنى يېرىپ غالجىرلىق بىلەن سۈر توقاي قىلىۋېتىپتۇ.

ئۈچ پادىچى شۇ كۈنى چۈشتىن تارتىپ ئەتىسى تاڭ ئاتقىچە ماللارغا ئەگىشىپ بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپتۇ، مەتسىيت بۆرە تالاپ قانسىرىتىۋەتكەچكە، باشتىلا ھوش

تىقىلدى، تاپىنىمدىن كىرگەن ئوت مېڭەمدىن چىقىپ
كەتتى، «ئاھ، جىگىرىم بالام! ئاھ، مېنىڭ شورپېشانەم!
ئاھ ئوغلۇم!» ۋارقىرىغىنىمچە، ئېتىلىپ بېرىپ بەگ هاجى-
نىڭ ياقىسىغا ئېسىلدىم، ئىگەر ئۈستىدىن يۇلۇپ ئېلىپ
يەرگە ئېتىۋەتتىم.

— هوي مۇناپىق! كۈندۈزنى كېچە قىلىۋەتكەن مې-
نىڭ ئوغلۇممۇ؟ بۆرىنى چىللاپ كەلگەن پادىچى قېرىنداشلى-
رىممۇ؟! سەندە ئىنساپ، ئىمان دېگەن نەرسە بارمۇ-
يوق!؟ جانغا - جان، خۇنغا - خۇن! — مەن بەگ ها-
جىنى يەرگە بېسىپ، مەيدىسىگە تىزلاپ كارنىينى بوغۇپ
تۇرۇپ، شۇ كەينى دېگىنىمنى بىلىمەن. ئارقامدىن بىر-
سى كالتەك بىلەن بېشىمغا «قاس» قىلىپ ئۇرغانلىقىنى
سەزدىم، هوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، پۈتۈن بەدى-
نىم تىلما - تىلما يېرىلغان، قانغا بويالغان هالدا ئۆزۈم-
نى هۆكۈمەتنىڭ گۇندىخانىسىدا كۆردۈم...

## 10. هېكايىنىڭ ئاخىرى

روزىمەت تاغا شۇنىڭدىن كېيىن خېلى بىر ۋاقىتقىچە
تىمتاس بولۇپ كەتتى، ھەسرەت ياشلىرىنى بىزگە
كۆرسىتىشنى خالىمىدى بولغاي، چەتكە قارىۋالدى. لېكىن
بىز ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئوت - تىنىمسىز
يېلىۋاتقانلىقىنى، مويسىپىت چېھرىسىنى بويلاپ ئاققان
كۆز يېشىنىڭ بىر تېمىم - بىر تېمىدىن تامچىلاپ چۈ-
شۈپ قۇمغا سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق.

قېنى؟ — دەپ چىرقىراپ كېتىپتۇ.

مەتسىيت تىتىرەپ:

— قويلارنى... بىقووۋۇل كەپقالدۇق، بۆرىلەر...، — دېگەن ئىكەن، بەگ ھاجى:

— قوينىڭغۇ بۆرە يەپتۇ، سېنىڭچۇ سېنى نېمىشقا يېمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تۆلەيمەن، ئىشلەپ تۆلەيمەن، — دەپتۇ بىچارە ئوغلۇم مەتسىيت.

— ھوي ئوغرى، سەن نېمەڭگە تۆلەيسەن، پىتىڭگە تۆلەمسىنا! — دەپ بەگ ھاجى دەرغەزەپ بولۇپ، ئەتراپتىكى يالاقچىلىرىغا قاراپتۇ، — نېمە تۇرىشىسەن؟ بۇ ئوغرى مېنى زەردىگۈش قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى. ئەسلى - ۋەسلىمنى قۇرۇتۇۋېتىشكە قەست قىلغان. دوغا! مەتسىيىتنى تۇت، قۇدۇققا تاشلا!...

يالاقچىلار مەتسىيىتنى سۆرەپ قۇدۇق بېشىغا ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قۇدۇققا تاشلاشقا پېتىنالماپتۇ. ئىككى كۆزىگە قان قۇيۇلغان بەگ ھاجى ئۆزى ئېتىلىپ بېرىپ، نىمجان ياتقان ئوغلۇم مەتسىيىتنى پۇتىدىن سۆرەپ قۇدۇققا بېشىچە تاشلىۋېتىپتۇ. ئۈستىدىن قۇم تۆكۈپ كۆمۈۋېتىپتۇ...

مەن ئىككى پۇتۇمنى ئات، ئىككى قولۇمنى قانات قىلىپ قۇدۇق بېشىغا يېتىپ كەلگىنىمدە، يالماۋۇز بەگ ھاجى ئېتىغا مىنىپ، يالاقچىلىرىنى كەينىگە سېلىپ يۇرتقا قايتاي دەپ تۇرغان ئىكەن، بىچارە ئوغلۇمنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالا - قازانى ئاڭلاپ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق

سىلەرنى مەتسايىت ئارقىلىق ئاڭلايتتۇق. خۇلاسە، شۇ يىلى باش باھارنىڭ ئىزغىرىن شامالىرى يۈز - كۆزۈمنى چىمدىپ تۇرغان بىر كۈنى مەتسايىت بىلەن ئىككىمىز كۆك ئىشەكنى ئالدىمىزغا سېلىپ، مۇشۇ قۇملۇق ئارىسىغا كەلدۇق، مەتسېيىتنىڭ قەبرىسىگە دۇئا - تەكبىر قىلدۇق. مەتسايىتقا كۆزى ئىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەتراپى نەم كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇلاقنى، كۆمۈۋېتىلگەن قۇدۇقنى سۆكسۆك، يۇلغۇن كۆچەتلىرى قاپلاپ كەتكەن قەدىمكى ئېتىزلارنىڭ قىرتىكەنلىرىنى كۆرسىتىپ يۈرسەم، ساي ئىچىدە ئاسماندىن چۈشكەندەك، ئۇشتۇمتۇت ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى.

— بوۋا، بوۋا، قارىغىنا، مەتنۇر ھاكىم، مەتنۇر ھاكىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى نەۋرەم مەتسايىت خۇشال بولۇپ.

ماۋۇ كارامەتنى كۆرمەمدىغان! ساي تەرەپتىن بىز تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى، بىزنىڭ مەتنۇر ھاكىم، يەنە بىرى، تۇنىسايىمنىڭ دادىسى ھامۇتئاخۇن ئىكەن ئەمەسمۇ! مەتنۇر ھاكىم «ساندۇقتىن چىققان»دىن كېيىن، ئىككى ئايغا يېقىن گۇڭشېمىزدا تۇرۇپ، ئاندىن ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەتكەچكە، ئانچە كۆپ ئۇچرىشالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدۇق. مانا بۈگۈن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز بەلەن ئىش بولدى. ئۇ قۇدۇق بېشىغا كۆچۈپ كېلىش خىيالىمىزغا نېمە دەيدىكىن، مۇشۇ پۇرسەتتە كەڭتاشا سۆزلىشىۋالىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدىم.

ئاخىر يەلكىسىنىڭ تىترىشى توختاپ، ئېسەدىشنى باستى. يەلپىغىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ مۇڭداق دېدى:

— مەن ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەشنى خالىمايمەن، يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان ئۇ جىنايەتلىك ئۆتمۈشنىڭ ھازىر كىمگە لازىمى! لېكىن، ئائىلىمىزدە — داستىخان ئۈستىدە ئوغلۇم مەتسىيىتنىڭ پاجىئەسىنى ئەسلىشىم ئوغۇل، كېلىنلىرىم، نەۋرىلىرىمنىڭ ھېچ ئويلىمىغان يەردىن تومۇرلىرىدىكى قانىنى قىزىتىپ قويىدى، غەزەپلىنىپ كۆزىگە ياش ئېلىشتى، بولۇپمۇ ئانىسى: «ۋاي بالام، ئۇن گۈلىدىن بىرى ئېچىلماي بىرىنى داغدا قويۇپ كەتكەن بالام. مېنى مەتسىيىتنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا كۆمۈڭلار» دەپ ھازا ئېچىپ، ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى. ئۆي ئىچى «ئاھ، ئۇھ»قا تولدى. مەن:

— گەپ شۇ، بالىلىرىم. مېنى قەدىمكى ماكانىنىڭ — ئاشۇ قۇملۇقنىڭ نېمىشقا ئۆزىگە شۇنچە تارتىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭلار، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار دەڭسەپ كېسىڭلار، — دېدىم.

راست گەپنى دېسەم، بۇ ئىشتا ھەممىدىن بۇرۇن ئىسيان كۆتۈرگىنى يەنە مەتسايىت بولدى. ئۇچ كۈنگىچە مەرھۇم ئاكىسىنىڭ پىراقىدا ياغ ئىچىۋالغاندەك بوغۇلۇپ يۈردى. كېيىن مېنى ئالدىرىتىپ كەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جەزمەن دېھقان بولغۇسى بارلىقى ماڭا ئايان ئىدى. ئائىلىمىزدە يېڭى سىياسەتنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىدىغىنىمۇ شۇ ئىدى. كۆپ نەر-

گۈلىستان بولمىقى ھېچ گەپ ئەمەس. كۆزۈمنى مۆلدۈر-
لىتىپ تۇرۇپ، شۇنچە بەلەن ئېتىزلارنى قۇمنىڭ يالماپ
يۇتۇۋېتىشىگە تاشلاپ بەرسە. ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلمام-
دۇ؟— دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

مەتنۇر ھاكىم، ھامۇت ئاخۇننىڭ كۆزىگە قاراپ:

— مانا ھامۇت ئاخۇن ئاكامۇ شۇ خىيالدا ئىكەن.
ياخشى بولدى،— مەتنۇر ھاكىم نەۋرە ئوغلۇم مەتسايىت-
نىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، ئۇنىڭ پاقما چاچلىرىنى
سىلىدى:

— ھە، يىگىت، دېھقان بولمەن، بوۋامنى دورايمەن
دېگەنتىڭ، ۋەدەڭدە تۇرۇپسەن - دە.

مەتسايىت مەتنۇر ھاكىمغا قاراپ راست دېگەندەك
بېشىنى ئىرغىتتى.

بىز كۈلۈشتۇق. مەتنۇر ھاكىمنىڭ تەكلىپى بىلەن
قۇدۇق بېشىدا ئولتۇرۇشتۇق ۋە نان - پان يېگەچ ئۇزاق
مۇڭداشتۇق.

مەتنۇر ھاكىم خېلىلا ياداپ، يۈزلىرى يېرىلىپ
ئازراق قارىداپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرى ئىشەنچ-
لىك يېنىپ، ۋۇجۇدىدىن كۈچ - غەيرەت ئۇرغۇپ تۇرات-
تى. سۆز قىلغاندا كۈلكىسى جاراڭلاپ بىردەمدە پاراڭنى
قىزىتىۋېتەتتى. ئۇ، بىر ئايدىن بۇيان پىيادە يۈرۈپ، ناھى-
يەمىزنىڭ چەت - ياقىسىدىكى قۇملۇق بارمۇ، بىنام، يول-
غۇنلۇق بارمۇ، قۇم يۇتۇۋالغان قەدىمكى ئېتىز - ئېرىق،
مەھەللە - كويلارنىڭ ئىزلىرى بارمۇ، ھەممىسىنى كې-
زىپ، كۆزى بىلەن كۆرۈپ چىقىپتۇ. قۇم سىقىپ چىقىرى-

ئەلۋەتتە، ھامۇت ئاخۇن باشقا يېزىلىق بولسىمۇ، بىز بۇرۇندىنلا ئوبدان تونۇش. ئۇمۇ چىق قازاندا قايىنغان، پىشقان، يوقسۇزلۇقنىڭ دەرد-ئەلەمنى تارتقان، كېيىن كەنت دېھقانلار جەمئىيىتىگە رەئىس بولغان ئادەم ئىدى، قىلىمەن دېگىنىنى قىلاتتى. شۇغىنىسى، ئۇنى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرمەپتىكەنمەن، شۇ تاپتا، كۆزۈمگە قەددى ئېگىلىنىپ، ياشلىقىغا يېنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. خىيالىمدىن: ھامۇت ئاخۇن يەنە بىرنېمىنى ئويلاپ تاپتىغۇ ھەقىچان، ئۇنىڭ مەتنۇر ھاكىمنىڭ پېشىنى تۇتۇپ قومۇلۇقنى چۆرگىلىشىدە بىر گەپ بارغۇ، دېگەن ئوي كەچتى.

مەتنۇر ھاكىم بىلەن ھامۇت ئاخۇن بىزنى كۆرۈپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى، بىز ئۇزاق يىل كۆرۈشمىگەن ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك قىزغىن قول ئېلىشىپ دىدارلاشتۇق.

— شۇ... دېسەم-دېمىسەم يەنىلا نىيىتىمىز بىر يەردىن چىقتى، روزنەمەت ئاغا،— مەتنۇر ھاكىم ماڭا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ پۇتىدا بەتىنكە بولسىمۇ، ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان بولۇپ، كەمزۇلىنى مۈرىسىگە ئېسىۋالغان سومكىسىنىڭ بېغىغا قىستۇرۇۋالغان ئىدى، ئۇ، كۈلۈپ مۇنداق دېدى:

— كۆڭۈللىرىگە كىرىۋالغان ئوت سىلىنى ئاخىر بۇ يەرگە باشلاپ كەپتۇ - دە!

—«ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ،» دېگەن گەپ بار ئوغلۇم. پەلەكنىڭ چاقى ئوڭ ئايلىنىۋەرسە، چۆلنىڭ

ئەسلىدە قوّم يۇتۇپ كەتكەن ئۆتەنزلارھازىر يەنە قوّم كۆچۈپ خۇددى رەتلەپ قويغاندەكلا ئىچىلىپ قاپتۇ. ئازراقلا ئەجىر قىلساق، دەريادىن سۇ باشلاپ كەلگىلىمۇ بولىدىكەن. ھامۇت ئاخۇن ئاكام ئىشنى بۇ يىل ئەتىياز ئورمان بىنا قىلىشتىن باشلىماقچى بولدى. مەن مۇگدىشقان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ مۇشۇنداق ئۈمىدتە بولۇۋاتىدۇ...

— سىلجىپ كېلىۋاتقان قوّم،— دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كۆز ئالدىمىزدىكى ئاشكارا دۈشمەن. ناھىيە بۇ ھەقتە مۇكەممەل بىر ئىلمىي پىلان تۈزمەكچى. بۇنى تۈتماسلىق تارىخ ئالدىدا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. قارىغاندا تەشەببۇسكارلىق كۆرسىتىپ، قوّم شەھرىگە بۆسۈپ كىرىشكە، ئاز - تولا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنى «قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى» دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا يەكمۇ يەك جەڭ قىلىشقا، مەردنى مەيداندا سىناشقا توغرا كېلىدۇ،— شۇنىڭدىن كېيىن مەتنۇر ھاكىم ماڭا قاراپ،— قېنى، ئەمدى گەپنى سىلىدىن ئاڭلايلى،— دېدى.

مەن نېمىمۇ دەيمەن، ئاللىبۇرۇن بىر قارارغا كېلىپ بولغان تۇرسام!... شۇ قېتىمقى مۇگدىشىشتىن كېيىن نەۋرەم مەتسايىت ئوت بولۇپ ياندى، جاسارىتى ئۇرغۇپ كەتتى، ئەتراپنى ئۆلچەپ، خەرىتىلەرنى سىزدى. شۇنداق پىلانلارنى تۈزۈۋەتتىكى، ئايھاي... نەۋرەمنىڭ ئويلىغىنى كەلسۇن. بەلەن ئارزۇسىغا مىڭ رەھمەت،

ۋەتكەن كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ مۇگدىشىپتۇ، ھامۇت ئاخۇن ئاشۇلارنىڭ بىرى ئىكەن.

— ئەمدى قۇم بىلەن كارىمىز بولمىسا بولمايدۇ، — دېدى مەتنۇر ھاكىم، بىر بۇردا قۇرۇق ناننى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ، — كۆزدىن كەچۈرگەن ئۈچ يېزىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېقىنقى قىرىق، ئەللىك يىلدىن بۇيان قۇم سىلجىپ كېلىۋېرىپ مۇشۇ ئۈچ يېزىدىنلا ئىۈچ مىڭ موچە تېرىلغۇ يەرنى يۇتۇپ كېتىپتۇ. ئەمما، كۆكتېرەك يېزىسىدىكىلەر بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بەل قويۇۋەتمەي قۇمغا قارشى ئورمان بەلباغلىرى، يىپپىنچا ئۆسۈملۈكلەر توساقلىرى بىنا قىلغاچقا، قۇم دەككە يېگەن، ئېتىزلارغا سىلجىپ كېلىۋېرىشتىن يالتايغان، بۇنى ئۇلار «يېشىل سېپىل سوقۇپ، قۇمنى تىزگىنلەش» دەپ ئاتىغان. يارايدىغان چارە ئەمەسمۇ؟...

مەتنۇر ھاكىم بىر دانە ئامۇتنى پىچاق بىلەن ئاقلاپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قارىغاندا، قۇملۇقنىڭ ھەممىلا يېرى قۇم دۆڭ يسى ئەمەسكەن، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەرمۇ، دەرھال تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغان قەدىمكى ئېتىزلارنىڭ ئىزلىرىمۇ بار ئىكەن. بەزى يەرلەرگە سۇ باشلاپ كېلىش ئىمكانىيىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بەزى يەرلەردە سۈيى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇلاق، كۆكىرىپ تۇرغان قومۇشلۇقلارنىمۇ كۆردۇم. ھامۇت ئاكام تۈنۈگۈن كەچتە «بۇ يەر مانا تەۋە بولسۇن» دەپ قوزۇق قاققان يەر بۇ يەرگە يېقىنلا ئىكەن.

بۇيانقى ھەممە ئۇقتىمىز مەلۇم ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە
پات - پات كېلىپ ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ، مەسلى-
ھەت بېرىپ تۇرغان ئىدى.

— بۇ كىشى ئاگرونوم مىجىت، — دېدى مەتنۇر
ھاكىم ھەمراھىنى تونۇشتۇرۇپ.— ئوبدان تونۇشۇۋې-
لىڭلار، ھازىردىن باشلاپ، مۇشۇ ئەتراپتا قۇملۇققا كۆ-
چۈپ كىرگەن توققۇز ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىقىغا تېخنىكا
جەھەتتىن مەسلىھەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلەندى. كۆپ
يىللاردىن بۇيان قۇملۇقنى تىزگىنلەش - ئۆزگەرتىشنى
تەتقىق قىلىشۋاتىدۇ. سىلەرگە جەزمەن ياردىمى تېگىدۇ.

توۋا، دېھقانچىلىقنى بىز قىلساق، ھېكمىتىنى ئاگ-
رونوم مىجىت بىلىدىكەن، ئۇ، راستىنلا بىر جان كۆيەر
ئادەم بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ھېكمەتكە ئەق-
لىم ھەيران، ئاگرونوم مىجىت بۇ يىلقى پېشكەلچىلىك-
نىڭ سىرىنى يېشىپ بەردى. ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە ق-
شچە ئىككى ئىش قىلدۇق: بىرى، قوينىڭ تېرىسىنى
سويغاندەك، ئېتىز ئۈستىدىكى بىر قەۋەت قۇمنى قىرىپ
چىقىرىۋەتتۇق؛ يەنە بىرى، قۇدۇقنى تېرەن ئويۇپ،
سۇ تارتىش چاقپەلىكىنى باشقىدىن ئۆزگەرتىپ ياسى-
دۇق. مىجىت ئاگرونومنىڭ قورسىقىدىكى ھۈنەر تېگى
يوق بۇلاقتەك چىقىۋەردى، بىزمۇ مانا ئەمسە دەپ ئىش-
لەۋەردۇق. ئىككى يىل ئۆتتى، مانا ئۆزۈڭلار كۆرۈپ
تۇرۇپسىلەركى، بۇغدايدىلا 10 مىڭ جىڭلىق ئۆتكەل-
دىن ئۆتۈش ھېچ گەپ ئەمەس. قوناق بىلەن كېۋەز
ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇ. مەن ئويلايمەن، بۇ يىل كۈز ئانس-

دېدىم ئىچىمدە. كەنتكە قايتقاندىن كېيىن مېنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مەتسايىتنىڭ ئۆزى پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەرنى قوزغاپ، ھەممەيلەننى بىر - بىرلەپ قايىل قىلدى. مەتنۇر ھاكىممۇ بىر نەچچە قېتىم ئائىلە كېڭەشمىزگە داخىل بولۇپ مەدەت بەردى.

خۇلاسە، نېمە دېگۈلۈك، ئالدىنقى يىل قۇتلۇق باھار بىلەن تەڭ «يا باغدىن چىقسۇن، يا تاغدىن» دەپ قۇملۇققا كۆچتۇق. مانا سىلەر كۆرۈۋاتقان مۇشۇ كەپىلەرنى تىكىپ، ئاددىي بولسىمۇ ئۆي سېلىپ، قۇدۇقنىڭ كۆزىنى ئاچتۇق. ھامۇت ئاخۇن بىلەن قوشنا بولغىنىمىز تازىمۇ بەلەن ئىش بولدى. بەش يىللىق پىلان بىلەن مۇسابىقە شەرتىنىمۇ تۈزدۇق. بۇ پىلاندا نېمە بار دېمەمسىلەر، يۇرۇڭقاشنىڭ سۈيى، ئۆستەڭمۇ بار تېخى! ئەمما، يامان بولغىنى، ئۆتكەن يىل كۈزدىكى ھوسۇلىمىز كەنت ئىچىدە ئالدىنقى يىلى ئالغان ھوسۇلىمىزنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمىدى. ئوغۇل، كېلىنلىرىم ئازار يېگەندەك، چىرايىدا توپا ئۆرلەپ لېۋىنى چىشلەشتى، تېرىككەك بولۇپ قېلىشتى. 3 - كېلىنىم بىلەن ئوغلۇم ماي تارتىپ قۇملۇقتىن قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. ئەمما، مەتسايىتلا بەل قويۇۋەتمىدى، بەلكى بارغانچە قەيسەرلىشىپ، نېمىشقا ئەمگەككە لايىق ھوسۇل ئالالمىغانلىقىمىزنىڭ سىرىنى تېپىشقا تۇتۇندى...

مۇشۇنداق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە تۇرغىنىمىزدا بۇ يەرگە چېچەك يۈزلۈك بىر كىشىنى باشلاپ مەتنۇر ھاكىم كېلىپ قالدى. ئەلۋەتتە مەتنۇر ھاكىمغا يازدىن

چىمىز بىزنى ئىزدەڭ. روزنىمەت تاغا توغرىسىدا، مەتنۇر ھاكىم توغرىسىدا ئاڭلىغىمىز كېلىدۇ...

مەن ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ تەكلىماكان قىرغىقىدىكى «N» ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدىم. مېنى ناھىيىلىك پارتكوم يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى كۈتۈۋالدى.

ناھىيە بازىرى كىچىك بولسىمۇ گۈزەل، يېقىملىق ئىدى. ئېلېكتر لامپۇچكىلىرى تەرىپىدىن كوچىلار نۇر ئىلكىدە چاقنايتتى؛ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مەجنۇنتال، ئاكاتسىيە يوپۇرماقلىرى لەرزان تەۋرىنىپ يول ئۈستىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. رادىئو كانايلىرىدىن شاد مۇزىكا ئاۋازى ياڭرايتتى.

دەل شۇ مىنۇتتا، مەجنۇنتاللىق يول بويىدىكى ئېرىقتىن بىر قىز بىلەن بىر يىگىت «لىپ» قىلىپ سەكرەپ ئۆتۈپ، ئالدىمغا چىقىپ توختىدى:

— سالام، يولداش مۇخبىر!

— خۇش كەپسىز، مۇخبىر يولداش!

مەن ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم:

— يولداش مەتسايىت، تۇنسايىم! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق. مەتسايىت خۇشال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سەل تارتىناتتى. كۆزلىرى بىر ئاز قىسىلغان بولۇپ، كالپۇكىنىڭ چەتلىرىدە ھاياجانلىق كۈلكىسى جىلۋىلىنەتتى. تۇنسايىم بولسا، باشقىچە، مەن ئۈرۈمچى ئايرودرومدا كۆرگەن چاغدىكىگە ئوخشاشلا مەغ-

سىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىدىغان كېلىنى بولماس. ئەمدى مەتنۇر ھاكىم تەستىقلاپ بەرگەن تراكتورنى سېتىۋالساق، ماتور سېتىۋېلىپ سۇ تارتىشنى ماشىنىلاشتۇرساق، بۇ يىل قىش دەريا سۈيىنى بۇرۇندىن تارتىپ بۇ يەرگە ئەكىلىشنىڭ يولىنى ئاچساق... ئۇ چاغدا، كېلىنلەرمۇ ئىلگىرىكى ماي تارتىشلىرىغا خىجىل بولىدۇ، تېخى!...

## 11. تىك قامەت

تىك ئۇچار ئايروپىلان كەچكى شەپەق نۇرلىرىغا پۈركىنىپ خوتەن ئايرودرومىغا لەرزان قوندى. ئالىمجاننىڭ ئاسماندىكى ھېكايىسىمۇ ئاياغلاشتى.

خىيالىمنى روزىمەت تاغا ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ھەمدە ئۇلار چوڭ ئىشەنچ بىلەن ئۆز ئۈمىدىنى باغلىغان «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم» ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى. مەن ھاياجانلىق ھېسسىياتلارغا چۆمۈلۈپ، بىللە ئۇچقان سەپەرداشلىرىم بىلەن خوشلاشتىم.

— يولداش مۇخبىر، — دېدى پېشقەدەم پروفېسسور بىلەن ئالىمجان قولۇمنى قىسىپ، كۆڭلى قىيمىغاندەك خوشلىشىپ تۇرۇپ، — ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، ئوبدان تونۇشلاردىن بولۇپ قالدۇق. سىزنىڭ روزىمەت تاغىغا قىزىققىنىڭىزدىن بىز بەكمۇ خۇشال. ئۇ يەرگە بارغاندا، روزىمەت تاغىغا، مەتنۇر ھاكىمغا بىزدىن سالام دەڭ. ناۋادا پات ئارىدا ئۈرۈمچىگە قايتماقچى بولسـ

— بېرىتىم، نېمىشقا بارمايدىكەنمەن.

— بېرىڭ، كۆرۈڭ، — دېدى قىز، — بارمىسىڭىز ئارماندا قالىسىز. لېكىن، بىزنىڭ مەقسىتىمىز نېمە ئىش قىلغانلىقىمىزنى كۆز - كۆز قىلىش ئەمەس، بىلەمسىز، ئالەمنى كېزىپ، جاھاننى كۆرۈپ كەلدۇق. ئەمدى يەنە نېمە ئىشلارنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىمىزنى سىزگە دەپ بېرىش.

بىز كۈلۈشۈپ، بۇ گەپنى ماقۇللىدۇق، مەتسايىت:

— ئۇنداق بولسا ئۆزىمىزنىڭ ماشىنىسى بىلەن ئەتىلا يولغا چىقىمىز. زېرىكىپ قالمىغانمىكىن، دەپ ئەنسىرىمەڭ، مەشرەپلەردىن زېرىككىنىز، شاڭخەيدىن سىنئالغۇمۇ ئەپكەلدۇق، قويۇپ بېرىمىز...، — دېدى.

— ياخشى، ياخشى. يېڭىلىق دېگەن مانا!

— ئەمىسە گەپ شۇ، ئەتە يولغا چىقىمىز.

— بولىدۇ...

بىز پاراڭلاشقاچ، ئېلېكتر نۇرىغا چۆمۈلگەن مەجنۇنتاللىق سالقىن كوچىدا يېرىم سائەتچە سەيلە قىلىپ، ئەتە ئۇچرىشىدىغان بولۇپ خوشلاشتۇق.

بۇجاڭ مېنى ئىككى قەۋەتلىك بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مېھمانخانىنىڭ بوستانلىق ھويلىسىدا ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىۋاتقان ۋەكىللەر سەيلە قىلغاچ، ئۈچ - تۆتتىن غۇژمەكلىشىپ نېمىنىدۇر قىزغىن تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. بىز ۋەكىللەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدۇق. كۈتكۈچى ئايال ۋاقىتلىق قونۇپ تۇرۇشقا بول-

رۇر ئىدى. قەددىنى تىك تۇتۇپ زوققا تولغان كۆزلىرى بىلەن بىزگە ئەمەس، كۆپرەك بازارنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە قاراپ قوياتتى، ھېچنېمىنى پەسەنتىگە ئالمىغاندەك، بىپەرۋا كۆرۈنەتتى.

مەن مەتسايىتنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق، — دېدىم.

— بىز سىزنى كۈتۈۋاتىمىز، — دېدى قىز كېلىشملىك گەۋدىسىنى مەن تەرەپكە بۇراپ. قىزنىڭ بوينىدىكى مەرۋايىت كۆزلۈك يېشىل زۇننار ۋاللىدە چاقناپ كەتتى.

— شۇنداق، — دېدى مەتسايىت قىزنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ، — كۆرمەمسىز بۇ ئىشنى، ئۈرۈمچىدە ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈش بىلەنلا، تونسايىم: «ئاپلا، تازىمۇ ھاۋاقتىلىق قىپتىمىز ئەمەسمۇ، مۇخبىر يولداشقا رەھمەت، ھەشقاللا دېگەن گەپنىمۇ قىلماپتىمىز» دېدى. خوتەن ئايرودرومىغا چۈشكەن چېغىمىزدا ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىكى ھېلىقى دوستىمىز بىزگە تېلېفون بېرىپ، سىزنىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن يولغا چىققانلىقىڭىزنى، بىر-ئىككى كۈن كېچىكىپ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى خەۋەر قىلدى. سىزنى قۇملۇقتىكى ئۆزىمىزنىڭ بوستانلىقىغا باشلاپ بېرىش نىيىتىدە ساقلاپ تۇرغانتۇق.

— راستمۇ، بەك ئوبدان گەپ، — دېدىم مەن.

تونسايىم بىر خىل نازاكەت بىلەن سورىدى:

— تەكلىپ قىلمساق، بىزنىڭ مەھەللىگە بارماتتىڭىز؟

بوغۇق ئاۋازدا، — مەن بولسام دۆلەت كادىرى. توق-
قۇز كەسىپى ئائىلىگە تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەتچىلىك
قىلىش مېنىڭ ۋەزىپەم. مەتنۇر هاكىم بۇ ھەقتە...
— توختاڭ، توختاڭ، — دېدى ھېلىقى كىشى، —
هازىر مەسلىھەتچىلىك بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ. ھۆددە
توختىمى تۈزۈش مۇھىم. پايدا - زىيانغا تەڭ ئىگە
بولىمىز. هازىر مەن سىزنىڭ ھۈنىرىڭىزگە مۇھتاج.
شۇ سەۋەبتىن نائىلاج ئىككىنچى نەۋرەمنى يېزا ئىگىلىك
تېخنىكومىغا ئۈچ يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتىم. يىراقنى
كۆزلىمىسەك بولمايدۇ - دە! بىر قولۇمنى ئىككى قىلالماي
تۇرغاندا، بۇ ئىشنىڭ ماڭا قانچىلىك ئېغىر كەلگىنىنى
ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. بوپتۇ، ئوقۇپ كەلسۇن. لېكىن، ئۈچ
يىلغىچە قاراپ تۇرالمايمەن، سىز مېنى چۈشىنىڭ، قول-
مىزدا ئېنىق توختامنامە بولسۇن...
— سىلى ئەتىيازدىن باشلاپ زىرائەتلەرنى تەڭ-
شەكچى بولۇۋاتىلىغۇ؟ مەن مۇشۇ ھەقتە...
— بۇ، مەتسايىتنىڭ پىكرى، — دېدى ھېلىقى
كىشى، — ئۆزىڭىزگە مەلۇملۇق، بۇ يىل بىز «100 مىڭ
جىڭ» لىق ئۆتكەلدىن ئۆتتۇق، بەگ ھاجىنىڭكىگە يەت-
مىسىمۇ، شۇنىڭغا يېتە - قوپا بىر قوتان چارۋىمۇ قىل-
دۇق، يىگىرمە مولۇق باغمۇ مېۋىگە كىردى. ھەپتىدە
يېرىم ماشىنا تۇخۇمنىمۇ بازارغا ئاپىرىۋاتىمىز. بۇ نەر-
سىلەر ئەينى چاغدىكى بىر شىاۋدۇينىڭ كىرىمىدىن
كەم ئەمەس. لېكىن مەتسايىتنىڭ كاللىسىغا باشقا بىر
پىلان كىرىپتۇ. ئۇ ئاشلىقنىمۇ تېرىيلى، مۇھىمى، ئۈزۈن

دىغان بوش ئورۇن ئىزدەپ بىر ھازا ئاۋارە بولغانىدىن كېيىن، مېنى بىر ئىشكتىن كىرىدىغان ئىككى خانىلىق ئازادە ئۆيىنىڭ تاشقىرىقى خانىسىگە ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ يەردە بىر بوش كارىۋات، ئۈستەل ۋە ئورۇندۇقلار بار ئىدى.

— خوش، سىزگە يەنە نېمە لازىم؟— سورىدى بۇجاڭ.

— ھازىرچە ھېچنېمە، ئەتە كۆرۈشەمدۇق؟

ئەتە چۈشتىن بۇرۇن مەن بىر ئاز ئالدىراش. ئېھتىمال، سايلام بولۇپ قالارمىكىن. چۈشتىن كېيىن سىزنى ئىزدەيمەن...

بۇجاڭ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

مەن نەرسە - كېرەكلىرىمنى رەتلىگەچ، ئۇنىڭ مەتنۇر ھاكىم توغرىسىدا دەپ بەرگەن گەپلىرىنى يادىمغا ئالدىم. دەل شۇ پەيتتە، ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ يوچۇقىدىن بىركىمنىڭ:

— ياق، ياق! ئوچۇق سۆزلىشەيلى، «گەپ يۈزدە بەلەن، ئۇسسۇل تۈزدە،» ئارىمىز ئوچۇق بولسۇن. ھەق ئالمايمەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بولمىسا، تېخنىكا پونكتىدىكى خىزمىتىڭىزدىن ئايرىلىپ ماڭىلا كېلىڭ، 80 كوي ماڭاش ئالىمەن دېدىڭىزما؟ بولدى مەنلا 120 كوي بېرەي ياق دېسىڭىز توختام تۈزۈمىز. ھازىر ماڭا زۆرۈر بولۇۋاتقىنى سىزنىڭ ئاشۇ ھۈنىرىڭىز، ئاگرونوملىقىڭىز.— دېگەن سۆزى ئاڭلاندى.

— ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق،— دېدى قارشى تەرەپ

«لاپ» قىلىپ قاراپ قويۇشتى ـ دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ياپتى. بىر پەستىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىن ئۇپۇر ـ تۇپۇر قىلغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى ۋە ئىككى كىشى بەش بولۇپ، ئۆي ئىچىدىن ئالدىراپ تالاغا چىقىپ كېتىشتى.

ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىققان ئىككى ئادەم مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، مەن ئۇلارنى يان تەرىپىدىن كۆردۈم. بىرى، تەبىئەت ئاجايىپ سېخىيلىق بىلەن ئىككى كىشىلىك قەددى ـ قامەت، مەزمۇت ئۇستىخان ئاتا قىلغان ئاپئاق ساقاللىق مويسىپىت كىشى ئىدى؛ يەنە بىرى، مويسىپىت كىشىنىڭ دەل يېرىمىغا توغرا كېلىدىغان ئورۇق ئەت، چېچەك يۈزلۈك كىشى.

«بۇنىسىغۇ جەزمەن ئاگرونوم مىجىت بولسا كېرەك،ـ دەپ ئويلىدىم مەن چېچەك يۈزلۈك، ئورۇق ئەت كىشى توغرىسىدا، ـ ئاۋۇ ساقاللىقچۇ، بۇ كىم بولغىيتى. مەتسايىتنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانغا قارىغاندا، «100 مىڭ جىڭچى» شۇمىكىن. بايىقى گەپلەر ئاشۇ كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققانمىدۇ ـ ھە؟...»

كۆڭلۈمدە نۇرغۇن ئالامەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ، بايىقى ئاقساقالنى «روزىمەت تاغام مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ھۆكۈم قىلدىم. ئۇنىڭ بىلەن كەڭ ـ كۇشادە مۇڭداشقىلى بولارمىكىن دېگەننى ئويلاپ خىيالغا چۆكۈپ قاپتىمەن. بىر كەمدە تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ «غاچ» قىلغان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلىۋەتتى. ئىشىكتە بايىقى قامەتلىك ئاقساقال كۆرۈندى.

تالالىق پاختىغا مەخسۇسلىشىشىمىز كېرەك، دەيدۇ. بۇ گەپتە مەنا بار، ھېسابلاپ كۆرسەك، ناۋادا ئۇزۇن تالالىق پاختا تېرىشتا مەخسۇسلاشساق، ساپ كىرىم ئاشلىققا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە ئاشىدىكەن. لېكىن پاختا بازىرى ئىتتىك بولغىنى بىلەن ئۆزى نازۇك نەرسە. ھالاللىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. تېرىشتىن - يىغىشقىچە نۇرغۇن ھۈنەر، ئەمگەك كېتىدۇ. بۇ ھەقتە تېخى ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمىز. مەن گەپنى ئۇچۇق ئېيتاي. ناۋادا سىز بىلەن توختام تۈزەلىسەك، ئالدى بىلەن سىز بىزنىڭ ئۇ يەرنىڭ توپىسىنىڭ زادى نېمە تېرىشقا باب كېلىدىغانلىقىنى، قىسقىسى، كېلەچىكىنى ئېنىقلاپ بېرىسىز. توختامىمىزغا مەتنۇر ھاكىمنى گۇۋاھ قىلىمىز. مەن سىزگە مائاشىڭىزدىن تاشقىرى ئايمۇ ئاي ھەق تۆلەيمەن. پىلانىمىز ئورۇنلانسا، ھاسىلاتىمىز ئاشسا، بىز مۇسۇلمان ئادەم، كېلىشلىكىڭىزگە ھەرگىز قارا سانمايمىز، ئەجرىڭىزنىڭ شاراپىتىنى كۆرىسىز.

— مۇكاپاتى بار دېسىلە.

— ئەلۋەتتە.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تاشقىرىقى ئىشىك «غاچ» قىلىپ ئېچىلىپ، مەن تۇرغان خانىغا ئېگىز بويلۇق، بومبا ساقاللىق بىر كىشى بىلەن قۇندۇزدەك قاپقارا بۇرۇتلۇق، ياپپاشلا بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

مەن ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدىكى «ۋەكىل» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل لېنتىسىنى كۆرۈپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇلار نېمىشىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇڭا، ماڭا

بۇ سوئالغا مېنىڭ تەييارلىقىم بولمىغاچقا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

ئاقساقال دېدى:

— قانداق قىلىدىغان ئىشكىن - تاڭ. چوڭ ئوغلۇم مەتتوختىنى، ئوتتۇرانجىسى مەتتۇرسۇن قەشقەر، ئۈرۈمچىلەرگىمۇ باردى. ھېچ ئىش چىقىرالمىدى. ئۆتكەن يىل خوتەندىن بىر كوڭگىدا سېتىۋالغان، ئىشلىتىپ يۈرۈيمىز. شۇغىنىسى، كونىراق ئىكەن، ئارا كۈندە ئالتە قېتىم ياما يدىغان گەپ. كونا ماشىنا بىلەن بىر تراكتور نېمىگە دال بولىدۇ دەيلا. مەن بۇ توغرىلىق مەتنۇر ھاكىمغا يەنە دېمىسەم بولمىدى. خوپ ئۆزلىرى ئۈرۈمچىدە نېمە ئىش قىلىلا؟

— مۇخبىر.

— مۇخبىر؟ — ئاقساقال «مۇخبىر» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ سالمىقىدىن ئورۇندۇق غىچىرلاپ كەتتى:

— بىلىمەن، بىلىمەن، ئىككى - ئۈچ يىل بولدى، مۇخبىرلار بىلەنمۇ ئوبدان تونۇش بولۇپ قالدۇق. گېزىتكىمۇ، رادىئوغىمۇ نام - ئەمەلىمىزنى چىقاردى. بالا - ۋاقىلارنىڭمۇ سۈرىتى بېسىلدى تېخى! شۇغىنىسى مۇخبىرلار بىزنى تازا چۈشەنمەيدۇ - دە، ئەتىيازدىكى گەپ كۈزدىكى نەپ بىلەن ئۆلچىنىدۇ، يىل ئاخىرىغا قارايمىز - دە، ئەمما مۇخبىر ئەپەندىلەر ئايدا، ئىككى ئايدا بىر قېتىم مېنى ئىزدەپ كېلىپ:

— ھە، روزىمەت تاغا. ئىشلار قانداق؟ ھاسىلات

مەن ھۆرمەت بىلەن ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم. يەتمىشتىن ھالقىغان ئادەمدە مۇنچىلىك تىك قامەتنىڭ بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش. بېشىدىكى گۈللۈك دوپپا، ئۈستىدىكى ياقىسىغا كىر قونغان ئاق يەكتەك، تۆمۈر-رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن يېلىڭ تون، پۇتىدىكى ئارا پاشنىلىق خۇرۇم ئۆتۈك. يەكتىكى ئۈستىدىن باغلىغان مەللەرەڭ شايى بەلباغ ھەمدە كۆكرىكىدە يالتىراپ تۇرغان قىزىل لېنتا ئۇنىڭغا ئۆزىگە خاس سۆلەت بېغىشلىغان ئىدى. يۈزلىرى قىپقىزىل بولۇپ، يىرىك، ھۆرپىيىپ تۇرغان ئاپئاق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى ساددا، لېكىن زېرەكلىك بىلەن يېنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ ماڭا بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، ئىچكىرىكى خانىغا قاراپ بىر نەچچە قەدەم ماڭدىيۇ، بىردىن توختاپ، يەنە ماڭا قاراپ بۇرالدى:

— ئولتۇرسىلا، ئولتۇرۇۋەرسىلە، ئەپەندىم. ئۆزلىرى يىراقتىن كەلدىمۇ؟

— شۇنداق، ئۈرۈمچىدىن كەلدىم، — دېدىم مەن.

— ئۈرۈمچىدىن؟ — ئاقساقال «ئۈرۈمچى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى، — ماۋۇ ئىشنى، ئۈرۈمچى دېلىما؟ بىز كۆرمىگەن شەھەر ئۇ. خوش، مەن بىر نەرسىنى سوراي، ئۇ يەردىمۇ كوڭكا ① سېتىۋالماق شۇنداق تەسمۇ؟ مەسىلەن، يېڭىسىنى - دە.

① كوڭكا — ئاپتوموبىل.

ئادەم! — روزىمەت تاغا گۆش دەسسەپ ئالدى-
غا كېلىپ توختىدى ۋە ماڭا بىگىزدەك قادالدى:
— قولىڭىزنىڭ توپىسىنى قېقىۋېتىپ ئاڭلاڭ،
بىز جىمى ۋەكىل خىيالىمىزنىڭ تۈگۈچىنى جەملەپ
گەپنى پۈشۈرۈپ قويدۇق. مەتنۇر ھاكىمنى نامزات قىلىپ
كۆرسىتەمدۇ، كۆرسەتمەمدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق!
بىزگە لازىملىقى ئاشۇ «سايلام ساندۇقى». ھەممە كارا-
مەت شۇنىڭ ئىچىدە. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى بىزدىن كىم
تارتىۋالالايدىكەن؟ ئوخلاپ چۈشى! ئاشۇ «سايلام ساندۇ-
قى»لا بولىدىكەن، مەتنۇر ھاكىم يەنىلا ھاكىم
بولۇۋېرىدۇ...

## 12. خاتىمە

ئاجايىپ ئىش. مەن مەتنۇر ھاكىمنى ئۆز كۆزۈم
بىلەن بىر كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغان ئىدىم. لېكىن،
ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ماڭا زادىلا نېسىپ بولمىدى.
خەلق قۇرۇلتىيى ئۇنى مۇتلەق كۆپچىلىك ئاۋاز بىلەن
ھاكىم قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە زالنى كۆتۈرۈ-
ۋەتكىدەك قىقاس - چۇقان ۋە ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان
چاغدا، ئۇ بىپايان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئىدى.
مەن ئۇنى ئىزدەپ قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا بارغىنىم-
دا، كىشىلەر ئۇنى تېخى تۈنۈگۈنلا ئاگرونوم مىجىتنى
كەينىگە سېلىپ روزىمەت تاغىنىڭ مەھەللىسىگە كەتتى
دېيىشتى. روزىمەت تاغىنىڭ بوستانلىقىغا بارغان كۈنۈم،
ئۇ، يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى بىر ئېلېكتر ئىستان-

نیمه؟ — دەپ سورایدۇ، کېیىنکی چاغلاردا مەن ئەتیاز-دا گېزىتکە چىقارغانلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىپ:

— هاسىلات نیمە، بولاتتی، چۆجە چوك بولۇۋاتىدۇ، كۆزلۈككە كۆرۈشەیلی، دەیدىغان بولدۇم.

— ئاقساقال شۇ گەپنى دەپ یاش یىگىتتەك هوزۇر-لىنىپ كۈلۈپ كەتتی ۋە یەنە:

— قانداق، دۇرۇس دەپتىمەنمۇ؟ — دېدی.

مەن بېشىمنی لىڭشىتتىم:

—سىلی زوزىمەت تاغا بولىدىكەنلا - دە.

ئاقساقال. تەمكىنلىك بىلەن ماڭا قاراپ قویدی:

— بۇنىڭغا ئاللا كەرىم ئۆزی گۇۋاھ. ئىنشائاللا روزىمەت ئاخۇن بولىمەن.

مەن ئەڭ قىزىقىۋاتقان بىر ئىشنی، پۇرسەتنی غەنىمەت بىلىپ مەتنۇر هاكىمنی تىلغا ئالدىم:

— روزىمەت تاغا، بۇ قېتىمقی قۇرۇلتایدا مەتنۇر هاكىمنىڭ قایتا سایلىنىشىدىن ئۈمىد بارمۇ؟...

روزىمەت تاغا« یالت» قىلىپ ماڭا بىر قارىۋېلىپ، بىردىنلا ئورۇنىدۇقنی ئاچىرلىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتی، ئىككی قېشی جۈپلىشىپ، پېشانىسىدا ئوتتۇرا بارماقتەك قاپارتما پەیدا بولدی، ئىككی قولی بىلەن سارجی تون ئىچىدىكی بەلباغنی قىسىپ تۇتۇپ، ئۆي ئىچىدە ئۇیاقتىن - بۇیاققا مېڭىپلا كەتتی. كۆزىدە قانداقتۇر غالىبلارچە بىر نۇر پارقىراپ تۇراتتی:

— ئۈمىد، نیمە ئۈمىدا قىزىق گەپ، ئۈمىد بول-مىسا بىز 497 نەپەر ۋەكىل بۇیەردە نیمە ئىش قىلىدىغان

本集选入了作者三部中篇小说。读者从中可以看到克拉玛依油田的最早发现者赛里木的艺术形象，并自然而然地对主人公的爱情遭遇产生同情，对封建婚姻关系产生无比的憎恨。同时还可以看到三中全会以来在工农业战线上所发生的巨大的变化。


بوغدا ئاتا

(پوۋېستلار)

ئاپتورى: قەييۇم تۇردى

مەسئۇل مۇھەررىرى: سېيىت زۇنۇن

مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787×1092 مم. 1/32. باسما تاۋىقى: 10.5625، قىستۇرما ۋارىقى: 1

1987 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى

1988 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: قاتتىق مۇقاۋىلىقى 1250 — 1

ئاددى مۇقاۋىلىقى 3700 — 1

---

ISBN7—5373—0038—0/I·15

كىتاب نومۇرى: 10264—88

باھاسى: ئاددى مۇقاۋىلىقى 0.80 يۈەن قاتتىق مۇقاۋىلىقى 1.50 يۈەن

سى قۇرۇلۇشىغا كېتىپتۇ... قىسقىسى «كېيىنى ئاللاڭىمەن، ئۆزىنى كۆرمەيمەن، ماڭغان قەدەم ئىزلىرى ئېنىق، بەستى - قامىتى نائېنىق» دېگەندەك بىر ئىش بولدى.

شۇنداق قىلىپ، مەتنۇر ھاكىم بىلەن دىدارلىشىشنى كېيىنكى قېتىمغا قالدۇرۇپ، تەخمىنەن ئون بەش كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتماق بولۇپ خوتەن ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدىم.

ئىش يەنىلا ئوڭدىن كەلدى. ئايرودرومدا گويا مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ھېچ ئويلىمىغان يەردىن پېشقەدەم پروفېسسور بىلەن ئالىمجان تۇراتتى.

ئالىمجان تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۈستىدە ماڭا قاراپ كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى. مەن پاسسازىر ئايروپىلانىغا بېلەت ئالغىنىمغا قارىماي، ئۇدۇل شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

ئالىمجان قىزغىنلىق بىلەن قولۇمدىن تارتىپ تۇرۇپ:

— مەن بىر نەرسىنى سوراي، چېك. ئېيتىڭا، مەتسايىت بىلەن تونسايىمنى كۆردىڭىزمۇ؟ روزىمەت تاغام تىمەن تۇرۇپتىمۇ، ھە، چېك، مەتنۇر ھاكىمنىچۇ؟ — دېدى.

پېشقەدەم پروفېسسورنىڭ تەقەززاسىغا جاۋابەن، ئايروپىلان كۆك ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەن ئالىمجانىنىڭ «ئاسماندىكى ھېكايىسى»نى داۋاملاشتۇرۇپ، روزىمەت تاغىنىڭ جۇشقۇن ھاياتى كۆچكە تولغان ئىگىلىكى — بىپايان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يېشىل مەرۋايىت توغرىسىدا ھېكايە قىلىشقا باشلىدىم...

1984 - يىل، ئۈرۈمچى.

本集选入了作者三部中篇小说·读者从中可以看到克拉玛依油田的最早发现者赛里木的艺术形象，并自然而然地对主人公的爱情遭遇产生同情，对封建婚姻关系产生无比的憎恨，同时还可以看到三中全会以来在工农业战线上所发生的巨大的变化·


博格达爷爷 （维吾尔文）

（中篇小说集）

柯由木·图尔迪著

责任编辑：赛依提·祖农

责任校对：白合提亚尔·阿布里米提

喀什维吾尔文出版社出版

新 疆 新 华 书 店 发 行

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本 10·5625印张 1插页

1987年7月第1版 1988年1月第1次印刷

印数：精装本1—1250
平装本1—3700

ISBN7—5373—0038—0/I·15

统一书号：M10264—88 定价：（精）1·50元 （平）0·80元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غەيرەت خالىق
قەستۇرما رەسىملەرنى ئىشلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى

ISBN7 — 5373 — 0038 — 0/I·15

نومۇرى: 88 — 10264 باھاسى: قاتتىق مۇقاۋىلىقى: 1·50 ئاددىي مۇقاۋىلىقى: 0·80 يۈەن